# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

新疆文化

2011

2

XINJIANG CULTURE • СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА • シンキョウ ブンカ

رنالالار سىپىي››دىكى نەشرىي ئەپكار
入选《中国期刊方
پاتى››غا ئېرىشكەن نەشرىي ئەپكار
荣获《新疆期刊



ياپونىيە «ئوتانا ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى» تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى قېزىپ ئېلىپ كەتكەن، مىلادىيە 8 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ دەپ قارىلىۋاتقان بۇ رەسىم ئانا دىيارىمىزنىڭ گۈزەل سەنئەت تارىخى، كىيىم ـ كېچەك تارىخى ۋە گىرىم ـ چىلىك تارىخىنى نامايان قىلىدىغان بىباھا يادىكارلىق ـ «ئىدىقۇت گۈزىلى»

ISSN 1008-6498



ئۇستاز ژۇرنالىست، شائىر، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشكىلاتچىسى
ئابلىمىت سادىق ئەپەندى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

(60 - يىل نەشرى)

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2011 - يىل 2 - سان
(ئومۇمىي 308 - سان)

باش مۇھەررىر (قوشۇمچە):
**زۇنۇن باقى**
(ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ
باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك مەمۇرى)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر،
تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى:
**بەگمەت يۈسۈپ**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

تەكلىپلىك گۈزەل سەنئەت
لايىھەلىگۈچى:
**نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن**
(ئەدەبىيات ماگىستىرى)


●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىباپلىق، ئوقۇشچانلىق●

# بۇ ساندا


**مەدەنىيەت ۋە تىنچلىق**

دۇنيادا قىلىچ قاچانمۇ ساپانغا ئايلاندۇرۇلار ................ ئەھمەتجان قاسىم 2

**ئەدەبىيات گۈلزارى**

مۇڭگۈزلۈك يىلان ............(ھېكايە) ............... مامبەت تۇردى 15

تېلېفون ...............(ھېكايە).........ئادىل يىلدىرىم 19

**ئوبزورچىلار مۇنبىرى**

«تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى»غا رەددىيە ........... يالقۇن روزى 28

«ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» ناملىق ماقالىغا تولۇقلىما .........
......... غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر 48

**تەرجىمە كۆزنىكى**

«تىلماچلار چايخانىسى»دىكى پاراڭلار ..........
... ........ ئارسلان ئابدۇللا قاتارلىقلار تەرجىمىسى 59

**مەدەنىيەت ۋە بازار**

مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسپلىرى ......... ئەكرەمجان ئەركىن 67

**دەيمۇ، دېمەيمۇ**

بىز دۈچ كەلگەن «دەۋر»لەر ............ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس 69



**بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: بەگمەت يۈسۈپ**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# دۇنيادا قىلىچ قاچانمۇ ساپانغا ئايلاندۇرۇلار

ئەھمەتجان قاسىم

ئادالەتتىن ئايرىلغان قوراللىق كۈچ مۇستەبىت ھېسابلىنىدۇ.

— پاسكال

«قىلىچنى ساپانغا ئۆزگەرتىش» ھەيكىلىنىڭ ب د ت باش ئىشتابى ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغىنىغا قىرىق نەچچە يىل بولدى. لېكىن تىنچلىق قوڭغۇرىقى پۈتۈن دۇنيادىكى تىنچلىققا تەلپۈنگۈچى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن چېلىنغىنى يوق. ئۇرۇش ۋە ئۆلۈم ھېلىمۇ ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنى ئاياغ ئاستى قىلماقتا. كەلگۈسى دۇنيادا مەڭگۈلۈك تىنچلىق ئەمەلگە ئاشامدۇ؟ قانداق قىلغاندا ھەقىقىي مەنىدىكى تىنچلىقنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ دېگەن سوئاللار تىنچلىققا ئىنتىلگۈچى ھەربىر كىشىدىن جاۋاب كۈتمەكتە.

## قىلىچ جەڭ قورالى قىلىنغان قەدىمكى زامان ئۇرۇشى

دۇنيادىكى ئەڭ بۇرۇنقى قىلىچنىڭ قاچان، قەيەردە، كىم تەرىپىدىن سوقۇلغانلىقى نامەلۇم. ئەمما ئۇنىڭ ئۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىقنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەنلىكى ھەممىگە ئايان. ئىپتىدائىي جەمئىيەت دۆلەت، سىنىپ، ئېزىش - ئېزىلىش بولمىغان باراۋەرلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان جەمئىيەت بولغانلىقى، ھەمدە ئەينى دەۋرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيەسى

**مەدەنىيەت ۋە تىنچلىق**

تۆۋەن، تۆمۈر ئېرىتىش تېخنىكىسى روياپقا چىقمىغانلىقى تۈپەيلى ئۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان قىلىچنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان ۋاقتىنى قۇللۇق جەمئىيەتتىن باشلاپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. ئىنسانىيەت قۇللۇق جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، قۇلدارلار خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى قوغداش، بايلىقلارنى تالان - تاراج قىلىش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز سىرتقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ باردى. بۇ جەرياندا قىلىچ ئاساسلىق جەڭ قورالى قىلىندى.

قىلىچ پەيدا بولغاندىن باشلاپ تاكى فېئوداللىق جەمئىيەت يىمىرىلگىچە جەڭلەردە غايەت زور رول ئوينىدى. مىلتىق ۋە توپ- زەمبىرەكلەر كەشىپ قىلىنىشتىن بۇرۇن قىلىچ ئاساسلىق جەڭ قورالى بولۇپ كەلدى. قەدىمكى يايلاق ئىمپېرىيەلىرىنىڭ ئىستېلاچىلىق ئۇرۇشلىرىدا، رىتسارلارنىڭ قۇللۇق جەمئىيەت ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، فېئوداللىق جەمئىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىشتا قىلىچنىڭ رولى تەڭداشسىز بولدى.

بىراق، ئۇ بارلىققا كەلگەندىن بۇيان، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئاددىي خەلق ئۈستىدىن زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشى، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىنىڭ قورالىغا؛ قارا نىيەت پادىشاھلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكى، تاجاۋۇزچىلىقىنىڭ ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇ نۇرغۇن بىگۇناھلارنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن

جۇدا قىلدى؛ سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ قانلىرىنىڭ ناھەق تۆكۈلۈشىگە سەۋەب بولدى. قىلىچ جەڭلەردە تۇنجى قېتىم ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، ئىنسانلار ئۇنىڭ ياغاچ ۋە تاش قوراللاردىن قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، تىنچ كۈنلەردە ئۇنى جەڭ تەييارلىقى ئۈچۈن ھازىرلايدىغان بولدى. ھۆكۈمرانلار جەڭ ئۈچۈن ئەسكەرلەرنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، دائىمىي ئارمىيە ساقلايدىغان بولدى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇرۇشنى تېخىمۇ كەتسلا پارتلايدىغان پورۇخقا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

قىلىچ پەيدا بولغاندىن بېرى ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كەلگەن زىيىنى پايدىسىدىن كۆپ بولدى. بۇنىڭلىق بىلەن بارچە ئەيىبنى قىلىچقا قويۇشقا بولمايدۇ. ماھىيەتتە قىلىچتا ھېچقانداق گۇناھ يوق. ئادەملەرنىڭ تويماس نەپس - خاھىشى قىلىچنى بارلىققا كەلتۈردى ۋە ئۆز ئىرادىسى، خاھىشى بويىچە ئۇنى خىزمەت قىلدۇردى.

ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ئۇرۇش قىلىچنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىنسانلار قەدىمدىن تارتىپ ئۆز ئارا ئىناق - ئىتتىپاق، باراۋەر ئۆتكەن بولسا، ئۇرۇشمۇ كېلىپ چىقمايتتى. ئۇرۇش يۈز بەرمىگىنىدە قىلىچقىمۇ ھاجەت چۈشمەيتتى. ئىنسانلار قەدىمدىن بۇيان پالتىدىن ياغاچ كېسىش، كەتمەندىن دېھقانچىلىق قىلىش ئۈچۈن پايدىلانغىنىدەك قىلىچتىن ئۇرۇش ئۈچۈن پايدىلاندى. گەرچە قىلىچلارنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى، شەكلى ۋە ياسىلىشىدا پەرق بولغىنى بىلەن قان تۆكۈشتىن ئىبارەت رولىدا پەرق يوق ئىدى. قەدىمدە كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيەسى ئىمكانىيەت بەرگەن دائىرىدە قىلىچنىڭ قاتتىقلىقى ۋە چىدامچانلىقىنى ئاشۇردى. ئەمما قىلىچنى قايسى خىل تەرزدە ئۆزگەرتمىسۇن ئۇ بەربىر قىلىچ ئىدى. ئۇنىڭ ھالىتىدىكى ئۆزگىرىش قانچىلىك چوڭ بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئىنسانلارغا زىيانكەشلىك قىلىشىدا ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمايتتى. ئەمما، تارىخ چاقى ئايلىنىپ ئىنسانلار ئوتتۇرا ئەسىرگە قەدەم قويۇشى بىلەن قىلىچنىڭ ئورنىنى مىلتىق ئىگىلىدى. بولۇپمۇ تارىخ يېقىنقى زامانغا قەدەم قويۇشى بىلەن، مىلتىقنىڭ ئۆزگەرتىلىشى ۋە يېڭىلىنىشى قىلىچ پەيدا بولغان نەچچە مىڭ يىلدىكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. ئىنسانلار قىلىچنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ زىيانكەشلىك قىلىش ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، رەقىبىنى يېڭىپ ئۈستۈنلۈك قازىنىش چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغىنى بىلەن، مىلتىققا كەلگەندە ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن نەچچە يۈز، نەچچە مىڭ ھەسسە ئاشۇرۇۋەتتى. مىلتىق پەيدا بولغاندىن كېيىنكى قوراللارنىڭ يېڭىلىنىشى تېز، زىيانكەشلىك كۈچىمۇ كۈنسايىن ئېشىپ باردى. نەتىجىدە ئىنسانلار قىلىچ ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئارزۇسىنى مىلتىقتىن پايدىلىنىپ ئەمەلگە ئاشۇردى. جەڭلەردە مىلتىق تەدرىجىي قىلىچنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، ئاخىرىدا قىلىچنى شاللاپ چىقاردى. قىلىچنىڭ جەڭلەردە ئىشلىتىلىشتىن قېلىشى ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىق دەۋرىدىن بېشارەت بەرمەستىن، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ ئۇرۇش تۈپەيلى تۆلەيدىغان بەدىلى ۋە زىيىنىنىڭ تېخىمۇ چوڭ بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

## مىلتىق جەڭ قورالى قىلىنغان يېقىنقى زامان ئۇرۇشى

قىلىچ تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىنى مىلتىق ئىگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشنىڭ زىيانكەشلىك ۋە ئېچىنىشلىق دەرىجىسى قىلىچ جەڭ قورالى قىلىنغان دەۋرلەردىكىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتتى. مىلتىقنىڭ جەڭ قورالى قىلىنىشى بىلەن ئۇرۇشنىڭ ھالىتىدە مۇنداق ئىككى خىل ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. بىرسى، ئۇرۇشتا يېڭىش - يېڭىلىش تېز ئايرىلىپ، ئۇرۇشنىڭ ۋاقتى قىسقىراش؛ يەنە بىرسى ئۇرۇش ئۇزۇن داۋاملىشىش، زىيانكەشلىكى تېخىمۇ چوڭىيىش.

ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ كۈچى تەڭپۇڭ بولغاندا، تەبىئىي ھالدا ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلدى. بىر تەرەپ ئىككىنچى بىر تەرەپتىن كۈچلۈك بولغاندا ئۇرۇش تېز ئاخىرلاشتى. ئىنسانىيەت تارىخىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلارغا نەزەر سالغىنىمىزدا شۇنى بىلەلەيمىزكى، ئەڭ قىسقا بولغان ئۇرۇشلارمۇ بىر نەچچە يىل، ئەڭ ئۇزۇنى يۈز يىللار داۋام ئەتكەن. ئەڭ قىسقا داۋام قىلغان ئۇرۇشنىڭ تەسىرىمۇ ئۇرۇش قىلغان ئەللەردە ئۇزۇنغىچە يوقالمىغان. مىلتىق جەڭ قورالى قىلىنغاندىن بۇيانقى تارىخقا نەزەر سالغىنىمىزدا شۇنى بىلەلەيمىزكى، ۋاقتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلار ھامان ۋاقتى قىسقا بولغان ئۇرۇشلاردىن كۆپ بولغان. ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپىتى قىلىچ جەڭ قورالى قىلىنغان ھەرقانداق ئۇرۇشتىن ئېچىنىشلىق بولغان. ئۇرۇش ۋاقتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشقا ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيەنىڭ 100 يىللىق ئۇرۇشى مىسال بولالايدۇ. ئۇرۇشنىڭ ئېچىنىشلىق دەرىجىسىگە 1- دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، 1916 - يىلى گېرمانىيە بىلەن فرانسىيە ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن «ۋېردېندىكى گۆش قىيمىچىلىقى» دەپ سۈپەتلەنگەن ئۇرۇشنى مىسال كەلتۈرۈش كۇپايە. شۇ بىر قېتىمقى ئۇرۇشتا گېرمانىيە ۋە فرانسىيە ئىككى تەرەپتىن ئۆلگەن ۋە يارىلانغانلار سانى 700 مىڭدىن ئاشقان. ئۇرۇشنىڭ ئېچىنىشلىق دەرىجىسىنى تەسەۋۋۇر قىلماقمۇ تەس.

ئىنسانلارنىڭ قىلىچنى ئاپىرىدە قىلىشى بىر خاتالىق بولغان

www.uyghurkitap.com

بولسا ، ملتىقنى ئاپىرىدە قىلىشى ئۇنىڭدىن ئۆتە خاتالىق بولدى . قىلىچ ۋە ملتىقنى بىرخىل مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىسى دېگەندىن كۆرە ئاپەتنىڭ بەلگىسى دېگەن تۇزۇك. ئىنسانلار ياراتقان كەشپىياتلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بولمىغان . قىلىچ ۋە ملتىق ئەنە شۇنداق زىيانلىق كەشپىياتلارنىڭ بىرى .

قىلىچ ۋە ملتىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانلارنىڭ تىنچلىققا كاپالەتلىك قىلغانلىقى بولماستىن، بەلكى، دۇنياغا تىنچسىزلىق ئۇرۇقىنى چاچقانلىقىدۇر. ئىنسانلار مەيلى قەدىمدە ياكى ھازىر بولسۇن جەڭ قورالىنى ئۆزىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى، ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە تىنچلىقىنى قوغداشنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى قىلىپ كەلدى . قورالدىن ئۆزگە تىنچلىققا كاپالەتلىك قىلىش ۋاستىسى ئۈستىدە ئىزدەنمىدى ياكى ئىزدىنىشى مەغلۇپ بولدى . ئەمەلىيەتتە ، ئىنسانلار قورالدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرى ئىنتىلگەن تىنچلىققا ئېرىشەلمىدى. ئەكسىچە قورال تىنچلىقنى تېخىمۇ يىراقلارغا ئېلىپ كەتتى . قۇرالنىڭ ئىنسانىيەتكە تىنچ ـ ئاسايىشلىق، بەختەرلىك ۋە بەخت ئېلىپ كېلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئەمما، ئىنسانلار خاتا ھالدا ئۇنىڭغا ئۈمىد باغلىدى . ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان ئەل ئۆز غەلىبىسىنى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ئىگە بولغان قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورىنىڭ سانى، سۈپەت ـ سەۋىيەسى ۋە ئىقتىدارى قاتارلىق ھەربىي ئامىللاردىن كۆردى. ئوخشاشلا ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان ئەلمۇ ئۆز مەغلۇبىيىتىنى ئۆزلىرى ئىگە بولغان ھەربىي كۈچىنىڭ ئاجىزلىقىدىن كۆردى. نەتىجىدە دۇنيا مىقياسىدا ئىستراتېگىيەلىك قوراللار «مۇسابىقىسى» باشلىنىپ كەتتى. بۇ «مۇسابىقە» ئەڭ ئالدى بىلەن 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا باشلاندى. بۇنىڭ ئاقىۋىتى 1ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاش بىلەن نەتىجىلەندى. ئىنسانلار 1ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئالمىدى . 1ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنمۇ بۇخىل «مۇسابىقە» يەنىلا داۋام قىلدى. نەتىجىدە بۇ 2ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى بولۇپ قالدى. دۇنيا مىقياسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك قوراللار «مۇسابىقىسى»نى 2ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋايىغا يەتكۈزدى . ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ، قىتئەلەر ئارا ئۇچىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار ۋە ئەمەلگە ئاشمىغان « پىلانېتلار ئارا ئۇرۇش پىلانى » مۇ مەيدانغا كەلدى. ئۇرۇش قوراللىرىنىڭ تېخنىكىلىق تەلىپىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ زىيانكەشلىك دەرىجىسىمۇ ماس قەدەمدە ئۆسۈپ باردى . 1991ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىغا خاتىمە بېرىلگەن بولسىمۇ، ئىستراتېگىيەلىك قوراللار «مۇسابىقىسى»نىڭ قارا كۆلەڭگىسى تېخى تولۇق تارالغىنى يوق. ئىلگىرى بۇ «مۇسابىقە»گە قاتناشمىغان، ئەمەلىيەتتىن باش كۆتۈرۈۋاتقان دۆلەتلەر ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا ئۇرۇشقا بېشچىلاپ كىرىپ كېتىۋاتىدۇ . ئۇلار ئۆز دۆلىتىنىڭ يىللىق كىرىمىنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ھەربىي قوراللارنى تەتقىق قىلىش، ياساش ۋە چەت ئەلدىن قورال سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىۋاتىدۇ. ھەربىي ئىشلارغا سېلىنغان مەبلەغ مائارىپقا سېلىنغان مەبلەغدىن كۆپ بولسا بولىدىكى ئاز بولمايۋاتىدۇ . بۇخىل ئەھۋال مۇنداق ئىككى يۈزلىنىشتىن دېرەك بېرىدۇ : بىرسى، دۇنيا گەرچە نىسپىي تىنچ بولسىمۇ ئۇرۇش خەۋپىنىڭ ھەرقاچان مەۋجۇتلۇقى؛ يەنە بىرسى، كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشنىڭ ئېچىنىشلىق دەرىجىسىنىڭ تېخىمۇ چوڭ بولىدىغانلىقى .

«سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» مەزگىلىدە، ئىستراتېگىيەلىك قوراللار «مۇسابىقىسى» ئاساسەن ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان بولسا، «سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» دىن كېيىن پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ . دۇنيادا يادرو قورالى تەھدىتىدىن خالىي بىرمۇ دۆلەت يوق . شۇنداقلا يادرو بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان بىرمۇ تەشكىلات يوق .

تارىخقا نەزەر سالساق: «1999 ـ يىلى 24 ـ مارت ش ئا ئە ت سېربىيە كوسوۋودا ئىرقىي تازىلاش ئېلىپ باردى، دېگەننى باھانە قىلىپ، ئەينى چاغدىكى يوگوسلاۋىيە ئىتتىپاقىنى 78كۈن بومباردىمان قىلىپ، 3500 كىشىنىڭ قازا قىلىشىغا، 12 مىڭ 500دىن ئارتۇق كىشىنىڭ يارىلىنىشىغا، ئاز دېگەندىمۇ 30 مىليارد دوللارلىق مال ـ مۈلۈك زىيىنىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان.» [1]

1999 ـ يىلدىكى كوسوۋو ئۇرۇشىدىن كېيىن، ب د ت نىڭ دۇنيا بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتىكى رولىنىڭ ئاجىزلىقى تەدرىجىي ئاشكارىلاندى. چۈنكى، ئامېرىكا ب د ت نىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزمەيلا «كىشىلىك ھوقۇق ئىگىلىك ھوقۇقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ» دېگەن باھانە بىلەن ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت يوگوسلاۋىيەگە تاجاۋۇز قىلدى. بۇ چاغدا ب د ت ئېتىراز بىلدۈرۈپ ئۈنۈمسىز باياناتتىن بىرنى ئېلان قىلىپلا، سۈكۈت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئامېرىكا ئىككىنچى قەدەمدە يەنە ب د ت نىڭ قارارىدىن ئۆتكۈزمەيلا ئىراق ۋە ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ، ب د ت نى ئۇ قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ خىرىسقا دۇچار قىلدى. شۇ سەۋەبتىن بۈگۈنكى كۈندە، مەيلى كۈچلۈك ياكى ئاجىز دۆلەتلەر بولسۇن ئۆز بىخەتەرلىكىنى قورال ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدى .

مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئىران ۋە چاۋشيەنگە ئوخشاش ئىقتىسادى بىر قەدەر ئاجىز دۆلەتلەرمۇ بار كۈچى بىلەن يادرو قورالىغا ئىگە بولۇش كويىدا يۈرمەكتە . چاۋشيەننىڭ يادرو مەسىلىسى ھەققىدە بىر قانچە قېتىم «ئالتە تەرەپ سۆھبىتى» ئۆتكۈزۈلدى. «ئالتە تەرەپ سۆھبىتى» ئەمەس ، ئاتمىش تەرەپ سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلگەن تەقدىردىمۇ چاۋشيەن يادرو مەسىلىسىنىڭ تولۇق ۋە ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىنىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكىنىڭ يوقلىقىنى رېئاللىق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ . چۈنكى، چاۋشيەن تارىختا ياپونىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچراپ، دۆلىتى مۇستەملىكە قىلىنغان. ئىقتىسادى كۈنسايىن روناق تېپىۋاتقان كورېيەمۇ چاۋشيەنلىكلەر نەزىرىدە ياپونىيەگە ئوخشاشلا تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان دۆلەت.

ئىران ئامېرىكىنىڭ بىرقانچە قېتىملىق ئىقتىسادىي جازاسىغا ئۇچرىغان ۋە يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئىقتىسادىي جازاغا دۇچ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا يادرو قورالىغا ئىگە بولۇشتىن ۋاز كەچمەيۋاتىدۇ. ئىران يادرو ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىمىز بار دەپ تۇرۇپ، يادروغا كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ئىشلەپچىقىرىۋاتىدۇ. ئەمما، يادرو قورالىنى تۈنجى بولۇپ ياسىغان ئامېرىكىغا ئايانكى ، يادرو ئېنېرگىيەسى ئۈچۈن تەييارلانغان بۇ ماتېرىياللار ئۆز نۆۋىتىدە يادرو قورالىنىڭمۇ ماتېرىيالى بولۇپ، ناۋادا يېتەرلىك دەرىجىدە تەييارلانسا ئىراننىڭ يادرو قورالى ياسىۋېلىش مۇمكىنچىلىكى بار ئىدى. ناۋادا ئىران يادرو قورالىغا ئىگە بولسا، ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچراپلا قالماستىن، ئىسرائىلىيەنىڭ بىخەتەرلىكىمۇ تەھدىتكە ئۇچرايدۇ . شۇڭا ئامېرىكا بار كۈچى بىلەن ئىراننىڭ يادرو قورالىغا ئىگە بولۇش يوللىرىنى توسۇماقتا .

ئامېرىكا چاۋشيەن بىلەن بولغان ئالتە تەرەپ سۆھبىتى ئارقىلىق ئېرىشكەن رامكا كېلىشىملىرىگىمۇ تازا ئىشەنچ قىلالمىدى. بۇنىڭ پاكىتى شۇكى، «ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ئوباما 2010 - يىلى 5 - ئاپرېل ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ يادرو ئىستراتېگىيەسىنى قايتىدىن تۈزۈپ، ‹يادرو قورالى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىۋەتمەسلىك شەرتنامىسى ›گە ئەمەل قىلغان يادرو قورالى يوق دۆلەتلەرگە يادرو قورالى ئىشلەتمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. ئوباما يەنە: ‹يادرو قورالى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىۋەتمەسلىك شەرتنامىسى›گە خىلاپلىق قىلغان ياكى ئۇنىڭدىن چېكىنىپ چىققان ئىران، چاۋشيەن قاتارلىق دۆلەتلەر ‹ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يادرو قورالى ئىشلەتمەيمىز، دەپ ۋەدە قىلغان ئوبيېكتلار قاتارىغا كىرمەيدۇ› غانلىقىنى ئەسكەرتىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. » [2] بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىران ۋە چاۋشيەننىڭ ئامېرىكا بىلەن بولغان قارشىلىشىش ۋە يادرو قورالىغا ئىگە بولۇش نىيىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ .

يادرو قورالىغا ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان دۆلەتلەر يالغۇز ئىران ۋە چاۋشيەنلا ئەمەس . نۆۋەتتە دۇنيادا يادرو قورالىغا ئىگە دۆلەتتىن 8 ى بولۇپ ، ئۇنىڭدىن باشقا دۆلەتلەرمۇ يادرو قورالىغا ئىگە بولۇشنى ، دۆلەت بىخەتەرلىكىنىڭ كاپالىتى قىلىشنى ئويلاشمايدىغان بىرىمۇ يوق. ئەمما، يادرو قورالىغا كېتىدىغان ئىقتىساد، تېخنىكا ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بېسىمى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ يادرو قورالىغا ئىگە بولۇشنى چەكلەپ تۇرغان ئاساسلىق ئامىل. ئەمما، ھازىر يادرو قورالى يوق دۆلەتلەرنى مەڭگۈ بولمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ .

20 - ئەسىردە ئىنسانلار ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنى بېشىدىن كەچۈردى. ئىنسانلار بۇ ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ ئىنسانىيەتكە كەلتۈرگەن زىيىنىنى ئېنىق تونۇپ، بار ئاماللار بىلەن ئۇرۇشتىن ساقلىنىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ئىنسانلارنىڭ ئۇرۇشتىن ئالغان ئىبرىتى ئۇنىڭ تەجرىبە - ساۋىقىغا يەتمىدى. بەزى ئەللەر بۇ ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتىن ئىبرەت ئېلىش ئورنىغا «ئۆرنەك» ئالدى. ئۇرۇش ئۈچۈن قانداق قوراللارنى ھازىرلاش، قانداق مۇداپىئە كۆرۈش ۋە قانداق ھۇجۇم قىلىشنى ئۆگەندى. ھەربىي ھازىرلىقلار قايسى سۆز بىلەن سۆپەتلەنمىسۇن، تەييارلانغان قوراللار ئۇرۇشتا ئىشلىتىش ئۈچۈندۇر. يەنە بەزى ئەللەر ئۇرۇشنى ئۇرۇش بىلەن، قورالنى قورال بىلەن بويسۇندۇرماقچى بولۇشتى. قورال قانچىلىك ئىلغار بولمىسۇن ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىقى ۋە بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلالمايدۇ . قەدىمدە كاپالەتلىك قىلالمىغان، ھازىرمۇ قىلالمايۋاتىدۇ، كەلگۈسىدە ھەم قىلالمايدۇ. تارىختا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئىنسانلار تۈرلۈك مەقسەتلەردە ئىتتىپاق- گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇشتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى تاجاۋۇزچىلىق، مۇستەملىكە ئىگىلەش مەقسىتىدە قۇرۇلغان بولسا ، بەزىلىرى دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ۋە ئىنسانىيەتكە بەخت ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن قۇرۇلدى. 1- دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى قۇرۇلغان ئىتتىپاقداش دۆلەت ۋە ئانتانتا دۆلەتلەر؛ 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى قۇرۇلغان«بېرلىن- رىم- توكيو ئوق مەركىزى» دۆلەتلىرى ئەنە شۇنداق تاجاۋۇزچىلىقنى مەقسەت قىلىپ قۇرۇلغان ئىتتىپاقلار جۈملىسىگە كىرىدۇ. 2- دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە قۇرۇلغان «فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاق» ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن قۇرۇلغان «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى» بولسا دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش مەقسىتىدە قۇرۇلغان تەشكىلاتلار جۈملىسىگە كىرىدۇ .

«بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى» ئۆز خارتىيەسىدە

«دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداش» نى مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلالمىدى. ئۇ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە چوڭ دۆلەتلەرنىڭ دۇنياغا زومىگەرلىك قىلىشىنىڭ قورالىغا ئايلاندى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن گەرچە دۇنياۋى كۆلەملىك چوڭ ئۇرۇشلار يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ كىچىك كۆلەملىك ئۇرۇشلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى» ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ بۇ ئۇرۇشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ.

## يادرو قورالىنىڭ ئۇرۇشتا ئىشلىتىلىشى

پەن ـ تېخنىكىدىكى ھەر قېتىملىق يۈكسىلىش ماس قەدەمدە ئۇرۇش قوراللىرىنىڭ يېڭىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. گەرچە پەن ـ تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش نوقۇل ئۇرۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن بولمىسىمۇ، ئەمما، ئىنسانلارنىڭ تىنچلىق، تەرەققىيات ۋە باشقا ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن تېخنىكا ۋە كەشپىياتلار ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇرۇش ئىشلىرىغا تەتبىقلىنىشتىن خالىي بولالمىدى. ئۇرۇش قوراللىرىنىڭ تەرەققىياتى ھامان پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بىلەن ماس قەدەمنى ساقلاپ كەلدى.

ئۇرۇش قوراللىرى بىر قەدەم تەرەققىي قىلسا، ئىنسانىيەتنىڭ قايغۇسى مىڭ ھەسسە ئېشىپ باردى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇرۇش قوراللىرىنىڭ يېڭىلىنىشى ۋە ئىقتىدارى تارىختىكى ھەرقانداق دەۋردىن ئېشىپ كەتتى. ئەمما، ئىنسانلار مەيلى ئۇرۇش دەۋرى ياكى تىنچلىق دەۋردە بولسۇن ھەربىي قورال ـ ياراغلارنى تەتقىق قىلىش، يېڭىلاش ۋە ياساشنى توختاتقىنى يوق. ھەر قېتىمقى ئۇرۇشتا بىر ياكى بىرقانچىدىن يېڭى قورال ئىشلىتىلىپ تۇردى. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا تانكا ئۇرۇشتا ئىشلىتىلگەن بولسا، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا تانكىغا قوشۇلۇپ ئايروپىلان ئىشلىتىلدى ھەمدە ئۇرۇشنىڭ ئاخىرىدا بۇزغۇنچىلىقى غايەت زور بولغان ئاتوم بومبىسى ئىشلىتىلدى. ئۇ دەۋرلەردە ۋودورود بومبىسى ۋە نېيترون بومبىلار تېخى بارلىققا كەلمىگەن ئىدى. بۇندىن كېيىن ۋودورود بومبىسى، نېيترون بومبىسى ۋە يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن، نامى ئۇخشاش، ئىقتىدارى يۇقىرى قوراللارنى ئىشلىتىلمەيدۇ، دەپ ھېچكىم ھۆددە قىلالمايدۇ. ئۇرۇش قوراللىرىنىڭ ئىقتىدارىنىڭ ئېشىپ بېرىشى ئۇنىڭ بۇزغۇنچىلىق دەرىجىسىنىڭ ئاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ نۇقتىنى سىياسىيونلار چۈشەنمىگەن، بىلمىگەن يەردە ئەمەس، ئۇلارمۇ ئالللبۇرۇن بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل باشلىقلىرىنىڭ ئۇيلىشىدىغىنى قانداق قىلىپ ئۆزلىرى ئىگە بولغان ۋە بولىدىغان ھەربىي قوراللارنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش بولدى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىر مەيدان ھەربىي ھازىرلىقلار «مۇسابىقىسى»گە تۈرتكە بولدى.

قورال بولىدىكەن تەبئىي ھالدا ئىشلىتىش بولىدۇ. ئەمما، دۇنيادىكى ئىلغار قوراللارنى تەتقىق قىلىۋاتقان، ياساۋاتقان ۋە سېتىۋېلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇخىل ھەربىي ھازىرلىقلارنىڭ « دۆلىتىنىڭ بىخەتەرلىكى، ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى، ئالدىراپ ئىشلەتمەيدىغانلىقى» نى قەيت قىلىشىدۇ. ھالبۇكى، گېزى كەلسە قورالغا ئىگە دۆلەتلەر ھېچنەرسىگە قارىماي ئىشلىتىشتىن مۇستەسنا بولالمايدۇ. تارىخ بۇ نۇقتىنى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ئالللبۇرۇن ئىسپاتلاپ بولغان. يەنە ئىسپاتلاشنى كۈتۈشنىڭ ئۆزى ئەخمەقلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

1942 ـ يىلى ئامېرىكا «مانخاتتون پىلانى» ئارقىلىق ئاتوم بومبىسى ياساشنى قارار قىلغاندا، ئۇنى ياپونىيەگە ئىشلىتىش مۇددىئاسى يوق ئىدى. ناۋادا ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ گېرمانىيە ياپونىيەدىنمۇ بەكرەك نىشان ئىدى. ھالبۇكى، ئاتوم بومبىسى گېرمانىيەگە ئەمەس ياپونىيەگە ئىشلىتىلدى. «1945 ـ يىلى 6 ـ ۋە 9 ـ ئاۋغۇست ئامېرىكا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ياپونىيەنىڭ خىروسىما ۋە ناگاساكى شەھەرلىرىگە ئىككى ئاتوم بومبىسى تاشلىدى. بۇ قېتىمقى پارتلاشتا خىروسىمادىكى 245 مىڭ ئادەمدىن ئۆلگەن، يارىلانغان، غايىب بولغانلار 200 مىڭدىن ئاشقان. ناگاساكىدىكى 230 مىڭ ئادەمدىن ئۆلگەن، يارىلانغان، غايىب بولغانلار 150 مىڭدىن ئاشقان. ئىككى شەھەرنىڭ ۋەيران بولۇش دەرىجىسى% 60~80% گە يەتكەن.»[3] ئامېرىكا ئەينى مەزگىلدە « مانخاتتون پىلانى» ئارقىلىق ئۈچ ئاتوم بومبىسى ياسىغان. بىرىنى سىناق قىلىشقا ئىشلەتكەن بولسا، قالغان ئىككىسىنى ياپونىيەگە تاشلىغان. ياپونىيە يادرو قورالى ئاپىرىدە بولغاندىن بېرى، تۇنجى قېتىم يادرو قورالى ئىشلىتىلگەن دۆلەت. ئەمما ئۇنى ئەڭ ئاخىرقى دۆلەت دېيىشكە تېخى بالدۇر. شۇنىڭدىن تارتىپ يادرو ئۇرۇشىنىڭ تەھدىتى ئىنسانىيەتنىڭ ئالدىغا قويۇلدى.

1949 ـ يىلى سېنتەبىردە سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ئاتوم بومبىسىنى ياسىدى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىنىڭ يادرو مونوپولىيەسى بۇزۇلۇپ تاشلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپ يادرو ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇردى. «1952 ـ يىلى 31 ـ ئۆكتەبىر، ئامېرىكا تىنچ ئوكياندىكى يىلجابېل ئارىلىدا ھىدروگېن بومبىسىنى تۇنجى قېتىم سىناق قىلىپ پارتلاتتى. ئۇنىڭ قۇدرىتى 10 مىليون 400

مىلى تونىنا پارتلىتىش دورىسىغا باراۋەر كېلىدۇ . 1961 ـ يىلى 30 ـ ئۆكتەبىر، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى يېڭى يەر ئارىلىدىكى 4000 مېتىر هاۋا بوشلۇقىدا ئېكۋىۋالېنتى 58 مىليون تونىنا بولغان بىر ھىدروگېن بومبىسىنى پارتلاتتى. بومبىنىڭ ئېغىرلىقى 10 تونىنا ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ بىر قېتىملىق يادرو پارتلىتىشى ھېسابلىنىدۇ .» [4]

«ئاتوم بومبىسى، ھىدروگېن بومبىسى قاتارلىق يادرو قوراللىرى ئارقا ـ ئارقىدىن دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، ئامېرىكا 1977 ـ يىلى ئىيۇندا، نېيترون بومبىسىنى تەتقىق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ خىل يېڭى تىپتىكى قورال ئۈچىنچى ئەۋلاد يادرو قورالى دەپ ئاتالدى. نېيترون بومبىنىڭ ئىمارەت ، قاتناش قورالى ۋە جەڭ ئەسلىھەلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئىقتىدارى كىچىكرەك . كۈچلۈك نېيترون ئېقىمى ئاساسەن ئىمارەت ، قاتناش قورالى ۋە جەڭ ئەسلىھەلىرى ئىچىدىكى ئادەملەرگە تالاپەت يەتكۈزىدۇ . ئادەم بەدىنى ئۇچرىغان نېيترون رادىياتسىيەسى مۇئەييەن مىقدارغا يەتكەندە، ئادەم قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىدۇ ياكى ئۆلىدۇ . » [5]

ئىنسانلار يەنە بۇزغۇنچىلىق كۈچى زور بولغان بىيولوگىيەلىك قوراللار، يوشۇرۇن قويۇپ بېرىلىدىغان بومبا ۋە قىنتەلەر ئارا قويۇپ بېرىلىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارنى ياسىدى ھەمدە تېز سۈرئەتتە ئالەم بوشلۇقى يۆنىلىشىگە قاراپ راۋاجلاندى . ئىستراتېگىيەلىك يادرو قوراللارنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىشى ، يادرو زەربىسى ئىقتىدارىنىڭ ئۇچقاندەك ئېشىشى ھەمدە ھاۋا بوشلۇقى ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ ، پۈتكۈل ئىنسانلار ئورتاق يوقىلىشتىن ئىبارەت ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كەلدى .

ئالىملار، ھەربىيشۇناسلار كەلگۈسى ئۇرۇشلارنى مۇنداق قىياس قىلماقتا: « 21 ـ ئەسىردىكى ئۇرۇشلار ئىلغار قوراللار مۇسابىقىسى ۋە كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ. كەلگۈسى ئۇرۇشلاردا يەتتە چوڭ ئىلغار قورال ئۇرۇش مەيدانىدا دەۋر سۈرىدۇ. ئۇلار: لازېرلىق قوراللار، كۆرۈنمەس قوراللار، بىر ئەسكەرلىك ھۇجۇم قىلىش ـ قوغدىنىش قوراللىرى، مىكرو دولقۇنلۇق قوراللار ، نامى قوراللار، ئۇچۇر قوراللىرى ۋە ئادەمسىز قوراللار » قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە، ئىنسانلار ياسىغان، بۈگۈنگىچە بار بولغان قوراللاردىن پايدىلىنىپ يەر شارىنى بىر نەچچە قېتىم كۆمپەيكۇم قىلىۋەتكىلى بولىدىكەن. ئىنسانىيەت دۇنياسى بۇنچىۋالا قورالغا ھاجەت ئەمەس ئىدى. بۇ پۈتۈنلەي ئىنسانلاردىكى ئۇرۇش تەشۋىشىنىڭ تىنچلىقتا بولغان ئۈمىدى ۋە ئىشەنچىسىدىن غالىب كەلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى .

«سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى» دىن كېيىن، يادرو قوراللار ئوتتۇرا ۋە كىچىك دۆلەتلەرگە كېڭىيىشتەك ۋەزىيەت مەيدانغا كېلىپ، خەلقئارا جەمئىيەت كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان رېئال تەھدىتكە دۇچ كەلدى. ھازىرقى ئادەتتىكى ئۇرۇشلارمۇ كىشىنى چۆچۈتكىدەك دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق رول ئوينىماقتا. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ، ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، پۈتكۈل ئادەتتىكى قوراللار سىستېمىسىدىمۇ سۈپەت خاراكتېرلىك سەكرەش يۈز بەردى. بەزى قوراللارنىڭ بۇزغۇنچىلىق، ئۆلتۈرۈش ۋە يارىدار قىلىش كۈچى كىچىك تىپتىكى يادرو قوراللىرىغا يېقىنلىشىپ قالدى . ئادەتتىكى ئۇرۇشلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق كۈچىنىڭ قانچىلىكلىكى پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا تولۇق ئىسپاتلاندى. شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئۆلگەن ۋە يارىلانغانلارنىڭ سانى نەچچە تۈمەنگە يەتتى ھەمدە پارس قولتۇقى رايونىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە مۇھىت بۇلغىنىشى ۋە ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ زىيىنى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرگىچە داۋام قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي سانائەتكە سالغان مەبلىغى يىلسايىن كۆپەيمەكتە. ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ئىلغار ۋە زامانىۋى قوراللارنى ياساش پىلانىنى تۈزۈشمەكتە.

1942 ـ يىلى ئامېرىكا «مانخاتتون پىلانى» ئارقىلىق ئۈچ ئاتوم بومبا ياسىشقا 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم، ئۈچ يىل ۋاقىت ۋە 20 مىليون دوللار كەتكەن. ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن ھەركۈنى نەچچە مىليون دوللار مەبلەغ سېلىپ قورال ـ ياراق، ياسايدۇ، ئۇرۇش قىلىدۇ ـ يۇ، تېببىي ئىلىم تەتقىقاتى، نامراتلارنى يۆلەش ۋە ئىنسانلارغا پايدىلىق ئىشلارغا مەبلەغ سالمايدۇ ؟ نېمە ئۈچۈن بەزىلەر ئاچارچىلىقتىن بىر بۇردا نانغا زار ـ يۇ، دۇنيانىڭ جاي ـ جايلىرىدا ئۇرۇش تۈپەيلى ماددىي بايلىقلار خورايدۇ؟ سوئاللار جاۋابسىز، خۇددى سىياسىيونلارنىڭ سىياسىي مەقسەتلىرى ئۈچۈن تەندىن ئايرىلىپ، دالالاردا قېلىپ ئۇنتۇلغان باشتەك. دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل باشلىقلىرىنىڭ ئويلىشىدىغىنى قانداق قىلىپ ئۆزلىرى ئىگە بولغان ۋە بولىدىغان ھەربىي قوراللارنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش بولماستىن. بەلكى ، قانداق قىلىپ خەلقئارا مەسىلىلەرنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىپ ، دۇنيادا ئەبەدىي تىنچلىق ئورنىتىش بولۇشى كېرەك ئىدى .

ئۇرۇش بىلەن سىياسىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە، 19 ـ ئەسىردىكى پىرۇسسىيەنىڭ مەشھۇر ھەربىي ئىشلار نەزەرىيەچىسى كىلاۋسىۋىتىز «ئۇرۇش سىياسىنىڭ داۋامى»[6] دېگەندىن ئىبارەت ئۆلمەس ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇرۇش ھەرگىزمۇ نوقۇل ھالدىكى بىرخىل ھەربىي توقۇنۇش

بولماستىن، بەلكى بىرخىل سىياسىي خاراكتېرلىك ھەرىكەت، شۇنداقلا ئۇرۇشنى ئىپادىلەش شەكلى قىلغان بىرخىل ئەڭ كەسكىن سىنىپىي كۈرەش ۋە سىياسىي كۈرەشتىن ئىبارەت. ھەربىي كۈرەش ھەرقاچان سىياسىي كۈرەشكە بويسۇنۇپ كەلدى. سىياسىي خاراكتېرنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ئۇرۇشنىڭ خاراكتېرىنىڭمۇ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. مەسىلەن: تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ۋە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇش؛ ھەققانىي ئۇرۇش ۋە ئادالەتسىز ئۇرۇش، ۋەھاكازالار. تارىختىن مەلۇمكى، دۇنيادا ھەققانىي ئۇرۇش قانچىكى كۆپ بولسا ، ئادالەتسىز ئۇرۇش ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولغان .

ئۆز ۋەتىنى ئىككىنچى بىر دۆلەت تەرىپىدىن تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغاندا ۋەتەن زېمىنىنى، خەلقىنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇشلاردىن باشقىسى ئادالەتسىز ئۇرۇش بولىدۇ. تارىختىن بېرى يۈز بەرگەن ئۇرۇشلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئادالەتسىز ئۇرۇش بولغان. ناھايىتى ئاز بىر قىسمى ئادالەتلىك ئۇرۇش بولغان. ئەڭ ئادالەتسىز ئۇرۇشنىمۇ، سىياسىيونلار ھامان ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرى قىلماقچى بولغان بۇ ئۇرۇشنىڭ ھەققانىيلىقى ۋە زۆرۈرىيىتىنى بار ئاماللار بىلەن ئاۋامغا چۈشەندۈرۈپ ۋە ئۇلارنى قايىل قىلىپ ئاۋامنى ئۆزلىرى خالاپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىدىغان ھالەتكە كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ تايانغىنى كۆڭۈل قويۇپ تەييارلانغان، تەسىر كۈچىگە ئىگە سەپەرۋەرلىك نۇتقى بولىدى. ئەمما، ئۇرۇش قاينىمىغا كىرگەن كىشىلەرنىڭ تۆلەيدىغان بەدىلى سىياسىيون ئېرىشىدىغان پايدا ـ مەنپەئەتتىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولىدى. ئۇرۇشنىڭ شەپقەتسىزلىكى كۆپ ھاللاردا كىشىنى ئۇنىڭ ئادالىتى ئۈستىدە ئويلىنىشىدىن مەھرۇم قىلىپ قويىدۇ. بولۇپمۇ، ئۇرۇش بىر باشلاندىمۇ كىشىلەر ھەق ـ ناھەقنى سۈرۈشتۈرۈشكە ئۈلگۈرمەيلا بېشچىلاپ كىرىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇرۇش تاغدىن غولاپ چۈشكەن تاشقا ئوخشايدۇ، ئۇ باشلاندىمۇ توختىتىشقا ئىلغىلى بولمايدۇ. پەقەت ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ ئۇرۇش تۇمانلىرى تارالغان، تىنچ دەۋر يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بىر مەيدان ئادالەتسىز ئۇرۇش قاينىمىغا سۆرەپ كىرىلگەنلىكىنى بايقايدۇ. ئەمما، بۇ چاغدىكى بايقاش پايدا بەرمەيدۇ.

تارىختىن مەلۇمكى، قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۇرۇش قوزغىغۇچى بىر ئادەم، زىيانلانغۇچى مىڭ ھەتتا مىليون ئادەم بولۇپ كەلدى. سىياسىيونلارنىڭ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان دەبدەبىلىك نۇتۇقلىرى نەچچە مىليون ئادەمنى ئۇرۇش قاينىمىغا سۆرەپ كىردى. ناۋادا سىياسىيون ئۇرۇشتا غەلىبە قىلسا، ھوقۇق ـ سەلتەنەتكە ئىگە بولىدى. ئۇنىڭغا ئىگە بولالمىغاندىمۇ قەھرىمانغا ئايلاندى. بىر كىشىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن مىڭ كىشى ئورۇنسىز بەدەل تۆلەپ كەلدى. بۇنداق تارىخنىڭ تەكرارلىنىشىغا خاتىمە بېرىلىشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ئۇرۇشلار ئومۇمەن تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ۋە تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلدە داۋام ئەتكەن. تاجاۋۇزچىلىق ھامان قارشىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان . ئەمما، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇش ھەدېگەندىلا غەلىبە قىلىۋەرمىگەن. ئادالەت بەزىدە بويۇن قىسىپمۇ قالغان. نېمىلا دېگەنبىلەن ئاخىرقى ھېسابتا تاجاۋۇزچىلارمۇ مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. ئەمما، بۇ جەرياندا تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇش قىلغان ھەر قايسى ئەل خەلقى قانلىق بەدەللەرنى تۆلىگەن. جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا شۇنى بىلەلەيمىزكى، جۇڭگو خەلقى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلغان 8 يىل جەريانىدا 35 مىليون ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلغان. بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئىقتىسادىي زىياننى مۆلچەرلەش تېخىمۇ تەس. ئەنە شۇ 35 مىليون ئادەم ئىچىدە نەچچىلىگەن ئالىم، پىروفېسسور، ئەدىب، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ چىقىشى مۇمكىن ئىدى. دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا ئەنە شۇنداق ئۇرۇشلاردىن كېلىپ چىققان ئادەم، ئىقتىساد ۋە روھىي زىيانلارنى مۆلچەرلەش قىيىن . بۇلار ئۆتمۈش تارىخقا مەنسۇپ ، ئەمدىكى مەسىلە بۇندىن كېيىنكى كەلگۈسىگە ، رېئاللىققا يۈزلىنىش مەسىلىسىدۇر .

ئىنسانلار ھوشيار ۋە سەگەك بولمىقى لازىمكى ، دۇنيادا ئىككىنچى بىر گىتلېر ، مۇسسولىنى ۋە تودۇخېدېكىنى چىقمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ . ئەنە شۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ قولىغا بوزغۇنچىلىقى ئېغىر بولغان زامانىۋى قوراللارنى باشقۇرۇش ھوقۇقى چۈشۈپ قالغىنىدا ئىنسانىيەتنىڭ ئاپەتكە دۇچار بولغىنى بولغان .

## خەلقئارا ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش ۋە يادرو تالاش ـ تارتىشى

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە دۇنيادا يادرو قورالى مەيدانغا كەلدى. ئۇرۇشتىن كېيىن يادرو قوراللىرىنىڭ كېڭىيىشى ۋە يادرو ئۇرۇشى خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ كۈنسايىن كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ خەلقئارا جەمئىيەت ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى. نەتىجىدە دۇنيا مىقياسىدا ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش سادالىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ خىل سادالار يادرو قورالى يوق دۆلەتلەردىلا ئەمەس، بەلكى يادرو قورالىغا ئىگە دۆلەتلەردىمۇ كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن خەلقئارادا ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يادرو تالاش ـ تارتىشى مەيدانغا كەلدى .

«يادرو قوراللىرىنى كېڭەيتىۋەتمەسلىك شەرتنامىسى » 1970 ـ يىلى 5 ـ مارت كۈچكە ئىگە بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ

ئاساسىي مەقسىتى يادرو قورالللىرى ۋە يادرو قورالللىرى تېخنىكىسىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يادرو ئېنېرگىيەسىدىن تىنچ خەلقئارا ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە يادرو ھازىرلىقلىرىنى قىسقارتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت. شەرتنامىدە شەرتنامە كۈچكە ئىگە بولغاندىن كېيىن ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، شەرتنامىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى قاراپ چىقىش بەلگىلەنگەن.»[7]

«سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا 1991-يىلى ئىيۇلدا ‹ھۇجۇم خاراكتېرىنى ئالغان ئىستراتېگىيەلىك قورالللارنى قىسقارتىش ۋە چەكلەش شەرتنامىسى› ئىمزالىغان. مەزكۇر شەرتنامىدە: ئىككى دۆلەت ئۆز ئىلكىدىكى يادرو ئوقبېشىنى 6000 دىن ئاشۇرماسلىقى، توشۇغۇچى قورالللارنى 1600 دىن ئاشۇرماسلىقى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن. مەزكۇر شەرتنامىنىڭ مۆھلىتى 2009-يىلى 5-دېكابىر توشقان.»[8]

«8-قېتىملىق ‹يادرو قورالللىرىنى كېڭەيتىۋەتمەسلىك شەرتنامىسى›غا قاراپ چىقىش يىغىنى 2010-يىلى 3-ماي: ب د ت نىڭ نيۇيوركتىكى باش ئىشتابىدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى يىغىن 28-مايغىچە داۋاملاشتى. يىغىنغا ‹يادرو قورالللىرىنى كېڭەيتىۋەتمەسلىك شەرتنامىسى›تۈزگەن 189 دۆلەتنىڭ ۋەكىلى قاتناشتى.

ئىران زۇڭتۇڭى ئەھمەدى نىجاد 3- ماي ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنى يادرو قورالللىرى سىياسىتىدە قوش ئۆلچەم قوللىنىپ، يادرو قورالللىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تۈزۈلمىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، دەپ ئەيىبلىدى. ئەھمەدى نىجاد يىغىننىڭ ئادەتتىكى مۇنازىرىسىدە: ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ غەربتىكى ئىتتىپاقداشلىرى بىر تەرەپتىن يادرو قورالللىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى باھانە قىلىپ، يادرو قورالللىرىدىن خالىي دۆلەتلەرگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ يادرو ئېنېرگىيەسىدىن تىنچ پايدىلىنىشتىكى تىرىشچانلىقىغا كۈچەپ توسقۇنلۇق قىلىۋاتىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ يادرو ھازىرلىقىنى قىسقارتىش مەجبۇرىيىتىدىن قېچىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئۇلارنىڭ يادرو مۇئەسسەسەلىرىنى نازارەت قىلىشنى قوبۇل قىلمايۋاتىدۇ. ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ غەربتىكى ئىتتىپاقداشلىرى يۈرگۈزۈۋاتقان قوش ئۆلچەم خەلقئارا يادرو ھازىرلىقنى قىسقارتىش ۋە يادرو قورالللىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى چۈشەپ قويىۋاتىدۇ. يادرو ئېنېرگىيەسىدىن تىنچ پايدىلىنىش ھەربىر دۆلەتنىڭ ھوقۇقى، يادرو ئېنېرگىيەسى بىلەن يادرو قورالللىرىنى تەڭ ئورۇنغا قويۇۋېلىپ، ئۇنى بىر دۆلەتنىڭ يادرو ئېنېرگىيەسىدىن تىنچ پايدىلىنىش ھەرىكىتىگە ئارىلىشىۋېلىشنىڭ باھانىسى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ‹يادرو قورالللىرىنى كېڭەيتىۋەتمەسلىك شەرتنامىسى›دە بەلگىلەنگەن يادرو ھازىرلىقنى قىسقارتىش، يادرو قورالللىرىنى كېڭەيتىۋەتمەسلىك ۋە يادرو ئېنېرگىيەسىدىن تىنچ پايدىلىنىشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ نىشاننىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىدا تەڭپۇڭسىزلىق مەۋجۇت، خەلقئارا ئاتوم ئېنېرگىيەسى ئورگىنىنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشى داۋامىدىمۇ بىر تەرەپلىمىلىك مەۋجۇت، ئۇلار يادرو قورالللىرىدىن خالىي دۆلەتلەرنىڭ يادرو ئېنېرگىيەسىدىن تىنچ پايدىلىنىشىنى زىيادە چەكلەۋاتىدۇ، ئەمما يادرو قورالللىرىغا ئىگە دۆلەتلەرنى نازارەت قىلىپ چەكلىشى يېتەرلىك ئەمەس، دېدى.»[9]

«ئامېرىكا ئاقساراي باياناتچىسى روبېرت گىبس 3-مايدا: ئىران رەھبىرىنىڭ ‹يادرو قورالللىرىنى كېڭەيتىۋەتمەسلىك شەرتنامىسى›نى قاراپ چىقىش يىغىنىدا قىلغان سۆزى ئىراننىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش قارارىنى يەنىمۇ ئىسپاتلىدى، ئامېرىكا ئىراننى جازالاش قارارىنى ب د ت رامكىسى ئىچىدە ماقۇللىتىشقا داۋاملىق تىرىشىدۇ. ئەھمەدى نىجاد ئىراننىڭ خەلقئارا مەجبۇرىيەتنى ئۆتىشى توغرىسىدا ھېچنېمە دېمىدى، ئەكسىچە ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنى كۈچلۈك ئەيىبلىدى، بۇ ئىراننىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش قارارىنى يەنىمۇ ئىسپاتلىدى، ئامېرىكا ئىراننى كۆپ تەرەپلىك جازالاشنىڭ نەتىجىگە ئېرىشىشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرىدۇ ھەم ئۆز ئالدىغا جازالاشنى ئويلىشىدۇ دېدى»[10].

«ئىران زۇڭتۇڭى ئەھمەدى نىجاد 4-ماي نيۇيوركتا: ئەگەر ئىران يەنە ب د ت نىڭ جازالىشىغا ئۇچرىسا، ئىران بىلەن ئامېرىكىنىڭ مۇناسىۋىتى ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدۇ. جازالاش ئىراننىڭ قەدىمىنى توختىتالمايدۇ، ئىران ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، ئىران جازالىنىشنى خالىمايدۇ ھەم جازالىنىشتىن قورقمايدۇ.»[11]

«تۈركىيە زۇڭلىسى ئەردوغان 29-مارت: ئىران يادرو مەسىلىسىنى بېسىم ئىشلىتىش، جازالاش بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، دىپلوماتىيە يولى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولىدۇر، دېدى. ئەردوغان تۈركىيەگە زىيارەتكە كەلگەن گېرمانىيە زۇڭلىسى مېركېل بىلەن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا بۇ سۆزنى قىلدى. مېركېل: گېرمانىيە ئىراننى جازالاشنى قوللايدۇ ھەم تۈركىيە، ئامېرىكا، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئىراننى جازالاشنى قوللاپ ئاۋاز بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، دېگەندە ئەردوغان بۇنىڭغا جاۋابەن: ئىراننى جازالاشنىڭ ھېچقانداق رولى بولماي كەلدى، ‹بېسىم ئىشلىتىش، جازالاش ئىران يادرو مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ساغلام يولى ئەمەس، دىپلوماتىيە يولى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولىدۇر› دېدى»[12].

«ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ئوباما 2010-يىلى 5-ئاپرېل

ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ يادرو ئىستراتېگىيەسىنى قايتىدىن تۈزۈپ، «يادرو قورالى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىۋەتمەسلىك شەرتنامىسى»گە ئەمەل قىلغان يادرو قورالى يوق دۆلەتلەرگە يادرو قورالى ئىشلەتمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. ئوباما «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى»نىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: «يادرو قورالى ۋەزىيىتىگە باھا»سەرلەۋھىلىك ئەڭ يېڭى دوكلاتىدا قانداق ئەھۋالدا يادرو قورالىنى ئىشلىتىش توغرىسىدا يەنىمۇ ئېنىق چەكلىمە چىقىرىپ، «يادرو قورالى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىۋەتمەسلىك شەرتنامىسى»گە ئەمەل قىلغان يادرو قورالى يوق دۆلەتلەر (بۇ دۆلەتلەر بىيوخىمىيەلىك قوراللار بىلەن ئامېرىكىغا ھۇجۇم قىلسىمۇ ياكى ئامېرىكىغا تور ئۇرۇشى قوزغىسىمۇ)گە يادرو قورالى ئىشلەتمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق ۋەدە بېرىدۇ. «يادرو قورالى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىۋەتمەسلىك شەرتنامىسى »گە خىلاپلىق قىلغان ياكى ئۇنىڭدىن چېكىنىپ چىققان ئىران، چاۋشيەن قاتارلىق دۆلەتلەر ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يادرو قورالى ئىشلەتمەيمىز، دەپ ۋەدە قىلغان ئوبيېكتلار قاتارىغا كىرمەيدۇ دېدى.»[13]

«ب د ت نىڭ باش كاتىپى بان كىمون 4 ـ ماي شەھەر باشلىقلىرى تىنچلىق يىغىنىدا سۆز قىلىپ، يادرو قوراللىرىنى يوقىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يادرو قوراللىرىدىن خالىي دۇنيا بەرپا قىلىش ئۈچۈن ھەر بىر كىشىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى مۇراجىئەت قىلدى.

شەھەر باشلىقلىرى تىنچلىق يىغىنى 8 ـ قېتىملىق «يادرو قوراللىرىنى كېڭەيتىۋەتمەسلىك شەرتنامىسى» نى قاراپ چىقىش يىغىنى ئېچىلىۋاتقان مەزگىلدە ب د ت نىڭ نيۇيوركتىكى باش ئىشتابىدا ئۆتكۈزۈلدى. بان كىمون: تېخىمۇ تىنچ دۇنيا بەرپا قىلىشنى نيۇيورك ياكى جەنۋەنىڭ يىغىن زالىدىن ئەمەس، بەلكى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممەيلەندىن، ئاساسىي قاتلامدىن، مەھەللىلەردىن، دۇنيادىكى شەھەر ۋە بازارلارنىڭ ئاڭلىق رەھبەرلىرىدىن باشلاش كېرەك، دېدى.

بان كىمون: «يادرو قوراللىرىنى يوقاتقاندىلا، يادرو قورالى تەھدىتىنى تۈگەتكىلى بولىدۇ، يادرو قوراللىرىنى كېڭەيتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن تىرىشىش زۆرۈر، ئەمما تىرىشچانلىق تېخى يېتەرلىك ئەمەس، ئۇ ھەربىي ھازىرلىقنى قىسقارتىش تەدبىرلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەندىلا ئەڭ ياخشى ئۈنۈم كۆرسىتەلەيدۇ»، دېدى.

1982 ـ يىلى ياپونىيەنىڭ خىروسىما ۋە ناگاساكى شەھەرلىرىنىڭ باشلىقلىرى ب د ت دا ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش يىغىنىغا قاتناشقاندا، «يادرو قورالدىن تولۇق ۋاز كېچىپ شەھەرلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق پىلانىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن» تەشكىلات قۇرىدىغانلىقنى جاكارلىغانىدى. 2001 ـ يىلى بۇ تەشكىلاتنىڭ ئىسمى«شەھەر باشلىقنىڭ تىنچلىق يىغىنى» دەپ ئۆزگەرتىلدى. ئۇنىڭ مەقسىتى شەھەرلەر ئارىسىدا ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ يادرو قورالىنى يوقىتىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. ھازىر دۇنيادىكى 143 دۆلەت ۋە رايوندىكى 3880 شەھەر «شەھەر باشلىقلىرى تىنچلىق يىغىنى»غا قاتناشتى. بۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە «شەھەر باشلىقلىرى تىنچلىق يىغىنى»غا قاتنىشىدىغان شەھەرلەرنىڭ سانى 5000دىن ئېشىپ، 1مىليارد نوپۇسنى قاپلىشى مۇمكىن.»[14]

گەرچە خەلقئارادا ھەربىي ھازىرلىقلارنى قىسقارتىش ۋە يادرو قوراللىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن قېتىم يىغىن چاقىرىلغان ۋە كېلىشىملەر ئىمزالانغان بولسىمۇ، ئەمما، بۇ دۆلەتلەر خەلقئارا جەمئىيەتكە بەرگەن ۋەدىسىگە تولۇق ئەمەل قىلىپ، كېلىشىملەرنى ھەقىقىي ئىجرا قىلىپ بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرى زور قوراللارنى تەتقىق قىلىش، ياساشنى توختىتىپ قويغىنى يوق. ئۇلار دەۋر ئېھتىياجىدىن قالغان، كونىچە قوراللارنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا بۇزغۇنچىلىقى تېخىمۇ زور، ئىلغار قوراللىرىنى دەسسەتتى.

ئىنسانىيەت ھايات كەچۈرۈۋاتقان يەر شارى ھەر قايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ماكانى. ئۇ دۇچ كېلىۋاتقان تۈرلۈك مەسىلىلەرگە ھەر قايسى دۆلەت خەلقلىرى بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇشى، بىرلىكتە ھەل قىلىشى كېرەك. ئۇرۇش قوراللىرىنىڭ كۆپ مىقداردا ياسىلىشى ۋە كۈنسايىن ئىلغارلىشىشى ئىنسانلارنىڭ تىنچلىققا بولغان ئارزۇسى ھەمدە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى تىنچلىق ئۈچۈن قىلغان تىرىشچانلىقىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرىدۇ.

## ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىق يولىدا ئىزدىنىشلىرى

ئىنسانلار قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۇرۇشتىن خالىي بىر جەمئىيەت قۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلغان بولسىمۇ بۈگۈنگىچە روياپقا چىقمىدى . بۇ خۇددى يۇنان پەيلاسوپى ئەپلاتۇننىڭ «پەقەت ئۆلۈكلا ئۇرۇشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرەلەيدۇ» دېگەن سۆزىنى ئىسپاتلىغاندەك بولدى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋردە ياشىغان، ئېنگېلس تەرىپىدىن «كونا دەۋرنىڭ كەنجى شائىرى، يېڭى دەۋرنىڭ تۇنجى شائىرى» دەپ تەرىپلەنگەن « ئىتالىيەلىك شائىر دانتى 1311 ـ يىلى «دۇنيا ئىمپېرىيەسى» دېگەن كىتابنى يېزىپ، ئۇنى رىم ئىمپېراتورى ھېنرى VII گە تەقدىم قىلىپ، ئۇنىڭ دۇنيا تەرتىپىنى ئورنىتىشتىكى سىياسىي نەزەرىيەلىرىنى سىستېمىلىق ھالدا بايان قىلغان. ئۇنىڭ قارىشىچە: دۇنيا سىياسىي تۈزۈلمىسى ئاچ كۆزلۈكنى ئازايتىپ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈشكە ۋە ئادالەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق. ئادالەت بۇ دۇنيادىكى

ئەڭ زور كۈچكە ئايلانغان ھامان، دۇنيا ئەڭ ياخشى تەرتىپكە ئىگە بولىدۇ.» [15] دانتىدىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلەر خەلقئارا تەرتىپ ئورنىتىش تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقتى. بىراق، ھەممىسى مەغلۇبىيەتتىن خالىي بولالمىدى. چۈنكى، ئۇنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلار بىر بولسا ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلدى، بىر بولسا ئۆزى تەۋە سىنىپ ياكى مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلدى. پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى چىقىش قىلىنغان، پۈتكۈل دۇنياغا ماس كېلىدىغان خەلقئارا تەرتىپ مەيدانغا كەلمىدى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇخىل خەلقئارالىق يېڭى تەرتىپنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدىن ھەم ئۈمىد يوق .

دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تىنچلىقنى قوغداش ئۈچۈن ئىزدىنىشى، سالغان مەبلىغى ۋە ئىجتىھاتى ھامان ئۇرۇش ئۈچۈن سالغان مەبلىغى ۋە ئىجتىھاتىدىن ئارقىدا تۇرۇپ كەلدى. ئىلگىرىكى زامانلاردا ئۇرۇش ئۇرۇش قىلىشىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭلا ئىشى بولغان بولسا، ئەمدىلىكتە پۈتكۈل دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئىشى بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئۇرۇش تۈپەيلى كېلىپ چىققان ھەرخىل تەبىئىي ۋە سۈنئىي ئاپەتلەر، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى، ئىجتىمائىي بايلىقلارنىڭ خورىشى پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ھايات كەچۈرۈشى ۋە تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە خىرىس ئېلىپ كەلدى. ئىلگىرىكىدەك سۈكۈت قىلىش، بىپەرۋالىق قىلىش، ئارىلاشماسلىق پوزىتسىيەسى مەسئۇلىيەتسىزلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. ھازىرمۇ ھېلىھەم دۇنيا ۋەزىيىتىدىن بىخەۋەر، ئۇرۇش ۋە تىنچلىقنى ئۆزلىرى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، دەپ قارايدىغان ئادەم ۋە قوۋملار بار. بۇ بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئۇرۇشنىڭ زىيىنىنى يېتەرلىك دەرىجىدە تونۇشنىڭ تۆۋەنلىكىدىن بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن زىيالىيلارنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتكە ئۇرۇش ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئاقىۋەتلەرنىڭ يامانلىقىنى تونۇتۇش دەرىجىسىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

مەيلى ئۇرۇش يىللىرى ياكى تىنچلىق يىللىرى بولسۇن، مەيلى كۈچلۈك ياكى ئاجىز دۆلەتلەر بولسۇن ھەربىي قورال-ياراغقا كېتىدىغان سېلىنمىنى يىلسايىن كۆپەيتىشى، قورال-ياراغلارنىڭ ئىقتىدارىنى كۈنسايىن ئاشۇرۇشى قورال-ياراغنى ئۆزىنىڭ تىنچلىقىنىڭ كاپالىتى، دەپ قارىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . دۇنياغا تىنچلىق ئېلىپ كېلىدىغىنى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا چۈشىنىش، سۆزلىشىش ۋە باراۋەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتۇر. ئىنسانلار بۇ نۇقتىنى ھەر قېتىم بىر نۆۋەتلىك ئېچىنىشلىق ئۇرۇشتىن كېيىن تونۇپ يېتىۋاتىدۇ. بۇ جەھەتتە ياۋروپا دۇنيانىڭ بىر قەدەم ئالدىدا ماڭدى. ئۇلار 1967 - يىلى ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىنى قۇرۇپ، يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۈچ قېتىم ئۇرۇش قىلغان كونا رەقىب دۆلەت گېرمانىيە ۋە فرانسىيەنىڭ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رامكىسى ئىچىدە، سىياسىي جەھەتتە بىر گەۋدىلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق بىر نىشان ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا يول ئاچتى. 1993 - يىلى «ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى» نى «ياۋروپا ئىتتىپاقى»غا ئۆزگەرتىپ، بۇخىل ھەمكارلىق ۋە ئىتتىپاقلىقنىڭ دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى ۋە كۈچەيتتى.

بۈگۈنكى كۈندە ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا بولغان دۆلەت 27 گە يەتكەن بولۇپ، ياۋروپا ئەللىرى ئىچىدە تار دۆلەت ئۇقۇمىنىڭ ئورنىنى قىتئە ئۇقۇمى ئىگىلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىلگىرىكىدەك ئەنگلىيەلىك، فرانسىيەلىك دېيىش ئورنىغا «ياۋروپالىق» دەپ ئاتايدىغان بولۇشتى. ياۋروپانىڭ بىرلىشىشى ياۋروپا ئەللىرى ئوتتۇرىسىدا مەڭگۈلۈك تىنچلىقنىڭ ئورنىتىلىشى ئۈچۈن ئۇل سالدى. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە بەختەرلىكى ئۈچۈن قوشۇلغان تۆھپىدۇر. ياۋروپانىڭ بىرلىشىشى پۈتكۈل دۇنيا ئەللىرى ئۈچۈن ئۈلگە تىكلەپ بەردى. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تارىختىكى ئۆچ-ئاداۋەتنى دېسە ياۋروپا ئەللىرىدەك ئۆز ئارا دۈشمەنلەشكەنلەر يوق. ئەنگلىيە - فرانسىيە ئوتتۇرىسىدا يۈز يىلغا سوزۇلغان ئۇرۇش بولغان. 20 - ئەسىردىكى ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاساسلىق ئۇرۇش مەيدانىمۇ ياۋروپا بولغان. بۈگۈنكى ئىتتىپاقداشلار ئەينى مەزگىلدىكى رەقىبلەر ئىدى. ناۋادا ئۇرۇشنىڭ ئۆچ - ئاداۋىتىنى ئونۇتماي، قانغا-قان ، جانغا-جان ئېلىشقا توغرا كەلسە ياۋروپالىقلار ئىتتىپاقلىشالمىغان، بىرلىشەلمىگەن بولاتتى . دۇنيادا ئۇرۇشتىن ھەقىقىي رەۋىشتە ساۋاق ئالغان دۆلەتلەر بار دېيىلسە دەل ياۋروپالىقلارنى دېسە بولىدۇ. ياۋروپالىقلار ئۇرۇشنىڭ تەكرار يۈز بېرىشىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئۈنۈملۈك چەكلىدى. دۇنيادا ياۋروپالىقلاردىن ئىلھام ئېلىپ «ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقى»، «ئافرىقا ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى. بۇ رايون خاراكتېرلىك تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشى ئۆز نۆۋىتىدە شۇ رايون ۋە دۇنيانىڭ بەختەرلىكى ئۈچۈن پايدىلىق. دۇنيادا گەرچە «ياۋروپا ئىتتىپاقى»، « ئافرىقا ئىتتىپاقى» نامىدىكى تەشكىلاتلار قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئاسىيا ئىتتىپاقى ۋە ئامېرىكا ئىتتىپاقى قۇرۇلغىنى يوق. ئەينى مەزگىلدە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ بۈگۈنكىدەك ئىتتىپاقلىشىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ قىيىن ئىدى. ئەمما، ياۋروپالىقلار ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. ياۋروپالىقلار ۋۇجۇدقا چىقارغان ئىشنى ئاسىيا ۋە ئامېرىكىلىقلارمۇ چوقۇم ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ .

دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتا دۇنيادىكى چوڭ - كىچىك، باي - كەمبەغەل ئەللەرنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى بار . ئەمما ، كىچىك ۋە نامرات دۆلەتلەر خەلقئارا مەسىلىلەردە سۆز قىلىش ھوقۇقى بولسىمۇ تەسىر كۈچىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئاجىز بولۇشى بىلەن ئارمانغا تۇشلۇق دەرمانى يوق. زېمىنى چوڭ، باي ۋە تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتا گېپى كۆپ، ئەمەلىيىتى ئاز؛ ۋەدىسى چوڭ، ئەمەلىيىتى بوش؛ ئىختىلاپ كۆپ، بىردەكلىك ئاز بولدى . نەتىجىدە دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداشتا ھەممە ئېتىراپ قىلغان ۋە ئەمەل قىلىدىغان مېخانىزم تا ھازىرغىچە مەيدانغا كەلمىدى.

تارىخىي ئەسلىمىلەر ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاچقۇچ .تارىخنى قايتىدىن تونۇش، ئۆتمۈشتىن ئىبرەت ئېلىش كىشىلەرنىڭ تىنچلىقنى قەدىرلىشى، تىنچلىقنى قوغداش ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق. بولۇپمۇ، تارىخقا نەزەر سېلىش ئارقىلىق ھەققانىي ئۇرۇشنىڭ سەلتەنىتى بىلەن ئادالەتسىز ئۇرۇشنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى، ئىنسانىيەتنىڭ ئىرادىسى، ئەقىل ـ پاراستى ۋە جىسمانىي كۈچىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى نامايەندىسىنى كۆرۈۋالغىلى ھەممىدە بۇنىڭدىن پايدىلىق ئىلھامغا ئېرىشكىلى بولىدۇ . 1948 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەلەستىن رايونىدا بىر ئىسرائىلىيە دۆلىتى ۋە بىر پەلەستىن دۆلىتى قۇرۇش قارارىنى ئېلان قىلغان. 1948 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلدى. ئەمما ، پەلەستىندە تا ھازىرغىچە دۆلەت قورۇلمىدى. بۇ جەرياندا ئەرەبلەر بىلەن ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدا تۆت قېتىم ئۇرۇش بولدى. پەلەستىن زېمىنى ئىسرائىلىيە ۋە ئەرەب ئەللىرى تەرىپىدىن بۆلۈشۈۋېلىنىپ، پەلەستىنلىكلەر يۇرت ـ ماكانلىرىدىن ئايرىلدى. پەلەستىن ـ ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي توقۇنۇش، زېمىن تالاش ـ تارتىشى تا ھازىرغىچە داۋام قىلماقتا .

2001 ـ يىلى 7 ـ ئۆكتەبىردىن باشلاپ ، ئامېرىكا قوزغىغان ئافغانىستاندىكى «تېررورىزمغا قارشى ئۇرۇش» سەككىز يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشتى. گەرچە تالىبان ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئىراق ئافغانىستان خەلقى تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشەلمىدى. ئۇدا داۋاملاشقان ئۇرۇش مالىمانچىلىقى پۈتۈن دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى ھالاك بولۇش گىرداۋىغا دۇچار قىلدى. تېررورلۇق ھۇجۇملىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىشى، ئۆزىنى قوشۇپ پارتلىتىش ھۇجۇمى، ئاپتوموبىل پارتلىتىش، تىزگىنەك ئارقىلىق پارتلىتىش، يول بويىدىكى بومبىلار ھەر كۈنى نۇرغۇن ئادەمنىڭ بېشىغا چىقتى. بۇ دۆلەتنىڭ ئادەملىرى كۈندە دېگۈدەك ئاچلىق ۋە ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىسىدىلا يۈردى. سەككىز يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ، ئافغانىستاندىكى ئەنگلىيە، ئامېرىكا بىرلەشمە ئارمىيىسى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى. ئافغانىستان خەلقىمۇ پارلاق كېلەچەكنى ئەسلا كۆرەلمىدى. ئافغانىستانى سەككىز يىلدىن ئارتۇق قاپلىۋالغان بۇ قاباھەتلىك چۈش قاچان ئاخىرلىشىدۇ؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئىراقلىقلارنىڭ ھالى ئافغانلاردىن قېلىشمايدۇ .

پەلەستىنلىكلەر، ئافغانىستانلىقلار ۋە ئىراقلىقلار دۇچ كەلگەن قىسمەت ۋە قايغۇ ماھىيەتتە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ قايغۇسى ھېسابلىنىدۇ.

تىنچلىقنى سۆيۈش ئىنسانلارنىڭ تۇغما تەبىئىتىگە ئۇيغۇن بولسا، ئۇرۇش بۇ تەبىئەتكە خىلاپ. لېكىن، بۇ دۇنيادا مىلتىق، زەمبىرەك ۋە بومبىلارنىڭ ئاۋازى، پوجاڭزا ۋە سالىيوتلارنىڭ ئاۋازىدىن مۇتلەق كۆپ. ئەمدىلا بىز بىلەن خوشلاشقان 20 ـ ئەسىرگە نەزەر سالساق، پۈتكۈل دۇنيادا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار 400 قېتىمدىن كەم ئەمەس. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىنسانلار ناھايىتى ئېچىنىشلىق بەدەل تۆلىدى. جۇڭگودا «18 ـ سېنتەبىردىكى توپ ئاۋازى»، «7 ـ ئىيۇل» دىكى لۇگوچياۋ كۆۋرۈكىدە ياڭرىغان مىلتىق ئاۋازى ۋە نەنجىڭ چوڭ قىرغىنچىلىقىدا ئۆلۈپ كەتكەن 300 مىڭ قېرىنداشنىڭ نىداسى ھەرۋاقىت بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ .

ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىقى، بەختەرلىكى سىياسىيونلارنىڭ «شاپائىتى» ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشمايدۇ . بەلكى، ئۇرۇشنىڭ زىيىنىنى ئاڭلىق رەۋىشتە تونۇش ۋە تونۇتۇش نەتىجىسىدە رويابقا چىقىدۇ. ئۇرۇش ئىنسانىيەتكە بالايىئاپەت ۋە بەختسىزلىكتىن باشقا نەرسىنى ئېلىپ كەلگىنى يوق. كەلگۈسىدە ھەم باشقا نەرسە ئېلىپ كېلىشى تېخىمۇ يوق. شۇنداق ئىكەن دۇنيانىڭ تىنچلىقى، بەختەرلىكى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۈچۈن ھەربىر كىشى تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشى كېرەك. ئالىملار ، مۇتەخەسسىسلەر ۋە پەن ـ تەتقىقات خادىملىرى ئىلىم ـ پەننى ئىنسانىيەتكە ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان قورال تەتقىقاتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماستىن ، دۇنيا تىنچلىقى ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى داۋالاش قاتارلىق ئىنسانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشى كېرەك .

دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر بىردەك ئۇرۇشقا قارشى تۇرىدۇ. ئەمما ئۇرۇشتىن قورقمايدۇ. چۈنكى، بۇ دۆلەتلەر رەقىبى ئىگە بولغان قورالغا ئۇلارمۇ ئىگە بولۇشلۇق. ناۋادا رەقىبى ھۇجۇم قىلسا، قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ھازىرلانغان. مانا مۇشۇ سەۋەبتىن ئىنسانلار ئۇرۇشتىن بىزار ـ يۇ، ئۇرۇشتىن ساقلىنالمايدۇ. تىنچلىققا ئىنتىزار ـ يۇ، ھەقىقىي مەنىدىكى تىنچلىققا ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ. بۇ مەلۇم بىر دۆلەتنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بەختسىزلىكى.

قىلىچ بىلەن ساپاننىڭ ماتېرىيالى بىر . ئەمما ، ئىشلىتىش ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن پەرقلىق نەتىجە كېلىپ چىققان. بىرسى ئىنسانىيەتكە ئاپەت ئېلىپ كەلسە، بىرسى ئامەت ئېلىپ كېلىدۇ. «قىلىچنى ساپانغا ئايلاندۇرۇش» ئەجدادلارنىڭ غايىسى بولغان بولسا ، ئەمدىلىكتە بىزلەرنىڭ

ئۈمىدسىز بولماقتا. بۇ غايىنىڭ ئەۋلادلارغا قىلىشى ئۇنىڭ مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. قىلىچقا ئايلاندۇرۇلغان پولاتنى مۇقەررەركى ساپانغىمۇ ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە قىلىچتا بولماستىن ئادەملەرنىڭ ئىرادىسى، جاسارىتى ۋە ئىنسابىدا.

بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ياشىشىغا باب كېلىدىغان بىرلا يەرشارى بارلىقىنى تونۇپ يېتىپ، مۇھىتنى قوغداشنى مۇھىم كۈنتەرتىپكە قويدى. بۇخىل تونۇپ يېتىشمۇ ئاچچىق ساۋاقلار بەدىلىگە كەلدى. 1- قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابىدىن باشلاپ، غەرب دۆلەتلىرى مۇھىتنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغاش ھېسابىغا ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. مۇھىت بۇلغىنىشنىڭ ئىنسانلارغا ئېلىپ كەلگەن تەسىرى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئىپادىلىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئاندىن ئىنسانلار مۇھىت مەسىلىسى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. بۈگۈنكى كۈندە مۇھىتنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقى، تەخىرسىزلىكى ھەممە ئادەمگە ئايان بولغان ئەقەللىي ساۋات. نەتىجىدە كىشىلەر يەر شارىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشنىڭ زۆرۈر ۋە تەخىرسىزلىكىنى تونۇپ يېتىپ، بارلىق ئاماللار بىلەن مۇھىتنى قوغداشتىن ئىبارەت جاپالىق ھەم ئۇزۇنغا سوزۇلغان كۈرەشكە ئاتلاندى. « ئىنسانلارنىڭ بىرلا يەرشارى بار » دېگەن سادا پۈتۈن دۇنيادا ياڭرىدى. مۇھىتنى قوغداش ئىختىيارىي ۋە مەجبۇرىي يوسۇندا ھەممە ئەللەرنىڭ ئورتاق رىئايە قىلىدىغان پىرىنسىپىغا ئايلاندى. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە كۈچ چىقىرىشى نەتىجىسىدە مۇھىتنى بۇلغاش ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈلدى. بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان تەبىئەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىلماقتا. ئۇرۇشنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زىيانلىرى ئىچىدە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئىنسانلارنىڭ ئۇرۇشنىڭ زىيىنىغا بولغان تونۇشى مۇھىت بۇلغىنىشنىڭ زىيىنىغا بولغان تونۇشىچىلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلمىدى. تىنچلىق مەسىلىسى مۇھىت مەسىلىسىچىلىك كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتالمىدى، ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈشكە ئېرىشەلمىدى. ئىراق، ئافغانىستاندا ۋە پەلەستىندە ئۇرۇش بولسا، بۇ ئىراقلىقلار، ئافغانلار ۋە پەلەستىنلىكلەرنىڭ ئىشى بولدى. باشقا ئەل خەلقى بەك بولسا ھېسداشلىقلا قىلالىدى، خالاس. ھالبۇكى، قورال تەتقىقاتى، ئۇرۇش تەييارلىقى بىر مىنۇتمۇ توختىماستىن ئېلىپ بېرىلدى.

دۇنيادا ئۇرۇش خەۋپى بار دېيىلسە ئۇنى تاشقى پىلانېتا ئادەملىرى ياكى ئىنسانلاردىن ئۆزگە جانلىقلار كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. بەلكى ئىنسانلار ئۆزلىرى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۆز ئارا ھەدىيە قىلىش، تەھدىت سېلىش، ئۆز ئارا ئىشەنمەسلىك، خەۋپسىرەش، قارشىلىشىش ۋە باشقىلار بىر بولسا ئۇرۇشنى، بىر بولسا ئىستراتېگىيەلىك قوراللار مۇسابىقىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇرۇشنىڭ ئىنسانىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنى مۇھىت بۇلغىنىشىدىن ھەم تېز، ھەم بىۋاستە ۋە ئۇزۇل- كېسىل بولىدۇ.

ئىنسانىيەت تىنچلىققا موھتاج، ئەمما ھەر بىر دەۋردە ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىققا بولغان ئارزۇسى بىلەن چىقىشالمايدىغان گىتلېر كەبى قارا نىيەتلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئىز بېسىپ، بىرىنىڭ ئىشلىرىغا بىرى ۋارىسلىق قىلىپ يېتىشىپ چىقتى. تىنچلىق ئادەملەر بىلەن چىقىشالمايۋاتىدۇ ئەمەس، ئادەملەر تىنچلىق بىلەن چىقىشالمايۋاتىدۇ. ئىنسانلار تىنچلىققا بىر قەدەم يېقىنلاشسا، تىنچلىق ئىنسانلارغا مىڭ قەدەم يېقىنلىشاتتى. ئىنسانلار تىنچلىق ئۈچۈن پىيادە كەلسە، تىنچلىق ئۇچۇپ كېلەتتى.

ئىنسانىيەتنىڭ «ئۇرۇش»، «ئۇرۇش» دەپ ئەمەس «تىنچلىق» ، «تىنچلىق» دەپ جار سالىدىغان ۋاقتى كەلدى. ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈنى سانسىز قۇربانلار بەدىلىگە كەلگەن. يەنە قۇربان بېرىشكە تاقەت يەتمەيدۇ.

ئۇرۇش ئىنسانىيەت ياراتقان نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەتنى، ئىنسانىيەت توپلىغان ماددىي بايلىقلارنى خورىتىدۇ. بۇ نۇقتا ھېچكىمگە سىر ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئىلگىرىكىلەرنىڭ خاتاسى ئۆزىگە ھېساب. بىزگە قالغىنى ئولاردىن ئىبرەت ئېلىش، ئەۋلادلارغا ئۈلگە بولۇشتۇر. ناۋادا بىزمۇ ئۇرۇش ئاپىتىنى ئەۋلادلارغا مەڭگۈلۈك يادىكار قىلىپ قالدۇرساق تارىخنىڭ لەنەت تۈۋرۈكىگە مىخلىنىشىمىز مۇقەررەر.

قىلىچنى ساپانغا ئايلاندۇرۇش پۈتكۈل دۇنيا خەلقىنىڭ ئىنتىلىشى، غايىسى ۋە ئۈمىد- ئارزۇسى. ئەمما، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك ئارزۇسى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ئوتتۇرا ئەسىردە قىلىچ ساپانغا ئايلانمايلا قالماستىن مىلتىققا ئۆزگەردى. ھازىرقى زاماندا مىلتىق تەرەققىي قىلىپ ئاتوم ۋە ۋودوروت بومبىسىغا ئايلاندى. كەلگۈسىدە بۇ قوراللار تەرەققىي قىلىپ قايسى دەرىجىگە يېتىپ بارار ؟

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يولداش دېڭ شياۋپىڭ : « تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئاساسلىق تېما » دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. لېكىن دۇنيا ۋەزىيىتى ئۇمۇمىي جەھەتتىن تىنچ بولسىمۇ، تىنچلىقنى بۇزىدىغان ئامىللارمۇ يوق ئەمەس. دۇنيا مىقياسىدا رايون خاراكتېرلىك توقۇنۇشلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگىنى يوق. تارىخ 21- ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن كېيىنمۇ ئىراق ئۇرۇشى، ئافغانىستان ئۇرۇشى بولدى. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پەلەستىن بىلەن

ئىسرائىلىيە ئوتتۇرىسىدا باشلانغان ئۇرۇش تاكى ھازىرغىچە داۋام قىلماقتا. ئىراق ۋە ئافغانىستان ئۇرۇشىمۇ ئۇزۇل ـ كېسىل ئاخىرلاشقىنى يوق. بۇ ئۇرۇشلار بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئىلغار ۋە زامانىۋى قوراللىرىنى ئىشلىتىدىغان ۋە سىنايدىغان بازىسى بولۇپ قالدى.

تىنچلىقتا دۇنيادىكى ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچى ئاجىز دۆلەتلەرلا ئەمەس، كۈچلۈك دۆلەتلەرمۇ موھتاج . ئۇرۇش قوراللىرىنىڭ ئىلغار ۋە زامانىۋى بولمىقى تىنچلىقنىڭ بىردىنبىر كاپالىتى ئەمەس . بۈگۈنكى كۈندە بىر دۆلەتنىڭ ھەربىي جەھەتتە ئىككىنچى بىر دۆلەتتىن مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇرالىشى ۋە بۇ ئۈستۈنلۈكنى ئۇزۇنغىچە ساقلىيالىشى مۇمكىن ئەمەس. بىر دۆلەت ئىگە بولغان ھەربىي ئۈستۈنلۈككە ئىككىنچى بىر دۆلەتنىڭ ئىگە بولمىقى ھېچقانچە ئىش ئەمەس .

دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ھەربىي سانائەتكە سالغان مەبلىغىنى دۇنيانىڭ تىنچلىق ئىشلىرىغا سېلىش؛ دۇنيادا ئاچارچىلىقتا قالغان، كېسەل بىلەن جان تالىشىۋاتقان كىشلەرنى قوتقۇزۇشقا ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىش ئىنسانپەرۋەرلەرنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى تەشەببۇسى ۋە ئارزۇسى. ئەمما، ئەسىر ئالماشقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ يەنىلا بىر تەشەببۇس ۋە ئارزۇ پېتى تۇرغىنى تۇرغان . يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ھەربىي ساھەگە مەبلەغ سېلىشىنى كېمەيتىش ياكى توختىتىش مۇمكىنچىلىكىمۇ يوق .

بىر قىسىم ئەللەر دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىپ، دۇنيا تىنچلىقىنى قەدىرلەشنى چوڭقۇر چۈشەنگەن بولۇپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنى كۈچلۈك تەلەپ قىلىپ، دۇنيا تىنچلىقپەرۋەر كۈچلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلەردىكى خەلق ئاممىسىمۇ تىنچلىقنى ئارزۇ قىلدى. 2010 ـ يىلى 20 ـ مارت، ئامېرىكىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئاممىۋى نامايىش ئۆتكۈزۈپ ئىراق ـ ئامېرىكا ئۇرۇشى پارتلىغانلىقىنىڭ يەتتە يىللىقىنى خاتىرىلىدى ھەمدە تىنچلىقنى مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇرۇشقا قارشى تۇردى. بۇنىڭدىن دۇنيا خەلقىنىڭ تىنچلىققا بولغان تەلپۈنۈشى، ئۇرۇشقا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ .

دۇنيادا ئەبەدىي تىنچلىق ئورنىتىش، ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىش ئۈچۈن ھەرقايسى ئەللەر قورال كۈچىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان يېڭىچە خەلقئارا تەرتىپ ئورنىتىش كېرەك. قورال كۈچىنى خەلقئارادىكى زىددىيەتلەر ۋە رايون توقۇنۇشىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر ۋە ئاخىرقى تاللاش قىلىشقا خاتىمە بېرىش كېرەك.

ئۇرۇشنى سىياسىي مەقسەتكە يېتىشتىكى ۋاستە قىلىشقا بولمايدۇ . 21 ـ ئەسىرنىڭ بۈگۈنكى كۈنىدە ئىنسانلار تىنچلىققا تېخىمۇ موھتاج بولماقتا. لېكىن، ئۇرۇش ۋەھىمىسى ئىنسانلاردىن يىراقلاپ كەتكىنى يوق. ئىنسانلار قاچانمۇ«خەير ـ خوش قوراللار» دېگەن سۆزنى قىلىپ ، ئۇرۇشقا خاتىمە بېرەر؟ ئۇرۇشنىڭ تۆكۈشنى ئىنسانىيەت يوقالغان ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلەرگىچە كۈتۈش كېرەكمۇ؟ ئۇرۇش ۋەھىمىسى تۈگەپ دۇنيادا قاچانمۇ مەڭگۈلۈك تىنچلىق ئىشقا ئاشار ؟ دۇنيادىكى قىلىچلار قاچانمۇ ساپانلارغا ئايلاندۇرۇلار ؟

## نەقىل مەنبەلىرى


[1] « شىنجاڭ گېزىتى»، 2010 ـ يىلى 26 ـ مارتتىكى سانى .
[2] «شىنجاڭ گېزىتى»، 2010 ـ يىلى 7 ـ ئاپرېلدىكى سانى .
[3] «جۇڭگو ئۆسمۈرلەر قامۇسى» ( ئىلىم ـ پەن، تېخنىكا قىسمى)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2006 ـ يىلى ئۆكتەبىر نەشرى. 950 ـ بەت. سادىق ئابلاجان، دىلشات ئىدرىس، يولۋاس راشىدىن، ئابلەت مۇھەممەت، ئەخمەت سالى، ئوسمان نۇر، رامىزان رەھىم قاتارلىقلار تەرجىمىسى
[4] يۇقىرىقى كىتاب 951 ـ بەت .
[5] يۇقىرىقى كىتاب 952 ـ بەت .
[6] «زامانىمىز دۇنياسىدىكى سىياسىي، ئىقتىساد ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1997 ـ يىلى فېۋرال نەشرى، 629 ـ بەت. مۇسا روزى، ئابدۇكېرىم يۈسۈپ، ئابلەت توختى، ئابلىمىت قادىر قاتارلىقلار تەرجىمىسى .
[7] « شىنجاڭ گېزىتى» ، 2010 ـ يىلى 5 ـ مايدىكى سانى.
[8] «شىنجاڭ گېزىتى» ، 2010 يىلى 17 ـ مارتتىكى سانى.
[9]، [10] يۇقىرىقى گېزىت 2010 ـ يىلى 5 ـ مايدىكى سانى.
[11] يۇقىرىقى گېزىت 2010 ـ يىلى 7 ـ مايدىكى سانى.
[12] يۇقىرىقى گېزىت 2010 ـ يىلى 31 ـ مارتتىكى سانى.
[13] يۇقىرىقى گېزىت 2010 ـ يىلى 7 ـ ئاپرېلدىكى سانى.
[14] يۇقىرىقى گېزىت 2010 ـ يىلى 6 ـ مايدىكى سانى.
[15] «زامانىمىز دۇنياسىدىكى سىياسىي، ئىقتىساد ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1997 ـ يىلى فېۋرال نەشرى، 674 ـ بەت. مۇسا روزى، ئابدۇكېرىم يۈسۈپ، ئابلەت توختى، ئابلىمىت قادىر قاتارلىقلار تەرجىمىسى .


---

ئاپتور: مەكىت ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى.

www.uyghurkitap.com



# مۆكگۆزلۈك يىلان

(ھېكايە)

مامبەت تۇردى

«يىلانلىق» دەپ ئاتالغان بۇ مەھەللىدە ئىسمى-جىسمىغا لايىق يىلان كۆپ. كاچكۆل ئەتراپىدىكى سازلىقتا، بۈككىدە ئۆسكەن يىچانلار ئارىسىدا يەر بېغىرلىشىپ يۈرگەن مۆكگۆزلۈك يىلانلار كۆپ ئۇچرايدۇ. «بارغانسېرى يوغان، بەستلىك ئادەملەر كىچىكلەپ، ھەتتا يىلانلارمۇ قىسقىراپ، مۆكگۆزلىرى ئۇپراپ كېتىۋاتىدۇ. تۆگە كىرسە كۆرۈنمەس يىچانلار قىسقاردى، غۇلاچ-غۇلاچ يىلانلار قىسقاردى، دەريا كەبى سوزۇلغان ئۆمۈرلەر قىسقاردى...» دېيىشمەكتە كىشىلەر.

سۇرمە ئىككى يىل ئاۋۋال مۇشۇ مەھەللىگە كېلىن بولۇپ كەلگەن. تۇنجى بالىسىمۇ بىر ياشقا كىرىپ قالدى. كېلىن دېگەن ئۆيگە بەخت ئەكېلىدۇ دەيدىغان. نەدىكىنى؟ سۇرمە كەلگەندىن بېرى تۇرمۇش ئۆكسىلىپ باقمىدى. سۇرمە بۇنىڭغا خۇددى ئۆزىنى گۇناھكاردەك ھېسابلاپ دائىم ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپلا يۈرۈيدۇ. چىرىغى يورۇق كۆيمەيۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. قېيىنئاتىسى بولسا ھەر كۈنلۈكى ئادەت بولۇپ قالغان مەجلىسكە «سايرىغىلى» بارىدۇ، ھەر قېتىم سايرىغاندا «ئىككى-ئۈچ قوي يېگەن» لىكىنى بويىنىغا ئېلىپ كېلىۋېرىدۇ. بوۋاي ئەنە شۇنداق ئاكتىپ ئادەم. خەقنىڭ كەينىدە قېلىشنى، خەقلەرنىڭ كۆزىگە قاراپ قېلىشنى خالىمايدۇ. گومىنداڭغا ئەسكەر بولغاندىن تارتىپ، قۇربىنىڭ يېتىشىچە ئاكتىپ ئىشلىگەن، ھەرگىزمۇ هارامزادىلىكنى ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەن ئىدى.

كەنت باشلىقلىرى بوۋاينىڭ خۇيىنى ياخشى بىلگەچكە: «ھە، ئاقساقال، مۇشۇ كەمگىچە ھۆكۈمەتنىڭ نەچچىلىك مېلىنى يېگەنلا؟ تېزراق سايراپ بەرسىلە، سىلى باشلاپ بەرمىسىلە، بۇ خەقنىڭ تىلىنى يۇلۇۋەتسىمۇ تىنمايدۇ» دەپ ئىلھاملاندۇرۇپ قويسىلا، بوۋاي ئويلىنىشقا باشلايدۇ.

قايسى چاغلار بولغىيتتى، ياش ۋاقتىدا باشقىلار بىلەن بەسلىشىپ بىر پاقلاننىڭ گۆشىنى پۈتۈن يەۋېتىپ، ئىچى قىزىپ ساينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈنەپ چىققانلىرىنى، ھېسابلىسا ھېلىقى شىپاڭ دېگەننىڭ ۋاقىتلىرىدىكى ئىش ئىكەنلىكىنى سۆزلەيدۇ. يەنىچۇ؟ بوۋاي يەنە ئويلىنىشقا باشلايدۇ. خىيال سۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئاشۇ يىللاردىكى ئاغرىقچان يولدىشى — مومىيى يادىغا كېلىپ قالىدۇ. مومىيى قازا قىلغاندا ئۇماچ چېلىپ بەرگىنى يادىغا كېلىدۇ. ئۇماچ دېگەنبىلەن يوبدانىنىڭ سۈيىمۇ ئۇنىڭدىن تۇزۇكرەك، ئۇماچقا بىر توغرام گۆش سالالماي جامائەتنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالغىنى يادىغا كېلىدۇ. ئويلىنىپ-ئويلىنىپ بوۋاينىڭ كاللىسى گادىرماچ خىياللار بىلەن قالايمىقان بولۇپ، يادىغا كەلگىنىچە ۋاقتى بىلەن ھېسابلىشىپ

ئەدەبىيات گۈلزارى

ئولتۇرماي ھەممىنى دەيدۇ. بەزىدە ئاخىرىنى تاپالماي قالىدۇ. ئاندىن ئاغزىغا كەلگەننى بوغۇزىغا يۇتماي دەۋېرىدۇ.

ــ يازە بالام، بىر يىلى مەن بىر پاقلاننى پۈتۈن يەپتىمەن ...

ھېسابچى يىگىت ساددا بوۋايدىن قايسى يىلى، قانداق يىگەن دەپ سوراپ يۇرمەيلا شالاقىدە يىزىۋېتىپ يەنە قارايدۇ.

ــ يەنىچۇ؟

ــ ھە ... ئەسلىۋالاي جۇما.

ــ ئەمىسە ئەتە كەگەندە سايرىسىلا، ــ دەيدۇ ھېسابچى يىگىت. چۈنكى ئەتىسى يەنە بوۋاي باشلاپ بەرمىسە بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. نۆۋەت باشقىلارغا كېلىدۇ ...

ــ ئاتا، بۈگۈن قانداق سايرىدىڭ؟ ــ دەپ سورايدۇ ئوغلى ھەر كۈنى كەچتە، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان بوۋايدىن.

ــ بۈگۈنما ... ئىككى پاقلان يىگىنىمنى دەپتىمەن، بالام.

ــ نەدە يۇرۇپ يىگەن ئىككى پاقلاننى؟

ــ ۋاي تائەي، ئېسىمدە يوق.

ئىشلار مانا شۇنداق، بوۋاينىڭ بوينىغا قەرز يۈكلىنىۋېرىپ بۇ ئۆينىڭ ئىشلىرى ھېچبىر ئىلگىرى باسمايدۇ، ئوغلى بولسا بوۋاي ھەر قېتىم «سايراش»قا ماڭغاندا قايناشقا باشلايدۇ.

ــ ئاتام ئالجىپتۇ! يىمىگەننىمۇ يىدىم دەپ بېشىغا پىت تېرىۋاتىدۇ. ئالداپ ـ سىلاپ خەقكە ئۆلگە قىپ قويسا ئۆزىنى ئوتقا ئىتتىرىۋاتىدۇ. ھېلى باكا ئۆزۈم بېرىپ ئاشۇ خەقنى ئوبدان سايرىتىمەن! سايرىمىسا يىگەن يوغان قورساقلىرىنى بۆسۈپ تازا ... ھە! ... خەپ! ...

سۈرمە ئىبرىنىڭ ئىش تېرىپ قويۇشىدىن قورقۇپ قولىغا ئېسىلىپ ئۇنى ماڭدۇرمايدى. ئىبرىنىڭ ھەققەتەن ئاچچىقى يامان، ئاچچىق كەلگەندە نېمە ئىشلارنى قىلمايدۇ ـ دەيسىز! بۈگۈنمۇ بوۋاي سايراشقا ماڭدى. سۈرمە ئىبرىغا يېلىنىپ يۇرۇپ ئاران دېگەندە مالنىڭ يېنىغا يولغا سېلىپ بولۇپ ئاندىن ئۇھ! دېدى.

سۈرمە قازان ـ قومۇچىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ يىپ ئېگىرگىلى ئولتۇردى. ئەمدىلا تە ـ تەلەپ ماڭغان بالىسى ئۇنىڭ دۈمبىلىرىگە ئېسىلىپ ـ يامىشىپ، يىقىلىپ ـ قوپۇپ ئۆز ھالى بىلەن. شۇ ئارىلىقتا كىگىز ئۆينىڭ ئىشكى شىرت قىلىپ قالدى. سۈرمە بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، يوغان بىر چار يىلان بېشى پاتقان كاماردىن

غىرقىراپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆردى. سۈرمىنى سۈر بېسىپ پۈتۈن ئەزايى تىترەپ كەتتى. چار يىلان بېشىنى كۆتۈرۈپ تىككىدە بولۇپ بويۇنلىرىنى سوزغىنىچە ئۇياق ـ بۇياققا بىر نەرسە ئىزدىگەندەك قاراشقا باشلىدى.

تۇيۇقسىز سۈرمىنىڭ ئېسىگە قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن بىر ئىرىم كېپقالدى. ئۆيگە يىلان كىرسە ئاق نەرسە ئاتاپ يىلانغا نەزىر قىلىۋەتسە، نەزىرىسى قوبۇل بولسا يىلان مۈڭگۈزىنى تاشلايمىش. يىلان مۈڭگۈزى چۈشكەن ئۆيگە بەخت ـ سائادەت ياغارمىش. ئەستا، قېتىق ئاشخانىدا ئىدى. قېتىقنى ئېلىپ چىققۇچە يىلان «ئۆركۈپ» كېتىدۇ. سۈرمە ئىككى يېنىغا قاراپ ھېچبىر ئاق نەرسىنىڭ تايىنى يوق ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ دەرھال بالىسىنىڭ ئۈچىسىدىكى ئاق كۆڭلەكنى سالدۇرۇپ، «ئۆيۈمگە قۇت بەر، مۈڭگۈزلۈك يىلان، ساڭا ئاق كۆڭلەكنى ئاتىغان بالامغا سائادەت ئاتا قىل!»دەپ بىر ھازا شىۋىرلاپ، كۆڭلەكنى تۆشۈكنىڭ يېنىغا تاشلىدى. يىلان ئارقىسىغا سەل داجىپ توختاپ قالدى. بالا تۆشۈكنىڭ ئالدىغا تاشلانغان كۆڭلىكىگە قاراپ تەلپۈندى. ئۆز مۈلكىنى ئۆزى قوغدىماقچى بولغاندەك ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىن بوشىنىشقا تىرماشتى، لېكىن ئانىسى ئۇنى ئىختىيارىغا قويمىغاچقا ئاخىرى «چىرىدە» يىغلىۋەتتى. بۇنىڭدىن چۆچۈگەن يىلان شارتتىدە ئارقىغا بۇرۇلدى ـ دە، كىگىز ئۆينىڭ ئىشكىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

سۈرمە دەرھال يىلان تۇرغان جايغا قارىدى. يىلان مۈڭگۈزىدەك كۆرۈنگەن بىر نەرسىنى قولىغا ئېلىپ كۆزىگە يېقىن ئەكېلىپ قارىۋىدى، ئوتۇننىڭ ئۇشىقى بولۇپ چىقتى. لاسسىدە بوشاشقان سۈرمە بالىسىدىن ئاغرىندى. رازى بولۇپ بەرمىسەڭ يىلان مۈڭگۈزىنى تاشلامدۇ؟ بالىنىڭ رىزقى ـ پېشانىسى شۇنچىلىك بولسا ئامال قانچە؟ دېگەننى ئويلىدى. يۈرىكى ئېغىپ كۆڭلى غەش بولدى. بالىنىڭ كۆڭلىكىنى كىيدۈرۈپ، تۆشۈكنىڭ يېنىغا بىر ھېجىر قېتىقنى قويۇپ قويدى. مۈڭگۈزلۈك يىلان قېتىقنىڭ ھىدىنى ئېلىپ قايتا كېلىپ قالار دەپ ئۈمىدلىنىپ ئولتۇردى.

شۇنىڭدىن تارتىپ سۈرمىنىڭ قولى ئىشقا بارماس بولدى. دائىملا كىگىز ئۆينىڭ يوچۇقىدىن يىلان كىرگەندەك كۆرۈنىدىغان، تۆشۈكنىڭ قىرىغا مۈڭگۈزىنى سۈركەپ، مۈڭگۈز تاشلاۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان بولدى. ئىبرىگىمۇ، قېيىنئاتىسىغىمۇ، قوشنا ـ قۇلۇملارغىمۇ تۆشۈكنىڭ يېنىغا قېتىق قويۇۋاتقانلىقىنىڭ سىرىنى تىنمىدى. يىلانمۇ ئاستا ـ ئاستا بۇ ئۆيگە كىرىپ ـ چىقىشقا كۆندى. يىلان ھەر قېتىم ئۆيگە كىرگەندە ھېجىردىكى لىققىدە قېتىققا باشلىرىنى مىلاپ چېچىپ، كۆلگە ئارىلاشتۇرۇپ راسا

www.uyghurkitap.com

ئوينىۋېلىپ، ئاندىن چىقىپ كېتىدىغان بولدى. سۇرمە يىلان مۈڭگۈزىنى تاشلىغاندا ئاندىن بۇ خۇش خەۋەرنى باشقىلارغا بىراقلا ئېيتىشنى ئويلىدى.

ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرى بوپقالغىنىغا قارىماي، جاھانغا ئوت كەتكەندەك ئىسسىق بوپكەتتى. بىر تامچىمۇ يامغۇر ياغماي باغبارانلار سولىشىپ، زەيلەر قۇرۇپ، قۇرت، جان-جانۋارلارنىڭ بېشىغا قەھەتچىلىك چۈشتى. ھەممە جاي تونۇردەك ئىسسىقتا ھۆلۈلدەيتتى. تىك چۈشكەن كۈن نۇرى يەر - جاھاننى چوغدەك قىزدۇرۇپ، يىلانلارنىڭ قاسراقلىرىنى قورۇپ قىلىۋېتەتتى. جان ئاسرايدىغان يەر تاپالماي بىچارە يىلانلارنىڭ تىللىرىنىڭ زەھىرى قېچىپ، قۇرۇقتىن - قۇرۇق كۈشۈلدايتتى. ئۇلاغ - چاھارپايلار ماڭغان چىغىر يول بىلەن تۈگۈلۈپ - بېغىرلاپ مىڭبىر جاپالار بىلەن مەھەللىنىڭ چېتىدىكى پېچانلىقنىڭ سايىسىگە باشلىرىنى يوشۇرۇشتى. ئېزىپ - تېزىپ ئاۋۇ پايانسىز جاڭگالغا چىقىپ كەتكەنلىرى باغرى قىزىق تاشقا چاپلىشىپ پىشىپ قالدىمۇ، تېخى!؟پېچاننىڭ سايىلىرىدا جان قوغداپ توپ - توپ بولۇپ توقاچ ناندەك تۈگۈلۈشكەن يىلانلار ئەمدى خېلىلا ئارام تېپىپ قېلىشقاندەك ئىدى.

شۇ كۈنلەردە مال - چارۋىلارنىڭ قىشلىق خەشەك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يۇقىرىدىن ھەر ئائىلىگە ئوت - چۆپ يىغىش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلدى. قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن يايلاقنىڭ ئوت - چۆپلىرى بۇ يىل يەرنىڭ تېگىگە كىرىپلا كېتىشكەنىدى. ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن خالايىقنىڭ ھەممىسى ۋاقىتسىز سارغىيىشقا باشلىغان پېچانلىققا تاشلاندى. «بازار چاققاننىڭ» دېگەندەك چوڭ-كىچىك، ئەر - ئايال، كېلىن- چوكانلارنىڭ ھەممىسى ئورغاقلىرىنى بىلەپ، يەڭلىرىنى جەينەككىچە تۈرۈشۈپ، غاز قانتى بولۇپ سول تارتىپ پېچانلىقنى تالاپ كېتىشتى.

پېچانلىقنى پاناھ جاي قىلىشقان يىلانلارنىڭ كۈنى ئەمدى تېخىمۇ تەسلىشىپ كەتتى. كىچىك باللار ئالدىغا كېلىپ قالغان يىلانلارنى ئورغاق بىلەن ئىلماشلاپ بەللىرىدىن ئۈزۈپ تاشلايتتى ياكى تاش بىلەن قاپ بەلگە قويۇشاتتى. بەللىرىدىن ئۈزۈلگەن يىلانلار بېشى بۆلەك، قۇيرۇقى بۆلەك تۈگۈلۈپ سەكرىسە باللارغا تېخىمۇ ئويۇن بولۇپ بېرەتتى. تىنچلىق بۇزۇلۇپ پېچانلىق تار كەلگەن يىلانلار ئەمدى تەرەپ-تەرەپكە پىترىشىپ، قېچىپ چاك-چاك يېرىلغان سازلىقلارنىڭ يېرىقلىرىغا باشلىرىنى تىقىشقا ئۈرۈنۈشاتتى.

سۇرمىنىڭ ئۆيىگە كۈنسايىن كىرىپ ئۆگەنگەن چار يىلان كۈندىكى يول بىلەن يەنە ئۆي تەرەپكە ئۆملىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ ئارقىسىغا يوغان بىلەكتەك ناتونۇش بىر ئاق چار يىلان ئەگىشىۋالغانىدى. ئىككى يىلان ئارقا - ئارقىدىن كۈشۈلدىشىپ كىگىز ئۆينىڭ بېشى پاتقان يېرتىقىدىن ئۆملىشىپ كىرىپ كېلىشتى. ئەمدىلا پېچانلىقتىن بالىسىنى ئېمىتىش ئۈچۈن كەلگەن سۇرمە ئىككى يىلاننى كۆرۈپ، بۈگۈن بۆلەكچە چوڭ خۇشاللىقنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئالدىن تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۈلگۈردى. «قىلغان نەزىرىم قوبۇل بولۇپ، ئىككى يىلاننىڭ بىرسى بولسىمۇ مۈڭگۈزىنى تاشلاپ كەتكەي، ئىلاھىم...» دەپ بالىسىنى ئېمىتىپ ئولتۇردى. ياراتقان ئىگىسى سېخىيلىق قىلىپ يىلانلارنىڭ «خىزىرى»نى ئەۋەتكەن بولسا - ھە! ... باھانە - سەۋەب بىلەن بۇ شور تۇرمۇشتىن قۇتۇلۇپ كەتسە ...

ئىككى يىلان تۆشۈكنىڭ يېنىدىكى ھېجىرغا لىق قويۇلغان مۇزدەك قېتىققا باشلىرىنى مىلىشىپ سەگىدەشتى. كۆلگە چېچىلغان قېتىقلارنىڭ ئۈستىدە چاقمىشىپ - يۆگىشىپ خېلى ئۇزاق ئويناشتى. بىر ھازا ئۆتكەندە چار يىلان بۇرۇلۇپ تالاغا ماڭدى. بىللە كىرگەن ئاق چار يىلان بۇ سالقىن، ياخشى جايدىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك بىردەم ئويان، بىردەم بۇيان ئايلىنىپ ئاندىن ھەمراھىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

سۇرمە تەخىرسىزلىك بىلەن يىلانلار چېچىپ كۆلگە ئايلاشتۇرۇۋەتكەن قېتىقلارنىڭ ئارىسىنى، تۆشۈك ئەتراپىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. يىلانلار مۈڭگۈزىنى ھېچبىر تاشلىغاندەك ئەمەس. لېكىن سۇرمە يەنىلا ئۈمىدۋار.

— ھاي سۇرمە! قېنى سەن، ئۆلدۈڭمۇ، بارمۇ؟!

سىرتتىن ئېرىنىڭ كاركىرىغىنى ئاڭلاندى، ئۇنىڭ ئاچچىقى ئەنە شۇنداق يامان، ئازلا ئىشقا ئاغزىدىن پوق ئاقىدۇ. ئۈسكەك بۇقىنىڭ كۆزىدەك ئالايغان كۆزلىرىدىن ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلىدۇ. مەيلى كاركىراۋەرسۇن، خۇش خەۋەر ئاڭلىغاندا چۈشىنەر ...

سۇرمە بالىسىنى يېنىك پەپىلەپ ئۇخلاتتى. چۈشۈن چاقمىسۇن دېگەندەك بالىسىنىڭ يالىڭاچ ئېتىكىگە نېپىز ياغلىق يېپىپ قويۇپ، ئاندىن تۆشۈك يېنىدىكى ھېجىرغا قېتىق لىقلاپ قويۇپ ئېرىنىڭ ئارقىسىدىن پېچانلىققا يۈگۈردى.

كەينىدىرەك ئۆيدىن چىققان ئاق چار يىلاننىڭ ئەسەبىيلەشكەن نەپسى ئۇنى ئۆيدىن كۆپ ئۇزىغىلى قويمىدى. سالقىن جاي، ھەر خىل خۇشبۇي ھىد كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەي سەزگۈلىرىنى غىدىقلاپ قىلىۋېتەتتى. ھەمراھىغا ئەگىشىپ بىردەم ئالدىغا ئۆملىسە، بىردەم ئۆي تەرەپكە قاراپ بويۇنلىرىنى تىككىدە قىلىپ خورقىرايتتى. بىردەم قۇيرۇقلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ يۇمىلىسا، بىردەم توقاچ ناندەك يۆگىشىپ تۈگۈلەتتى. ھەر قانداق قىلىپ ئۆزىنى

گۈل قىلىپ باقسىمۇ بولالماي ئاخىرى غۇلاچلىنىپ سوزۇلغىنىچە ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قاپلىغان پىچانلىقتىن ماۋۇ ئۆي كۆزىگە بىخەتەر، راھەت كۆرۈندى. بولمىسا ئۇۋۇسى ئەزەلدىنلا پىچانلىقتا ئەمەسمىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇۋۇسىغا قايتىش ئۆلۈمگە باراۋەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە پىچانلىقتا بەدەنگە سانجىلغان ئاچچىق تىكەندىن بۆلەك ھېچنەرسە يوق. ماۋۇ ئۆيدە بولسا ئۆمرىدە ھىدلاپ باقمىغان تۈمەن خىل خۇشبۇي ھىدلار بار تۇرمامدۇ؟ ئىست، پىچانلىقلاردا باغرىنى داڭگالغا، تىكەنگە تاتىلىتىپ، قاقاس تاشلىقلاردا ئۆزىنى ئۇتلەپ، سازلىقلارنىڭ يېرىقلىرىدا قىسىلىپ جان قىيىنغانلىرى ...

ئاق چار يىلان ئېسىدە قالغىنى بويىچە كىگىز ئۆينىڭ تۆشۈكىدىن غىرىدە كىرىپ كەتتى. ئۆي ئىچى چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك جىمجىت، باياملا سەگىدەپ ئويىنىغان تونۇش ئورۇندا لىققىدە بىر ھېجىر قېتىق تۇراتتى. ئاق چار يىلان بېشىنى ھېجىرغا چۆمۈلدۈرۈپ ـ چۆمۈلدۈرۈپ تازا ھۇزۇرلاندى. پاھ، نېمىدېگەن سالقىن، نېمىدېگەن چۈچۈمەل! يىلان پۈتۈن ئەزايىغا تاراۋاتقان راھەتلىك ئېقىمدىن ھوشىنى يوقاتقاندەك سوزۇلۇپ ياتتى. ئەمما قاياقتىندۇر كېلىۋاتقان گۆشنىڭ، ياش، قىزىق قاننىڭ ھىدى دىققىتىنى تارتىپ، بويىنىنى كۆتۈرۈپ تىككىدە بولۇپ ئەتراپنى كۆزىتىشكە باشلىدى.

بالا چۈشەكىپ ئۈستىگە يېپىلغان نېپىز ياغلىقنى تېپىشلەپ ئېچىۋەتكەندى. يېنىك پۇشۇلداپ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بالىنىڭ يۇمران يوتىلىرى كىگىز ئۆينىڭ تۈڭلۈكىدىن چۈشكەن يورۇقلۇقتا مەرمەردەك پارقىرايتتى. ئاق چار يىلان ئاچا قۇيرۇقى بىلەن يەرنى تىرەجەپ بىرلا سىلكىنىپ بالىنىڭ يېنىغا ھازىر بولدى. پاھ! نېمىدېگەن خۇشبۇي ھىد! ئاق چار يىلان پەقەتلا تاقەت قىلالمىدى. بىر يۇملاپلا بالىنىڭ ئوشۇقىدىن يوتىسىغىچە چىرمىشىپ يۆگىشىپ باغاشلىغىنىچە يۇمران گۆشكە ئىلمەك نەشتىرىنى گاچچىدە ئۇردى! «چىرىرىدە» قىلىپلا ئۈچكەن بالىنىڭ ئۈنى ئەزرائىلنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندەك بولدى.

ئاق چار يىلان ئۈچۈن مۇشۇ بىر دەقىقە ئەڭ لەززەتلىك، ئۇنتۇلغۇسىز دەقىقە ئىدى. خۇمارى قېنىپ پۈتۈن ئەزايى يايراپ كەتكەن ئاق چار يىلان بايا كىرگەن يوچۇقتىن غۇرىدە سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

بۇ ئۆيدىن نەچچە كۈنگىچە يىغا ـ زار ئاڭلىنىپ ئادەم ئايىغى بېسىلمىغاچقا، دائىم كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان چار يىلان ئۆيگە يېقىن يولىيالماي ئاخىرى ئۈمىدى ئۈزۈلگەندە پايانسىز جاڭگالغا قاراپ يەر بېغىرلاپ كەتتى.

سۇرمە «چار يىلان ماڭا خىيانەت قىلدى. كۆرسەملا ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دەپ ئىچىدە قەسەم ئىچتى. لېكىن بۇ قەسەم توغرىلىق ئىنس ـ جىنغا تىنالمىدى. ئەگەر ئېرى ئاڭلاپ قالسا ئۇنىڭ تېرىسىنى تەتۈرلا سويىۋېتىدۇ. مىجەزى قوداڭشىپ قالغان چاغلاردا:

ــ قېتىقنى نېمە دەپ يەرگە تۆكتۈڭ؟ ــ دەپ ئاچ بىقىنىغا نەچچىنى تەپكەن چاغلاردىمۇ چىداپ، كۈندە يىلان ئۈچۈن قېتىق قويۇپ يۈرمىگەنمىدى؟

بۇ ئۆيگە خېلى قەدىناس بولۇپ قالغان چار يىلان جاڭگالدىكى غورىگىلچىلىقتا نەچچە كۈنمۇ چىدىيالماي قايتىپ كەلدى. ئۆزىنى ئۆلۈمنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن! تونۇش يوچۇقتىن ئادىتى بويىچە غىرىدە سوزۇلۇپ كىرگەندە تۆشۈك تۈۋىدە قېتىق يوق، بېشىغا ئاق ياغلىق سالغان سۇرمە كۆز ياشلىرىنى تاراملىتىپ يوچۇقتىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇرغان ئىكەن. تاما بىلەن ئەتراپنى تىنتىپ قاراۋاتقان چار يىلان بىر نەرسىنى ھېس قىلغۇچە ئورنىدىن چاچراپ تۇرغان سۇرمە قولىدىكى كەكە بىلەن چار يىلاننىڭ قاپ بېلىگە كەلتۈرۈپ بىرنى قويدى! بېلىدىن ئۈزۈلگەن يىلان تۈگۈلگىنىچە بېشىنى يوشۇرۇۋاتقاندا كەكە چۈلدىسى ئۇنىڭ بېشىغا «گۈچچىدە» تېگىپ قان ھەر تەرەپكە چاچرىدى.

بالىنىڭ ئۆلۈمى سىر پېتى قېلىۋەردى.

يىلاننىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە ھېچكىم ھېچنەرسىنى بىلمىدى.

---

قىزىلسۇ قىرغىز نەشرىياتى نەشر قىلغان «جۇڭگو قىرغىز يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار» ناملىق كىتابتىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى **ئابدۇراخمان ئەزىز ئوغلى.**

**بۇ ساننىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن؛ تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ تەكلىپلىك تەھرىرى: ئايگۈل ئەمەت؛ كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۈچقۇن، گۈلنار رۇستەم (تەكلىپلىك).**

www.uyghurkitap.com



# تېلېفون

(ھېكايە)

**ئادىل يىلدىرىم**

«بالا كەلسە قوشلاپ كەپتۇ» دېگەن راست گەپكەن. ئىچىم پۇشۇپ يۈرگەن بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە، سەككىز يىل ئۆي تۇتقان ئايالىمنىڭ خاپىچىلىقى ماڭا بەكمۇ ئېغىر كەلدى. بۇ زەربىدىن يىقىلىپ چۈشمىگىنىمگە ياكى مەلۇم بىرەر خىل جىنايەت سادىر قىلىپ قويمىغىنىمغا ئۆزۈممۇ ھەيران. بۇلارنى سۆزلەش ئۈچۈن گەپنى بۇندىن ئىككى يىل ئاۋۋالقى خۇشاللىقتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ چاغدا مەن ئۆزۈمچە بىر ئوبدان ئىش قىلغانىدىم. تۇرمۇشتا مۇھەببەتلىك، تەجرىبىلىك ۋە قانائەتچان، بىلىملىك بولمىسىمۇ ئارزۇ - ئارمانلىرى، خىياللىرى قىز بالىدەك ئاددىي، تەنتەك ھەمدە ساددا، سەبىي بولغان ئايالىمغا بىر دانە «زېرەكچاق» يانفون ئېلىپ بەردىم. ئىنىمنىڭ ئايالى، ئاپام ۋە سىڭلىمنىڭ ھەسەت قىلىشلىرى، چىدىماي جېدەللىشىشلىرىگە قارىماي، شۇنداق قىلدىم. سەۋەب تولىمۇ ئاددىي، ئايالىمنى خۇش بوپقالسۇن، يىراقتىكى ئاتا - ئانىسى، قېرىنداشلىرى، شۇنداقلا، دوستلىرى، ساۋاقداشلىرى بىلەن ئارامخۇدا مۇڭدىشىۋالسۇن؛ قاچاندا سۆزلەشكۈسى كەلسە، شۇ چاغدا سۆزلىشىۋالسۇن، ماڭا بىر بالىنى تۇغۇپ بەرگەن، ئۇرۇمچىدە مېنىڭدىن باشقا ھېچقانداق بىر يېقىنى يوق سۆيۈملۈك، ساداقەتمەن ئايالىمغا ھېچقانداق بىر تۈزۈكرەك ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم، مۇشۇنچىلىك بولسىمۇ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ قوياي، دېدىم. كۈتكىنىمدەك، بۇ قىلغىنىم ئايالىمنى ئالەمچە خۇش قىلىۋەتتى. ئۇ، خۇشاللىقنى يوشۇرۇپ كېتەلمەيتتى. يىراقتىكى ئاتا - ئانىسى، قېرىنداشلىرى، دوستلىرى بىلەن تېلېفونلاشقان چېغىدا ئۇنىڭ قەلبىدىكى خۇشاللىقى چىرايىغا تېپىپ چىقاتتى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ تەن ساغلاملىقى، روھىي ساغلاملىقىمۇ كۆپ ياخشىلىنىپ كەتتى. ئۆزى تېخىمۇ بەك چىرايلىقلىشىپ كەتتى. مەنمۇ خاتىرجەملىك ھېس قىلدىم. ئەمما، بۇ خۇشاللىقلار پەقەت بىر يىللا داۋام قىلدى. «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندەك، «قىچىشمىغان يەرنى تاتىلاپ»، كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز پۇشايمانغا قېلىشىمنى ئەسلا ئويلىماپتىكەنمەن! شەيتان «تېلېفون» بىزگە ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى.

ئەتىيازنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىدى. قېيىنئانام ئايالىمغا تېلېفون قىلىپ، بىر نەرسىلەرنى دېدى. ئايالىم گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا: «بەك ئوبدان بوپتۇ! ماڭا چوقۇم تېلېفون قىلسۇن!» دەپ سەكرەپ كەتتى. «نېمە ئىش ئىكەن؟» دېسەم، قېيىنئانامنىڭ ئۇزاق يىل ئىلگىرى باشقا بىر يۇرتقا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان بىر قورساق ئاكىسى بارئىكەنمىش. ئۇلار تا ھازىرغا قەدەر يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغانمىش. ئۇ ئادەم (يەنى ئايالىمنىڭ تاغىسى) ئالتە - يەتتە بالىلىق بوپتۇ (ئاران تېخى ئەڭ چوڭ بالىسىنى ياتلىق قىپتۇ) ۋە ئەمدىلىكتە «ياشىنىپ قالدۇق! پەرزەنتلىرىمىز ئۆز ئارا تونۇشۇپ، قېرىنداشلىقنى داۋاملاشتۇرغاي ۋە بەلكى تۇغقاندارچىلىقنى كۈچەيتىش

ئۈچۈن مۇمكىن بولسا، نەۋرىلەرنى بىر ـ بىرىگە چاتقۇدەك بولسا، چىتىپ قويساق...» دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىكەن. ئۇ ئادەم ئىككى بالىسىنى ئېلىپ يېقىندا قېيىنئانامنىڭ ئۆيىگە ئىزدەپ كەپتۇ ۋە ئۈچ كۈن قونۇپ، ئايالىمنىڭ ئاكا ـ ئۇكىسى، سىڭىللىرىنىڭ (ئەلۋەتتە ئايالىمۇ شۇنىڭ قاتارىدا) بىر ـ ئىككى پارچىدىن سۈرىتىنى ئېلىپ قايتىپتۇ. ئەتە ـ ئۆگۈن ئۇلارنىڭ بىر قىزى ئۈرۈمچىگە كېلەرمىش. ئۇلار ئۈرۈمچىگە كېلىدىغان قىزنىڭ ئايالىم بىلەن يۈز كۆرۈشۈشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىكەن. قېيىنئانام ئۇلارغا ئايالىمنىڭ تېلېفون نومۇرىنى دەپ بېرىپتۇ. ئۇلارمۇ ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى قېيىنئانامغا دەپ بېرىپتۇ. قېيىنئانام باياتىن ئايالىمغا دەپ بېرىپتۇ، خالاس. ئىككى كۈندىن كېيىن ئايالىمنىڭ تېلېفونى جىرىڭلىدى. ئايالىم «ئۇچتاش» تىكى ئۇزۇن يوللۇق ماشىنا بېكىتىگە كەتتى ھەمدە بۇقۇسراپ كەتكەندەك كۆرۈندىغان بىزەك چىراي بىر قىز بالىنى مۇھەببەتلىك، خاتىرجەم، ئاددىي ئۆيىمىزگە باشلاپ كىردى. ئۇ قىز ئايالىم بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىدى. ئۇ كۆز ۋە كۆڭلۈمگە پەقەت سىغمىدى. «ئالتىنچى سەزگۈ» يۇم ئۇنى پەقەت خالىمىغانىدى. نېمە ئۈچۈندۇر، بىلىپ بولغىلى بولمىغۇدەك ئاجايىپ بىر خىل سوغۇقچىلىق ھەم كۆڭۈل غەشلىكىنى تۇيغاندەك قىلدىم...

مەن ئۆيگە كىرمىدىم. ئايالىم بىلەن كۈندۈزى چوڭ ئۆيدە ياكى خىزمەت ئورنۇمدا كۆرۈشۈپ تۇردۇم. ئايالىم: «يىگىتتىن يۈز كۆرۈشكەن تۇغقىنىمنى ياقتۇرمىدىڭ!» دەپ بىرئاز رەنجىگەن بولسىمۇ، ئامال قىلالمىدى. شۇنداق قىلىپ تۆت كۈن بولغاندا، ئۇ قىز يۇرتىغا كەتتى. «ئۇھ...» دەپ تۇرۇشۇمغا، ئىشنىڭ ئالامەت قىسمى باشلانغانىدى. ئۇ كېتىپ ئەتىسى يۇرتىغا تىنچ ـ ئامان يېتىپ بارغانلىق ئۇچۇرىنى ئايالىمنىڭ تېلېفونىغا يوللىغان كۈندىن باشلاپ ئايالىمنىڭ تېلېفونى كۈندە بىر قېتىم جىرىڭلايدىغان بوپقالدى. جىرىڭلىماي قالسا ئايالىم تاقەت قىلالماي «IP 17909» نومۇر ئارقىلىق ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون قىلىدىغان بولدى. ئايالىمنىڭ تېلېفونى تىپىك «قىزىق لىنىيەلىك تېلېفون» غا ئۆزگىرىپ قالغانىدى. ئايالىمۇ تىپىك «تېلېفون مەستانىسى» گە ئايلانغانىدى. كۈندىلىك «ئەڭ مۇھىم خىزمىتى» تېلېفون بىلەن ھەپىلىشىش ئىدى. چوڭلارنىڭ قېشىدا بېقىلىۋاتقان بالىمىز بىلەنمۇ، مەن بىلەنمۇ، ئۆي ـ ئائىلىمىز بىلەنمۇ، قىسقىسى، ھېچنېمە بىلەن كارى بولمايدىغان، ئاشۇ مەن تونۇمايدىغان تۇغقانلىرى بىلەن تېلېفونلىشىشلا بولدى. بۇ كارامەتلەرگىمۇ «مەيلى» دېدىم! ھەممىدىن چاتاق بولغىنى شۇكى، ئايالىمنىڭ كۈندە تېلېفونلىشىدىغىنى بىرئوغۇل بالا ئىدى! ئۇ كىم؟! ھېلىقى بىزەك چىراي قىز بالا ئايالىم تەرىپىدىن ئۇنتۇلغانىدى! مەن كۆرۈپ باقمىغان ھېلىقى ئورۇق ـ سېمىز، قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئايال، ئېگىز ـ پاكار تۇغقانلىرىنىڭ ھېچقايسىسى يوق! پەقەتكىنە ئاشۇ بىر غەلىتە غىتمەك مىجەز ئوغۇلبالا تۇغقىنىلا مەۋجۇت ئىدى. ئۇقسام، ئۇ بالا ئايالىمدىن تەخمىنەن بىر يا ئىككى ياش كىچىك بولغان، ئاشۇلارنىڭ جەمەتىدىكى بىر نەۋرە ئىنىسى ئىكەن. دەسلەپتە ئۇلارنى سەل چاغلىغان بولساممۇ، بارا ـ بارا ھەددىدىن بەك ئېشىپ، چىدىغۇسىز بىر ھالەتكە يەتكەندە، ئاچچىقلىنىدىغان بولدۇم ھەمدە «تېلېفون سۆرەتلىك جىن» چاپلاشقان ئايالىمغا قاتتىق ـ يۇمشاق قىلىپ، كۆپ نەسىھەت قىلدىم. كۈنلەر ئۆتتى. «تېلېفون» جىرىڭلايدۇ...

ئىككى ئايدىن كېيىن ــ يازنىڭ راسا تاتلىق كۈنلىرى باشلانغان بىر كۈنلۈكى، ئايالىم ئاشۇ تاغىسىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز شۇ ياقلارغا ماڭدى. مەن ئۇنىڭغا ئون كۈندىن ئېشىپ كەتمەسلىكنى تاپىلاپ، يالۋۇرۇپ يىغلاشلىرىغا تەسلىم بولۇپ، كۆڭلۈم ئۇنىمىسىمۇ رۇخسەت قىلدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تويى قىلىپ مۇشۇ كۈنگىچە ئايالىمنىڭ مەندىن تەلەپ قىلغىنى مۇشۇ ئىش بولدى. شۇڭا، لېۋىمنى چىشلىگىنىمچە «ئاللاغا ئامانەت!» دېدىم.

ئايالىم تۇغقانلىرىنىڭ قېشىغا ساق ـ سالامەت يېتىپ بارغاندىن تارتىپ «قىزىق لىنىيەلىك تېلېفون» جىرىڭلىماس بوپقالدى، ئايالىمۇ ماڭا تېلېفون قىلمىدى. كۈنلەر ئۆتىۋەردى. مەن ئۇنىڭغا سان ـ ساناقسىز قېتىم تېلېفون قىلدىم (كۆرگۈم كەلگەچكە!) ھەر قېتىم تېلېفون قىلسام، كۈندە تېلېفون قىلسام، قاچاندىلا تېلېفون قىلسام، تېلېفونىنى ئاۋۋال ھېلىقى غىتمەك مىجەز ئوغۇل بالا ــ ئايالىمنىڭ نەۋرە ئىنىسى ئالاتتى ۋە شوخلۇق، ھەييارلىق چىقىپ تۇرىدىغان ئاۋازى بىلەن مېنىڭدىن قىسقىچە، مۇنداقلا ئەھۋال سورايتتى ـ دە، «ئاچا، تېلېفون!» دەپ، ئايالىمنى چاقىراتتى. ئايالىمنىڭ مەن كۆرۈپ باقمىغان ئامراق نەۋرە ئىنىسى ــ ئاشۇ غىتمەك مىجەز بالىنىڭ باشقا ئىشى يوقمىكىنە؟! ئۇ ھەمىشە تېلېفونىنىڭ قېشىدىلا ئولتۇرامدىكىنە؟! ئايالىمنىڭ دېيىشىچە، تاغىسى ئايالىمنى بەك ئىززەتلەپ كۈتۈۋاپتۇ ھەمدە: «ئاران بىر كەلگەندە، ئۇزۇنراق تۇرۇڭ، يەنە بىر قېتىم كەلگىچە كىم بار؟ كىم يوق؟ ... كەلمەك ئىرادە، يانماق ئىجازەت»

www.uyghurkitap.com

دەپ، قايتقىلى قويمايۋېتىپتۇدەك. مەن خاپا بولۇپ، ئۇنى تېزدىن قايتىپ كېلىشكە ئۈندىدىم. ئۇ بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، تەلۋىلەرچە قاقشايتتى. ئىككىمىز كۈندىن - كۈنگە تېلېفوندا جېدەللىشىدىغان بولدۇق. ئۇ ماڭا ھەر قېتىم سوغۇق ۋە قوپال مۇئامىلە قىلاتتى. ھەر بىر قېتىملىق تېلېفون كۆڭۈل ئاغرىقى بىلەن ئاخىرلىشاتتى. كۆڭلۈم پاراكەندە بولۇپ كەتتى. «گۇمان ئىمانىنى قاچۇرار» دېگەندەك، لەنىتى شەيتان مېنى گۇمان قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتاتتى. ئەسلى ئىشلار ئۇنچىۋالا ئەمەس... ئايالىمغا زورلۇق يوق! ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئۇلاردىن ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتىدۇ، ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قالدى! دەپ ئويلايتتىم. ئىشلار ماڭا بەكمۇ سىرلىق ھەم قورقۇنچلۇق بىلىنىۋاتاتتى. ئاچچىقىم كېلىدىغان، ئازابلىنىدىغان بولۇپ قالدىم. ھەر قېتىم ماڭا سويۇپ چاپلاپ قويغاندەك ئوخشايدىغان بىچارە، ئوماق بالام كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى. ئايالىم «قېرىنداشلىرىغاندا بۇزۇلدىمۇ؟» ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئىشەنسەممۇ، يەنىلا گۇمان قىلماي بولمايتتى. «مىڭبىر كېچە» چۆچەكلىرىدىمۇ توققۇزى تەل، پادىشاھ ئېرىدىن كۈچلۈك مۇھەببەت يېغىپ تۇرغان خانىش بەتبەشىرە بىر قارا زەڭگى قۇلنى ياخشى كۆرۈپ قالىدىغۇ، «كۆڭۈل ياتقان يەردە ئىت ياتماپتۇ» دەپتىكەن. ئىنسان بالىسى تۇرساق؟! قارىغاندا... ئۇ غىتمەك مىجەز يىگىت ئايالىمغا كۆيۈپ قالغان چېغى... ئايالىمنىڭ قەلبىدىمۇ بىر ئوت كۆيۈۋاتامدۇ، قانداق؟! قائىدە ئۇقمايدىغان، ئەخلاقسىز، ئەدەپسىز ئۇخەق ئايالىمنىڭ بېشىدىن— قازان بېشىدىن نان ئۆرۈۋەتتىمۇ - يا؟! ئۇنى بېرىپ ئەكېلەي دېسەم، ئاناڭنى!... نەس باسقۇر ئىدارەمدىن ئەسلا رۇخسەت بەرگىلى ئۇنىمىدى...

بىر كەچقۇرۇنلۇقى خىيال بىلەن كېتىۋاتسام، تۇيۇقسىز بىرى چاقىردى. قارىسام، ناھايىتى سەت بىر پالچى ئايال ئولتۇرىدۇ. ئۇ، كۆزۈمگە تىكىلىپ ئولتۇرۇپ مۇنۇلارنى دېدى: «ئايالىڭىز بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، قارشى تەرەپمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىكەن. ئەمەلىيەتتە، قارشى تەرەپ ئايالىڭىزنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپلا كۆيۈپ قالغانىكەن ۋە ئاشۇ سۈرەتكە ئوقۇتۇۋالغانىكەن. ئۇلار بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشكىنى بىلەن، تېخىچە بۇ ئىش رەسمىي ئوتتۇرىغا چىقماپتۇ. ئايالىڭىز ھازىر قاتتىق ئىككىلىنىش ئىلكىدە تۇرۇۋېتىپتۇ... سىز چىڭ بولۇڭ! سىز ئۇنى تاشلىۋەتسىڭىزلا، ئۇ ئۇزۇنغا قالماي خارابلىشىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، مەھكەم بولغايسىز... بىر مەزگىللىك كۆرەشتىن كېيىن ئۇ ئەبلەخ مەغلۇپ بولىدۇ! بالاڭلار بىلەن بىرگە، ئۇچىڭلار مەڭگۈلۈك مۇھەببەتكە قايتا ئېرىشىسىلەر! قىسقىسى، ھازىر ئايالىڭىزنى پەقەت سىزلا قۇتۇلدۇرۇۋالالايسىز...» مەن تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم. بىر ھازادىن كېيىن ئېسىمنى يىغدىم - دە، ئۇنىڭغا ئالىيىپ:

—كۆزۈمدىن يوقال! — دېدىم ۋە ئالدى - كەينىمگە قارىماي يولۇمغا ماڭدىم.

«پەرۋەردىگارىم ئاللا!— دەيتتىم قەلبىمدە،— بىزنى قۇتۇلدۇرغىن! ھەممىمىزنى كەچۈرگىن! ئايالىمنى، بالامنى ۋە مېنى... ئىككى دۇنيالىقتا جەم قىلغىن! بىزگە ئۇزۇن ئۆمۈر، ساغلاملىق، خاتىرجەملىك، باياشاتلىق، مۇھەببەت... ئاتا قىلغىن، ئامىن!»

ھېچقانداق ئىشقا قولۇم بارمايتتى، خىزمەت ئۈنۈمدارلىقىممۇ زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. باشلىقىم مېنى تەنقىدلىدى. سەۋر قىلمىغان بولسام... تاسلا قالغانىدىم «پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا تاشلىغىلى».

شۇ تەرىقىدە 30 كۈن ئۆتۈپ كەتتى. 31 - كۈنى چۈشتىن كېيىن ئايالىم قايتىپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ قاتتىق ئاچچىقىم كەلدى. ئايالىمنى ئاجايىپ سېغىنغانىدىم، شۇنداقتىمۇ بەك ئاچچىقىم كەلدى. ئۇ تەبىئىي بۇدۇرسىمان چېچىنى ئاتنىڭ يالىسىدەك قويۇپ بېرىپتۇ، كالتەيەڭ مودا مايكا؛ كاسا، ئىككى يان، پۇچقاقلىرىدا چوڭ — كىچىك بەش-ئالتە يانچۇقى بار؛ ساڭگۇل - سۇڭگۇل تاسمىلىرى بار پادىچىلار ئىشتىنى ۋە سېرىق خۇرۇم ئاياغ كىيىۋالغانىدى. خېلى سەمرىپ قاپتۇ ۋە كۈن نۇرىدا بىلىنەر - بىلىنمەس كۆيۈپ، قىزىرىپ قاپتۇ، تاغنىڭ شامىلىدا راسا شامالدىغاندەك، مۇنداقچە ئېيتقاندا، چىرايلىق بىر قازاق قىزىغا ئوخشاپراق قالغانىدى. ئىتتىك قارىغاندا...

كەچ بولدى. ئايالىم ماڭا ئېسىلىپ چوڭ - چوڭ تىنىپ يۇرىدۇ. مېنىڭمۇ ھەم شۇنداق قىلغۇم بارئىدى، ئايالىمدىنمۇ بەك چوڭ - چوڭ تىنغۇم بار ئىدى! ئەمما، نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم خالىمايۋاتاتتى. ئۇنى ئىتتىرىۋەتتىم. مەن ئۇنىڭ ئاشۇ مەن كۆرۈپ باقمىغان تۇغقانلىرىغا شۇنداق بەك ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدىم. ئاشۇ تاغىسىنىڭ ئەقلى - ھوشى جايىدا بولسا، ھەرگىزمۇ خەقنىڭ خوتۇنىنى ئۇنداق 30 كۈن تۇرغۇزۇۋالمايتتى! ئېرى خاپا بولۇۋاتامدىكىن، ئەتە - ئۆگۈن ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قالمىسۇن، دەپ ئويلاپ، ئايالىم ھەر قانچە سەۋەب كۆرسىتىپ تۇرۇۋالسىمۇ: «قايتقىن قىزىم، كېيىن يەنە كېلىسەن ئەمەسمۇ. ئېرىڭ كۈندە بىر- ئىككى قېتىم تېلېفون قىلىپ خاپا بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئاقۋىتى

ياخشى بولماي قالمسۇن ــ يەنە! ...» دېيىشى كېرەك ئىدى.

خەپ ئىجىسلار! ھەممىسى ئىجىس...

ــ نېمە بولدۇڭ؟ــ دېدى ئايالىم ھەيران قىلىپ، ــ شۇنچە يىل بىرگە ئۆتۈپ، ئۆزۈڭنى قاچۇرغىنىڭنى مانا ھازىر كۆرۈۋاتىمەنغۇ مەن!

ــ خەير، ئاچچىقىمنى بېسىۋېلىۋاتىمەن... گەپنىڭ قىسقىسى، ئاۋۋال بويۇڭنى سۇغا سال! ــ دېدىم كەسكىنلىك بىلەن،ــ ئاللا خالىسا، ئەتە نىكاھ يېڭىلايمىز. ئاندىن سېنى كەچۈرىمەن...

چوڭ ـ چوڭ تىنىمەن، بوغۇزۇمغا بىر نېمە قاپلىشىۋالغاندەك تۇراتتى. بەك قاتتىق يىغا تۇتۇپ كېتىۋاتاتتى. ئايالىمغا «تېلېفون» ئېلىپ بەرگىنىمگە پۇشايمان قىلدىم! قېينئانامنىڭ گېپىگە كىرىپ ئۇنى مەن تونۇمايدىغان تۇغقانلىرىنىڭ قېشىغا ئەۋەتكىنىمگە قاتتىق پۇشايمان قىلدىم، ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتىمىزگە دەز كەتكەندەكلا تۇيۇلۇۋاتاتتى...

ــ نېمە دەۋاتىسەن؟ ــ دېدى ئۇ چەكچىيىپ.

ــ ھالال نىكاھتىكى ئەر ـ خوتۇن بىز! ــ دېدىم مەن.

ــ نېمىشقا يۇيۇنغۇدەكمەن...

ــ ئۆرپ ـ ئادىتىمىزنىڭ يولى شۇ... ــ ئايالىم بىرەردەم بۇرنىدا قاتتىق تىنىپ ئولتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن ئاشۇ ئىجىسلارنىڭ يۇرتىدا (كىنايە قىلغاندا، «ئۇلۇغ مازارغوجام» دا) چۈشكەن بىرمۇنچە سۈرەتنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. سۈرەتلەردە ئۇ ئاجايىپ خۇشال ئىدى. ھازىرغىچىلىك ئۇنىڭ بۇنداق ئوچۇق ھەم خۇشال ھالدا سۈرەتكە چۈشكىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. بۇنى ئاز دېگەندەك تېخى، ھېلىقى غىتمەك مىجەز نەۋرە ئىنىسى (ئايالىم سۈرەتتىن تونۇشتۇردى) بىلەن بىللە تۇراتتى. يا يېنىدا، يا ئارقىسىدا، يا ئوڭ يېقىدا، يا سول يېقىدا ئايالىمغا ھەمراھ، ئايالىم ئۇنىڭغا ھەمراھ ئىدى. ئاشۇ غىتمەك مىجەز نەۋرە ئىنىسى (كىنايە قىلغاندا، «شەيخىم») بىلەن چۈشكەنلىكى سۈرەتتە ئايالىم باشقىچە بىر خىل خۇشال ھەم خۇمارلىق، نازلىق ھالەتتە تۇراتتى...

ــ ياخشى چۈشۈپتىمەنمۇ؟ــ دەيتتى ئايالىم كەيپىياتىنى تۈزەش، دىققىتىمنى بۇراش غەرىزىدە. پۈتۈنلەي بۇنداقمۇ ئەمەستۇ، بەلكىم، بۇ بىر ئاي ئىچىدە «مازارغوجام» نى تاۋاپ قىلىپ كېلىپ، چىن مەنىسىدىن ئېتىقاندا كۆڭلى ئېچىلىپمۇ قالغاندۇ... نېمىلا دېگەنبىلەن خوتۇنلارنىڭ مىڭبىر تۈرلۈك ھىيلە ـ مىكرى بولۇشى مۇمكىن...

ــ قارا،ــ دەيتتى ئۇ، ــ ئاۋۇ پوكۇنچى... ئاۋۇ بولسا پۇستانچى... ماۋۇ پالانچى... نەۋرە ئىنىمنىڭ (غىتمەك مىجەز يىگىت شۇ) تۇغۇلغان كۈنىدە چۈشكەن سۈرەتلەرنى تېخى يۇيۇغۇزۇپ بولالمىغانىدى ئۇلار، سەن ساراڭ ئالدىرىتىپ مېنى، ئاللىمىدىم. سېنىڭ خىزمەت ئورنۇڭنىڭ ئادرېسىغا پوچتىدىن ئەۋەتىدىغان بولدى، مۇشۇ نەچچە كۈننىڭ ئىچىدە. ھە... راست، ساڭا بىر دانە سائەت سوۋغاتلىق ئالغاچ كەلگەنىدىم، مانا، ئالە...

ــ ھەممىنى چۈشەندۇر! ــ غەزەپلىك توۋلىدىم،ــ «ئۇلۇغ مازارغوجام» دىكى «شەيخىم» بىلەن ئىچ پەش تارتىشىپ قالمىغانسەن؟!... غىتمەك مىجەز ھارىمى ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلدى، سەنچۇ... تەپسىلىي سۆزلە! جاۋاب بەر! ــ ئايالىمنىڭ رەڭگىرويى ئۆڭۈپ ـ تاتىرىپ كەتتى. ئۇ بىردەم تۇرۇپ قېلىپ، باغلاقتىن ئاجرىغان ئىتتەك غالجىرلاشتى:

ــ «سەن تاز دەۋالغىچە، مەن تاز دەۋالاي» دېگەندەك، تېخى مېنى سوراق قىلىۋاتامسەن، ھەي ! مەن يوق چاغدا، قايسى بۇزۇقنى ئۆيگە ئەكىردىڭ؟...

ھەم ھەيران قالدىم، ھەم قاتتىق غەزەپلەندىم. ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئۇنى بىر تەستەك قويدۇم. ئۇ يىغلىدى. پەقەت بۇنداق قىلغۇم بولمىسىمۇ، يەنىلا شۇنداق قىلدىم. ئۇنىڭ قىلغىنىنى پەقەت ئىدىيەمدىن ئۆتكۈزەلمەيۋاتاتتىم. يا ئۇ ماڭا قانائەتلەنگۈدەك بىر چۈشەنچە بېرەلمەيۋاتاتتى. سەككىز يىل! ئۆتكەن سەككىز يىل مابەينىدە ئايالىم ئىككىمىزنىڭ ئەڭ قاتتىق تىللاشقىنىمىزمۇ ناھايەت «ساراڭ»، «دۆت»، «تەلۋە» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ئىدى. ئۇرۇشۇش... دېگەننى بىلمەي ئۆتۈپتىكەنمىز. مانا ئەمدى، ئۇنداق «تىنچلىق ئىچىدىكى تەرەققىيات» دەۋرىمىز ئاخىرلىشىدىغاندەك تۇردى. دېمەك، ئوتتۇرىمىزدا سوغۇقچىلىق شەكىللەندى! بۇنىڭدا مۇھەببەت ئاجىزلاپ، نەپرەت پەيدا بولۇشقا باشلىدى... ئايالىم يىغلىدى، مەن كېسىلىپ كېتىۋاتاتتىم. ئۇ، سوراقلىرىمنى يىغا بىلەن جاۋابسىز قويۇۋاتتى... دەل مۇشۇ چاغدا «تېلېفون» جىرىڭلىدى. قارىسام، «مازارغوجام» نىڭ رايون نومۇرى ۋە «شەيخىم» نىڭ ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرى تۇرمامدۇ؟! تاسلا قالدىم يانفوننى يەرگە ئۇرۇپلا يوق قىلغىلى! كىمدۇر بىرى ئايالىغا ناتونۇش بىر ئەردىن تېلېفون كېلىپ، ئايالىنىڭ «خاتا تېلېفونلاپسىز» دېگىنىنى كۆرۈپ ئاچچىقىدا ئايالىنىڭ يانفونىنى ئۇرۇپ چېقىۋېتىپتىكەن. مەنمۇ شۇنداق قىلغىلى قىل قالدىم. ئېسىمنى يىغسام، ئايالىمنىڭ يىغا ئاۋازى توختاپ قاپتۇ؟ «ۋۇي...» دەپ ئۇنىڭغا قارىسام،

ئۇ ناھايىتى شاش ھەم سەزگۈر ھالەتتە،ھاياجان بىلەن «تېلېفون»غا قولىنى ئۇزىتىپ تۇرىدۇ؟! خاپىلىق دېگەندىن ئەسەرمۇ يوق. بوپتۇ دەپ «تېلېفون» نى ئۇنىڭ قولىغا نوقۇشلاپ تۇتقۇزدۇم. ئۇ گۈلدەك ئېچىلىپ، خۇشاللىق بىلەن «تېلېفون»لىشىپ كەتتى. گەپلەرگە دىققەت قىلسام، تېلېفوندىكىسى يەنىلا ئاشۇ غىتمەك مىجەز يىگىت — ئايالىم ئامراق بوپقالغان نەۋرە ئىنىسى، مەن «ئۇلۇغ مازارغوجامدىكى شەيخىم» دەپ تەنە قىلىۋاتقان قىلىقى سەت بالىنىڭ ئاۋازى ئىدى...

— ئۇ غىتمەككە دېگىن، مەن خالىمىغاندىكەن، تېلېفون قىلمىسۇن! ھېچ بولمىغاندىمۇ تېلېفوننى ئۇزۇن- ئۇزۇندا بىر قىلسۇن! — دېدىم مەن.

— ئۇنداق دېيەلمەيمەن! ئۇ دېگەن تۇغقىنىم، تۇغقانلارنىڭ ئارىسىغا زىددىيەت سالغۇچى بولما! — دېدى ئايالىم. مانا بۇ ئىلگىرىكى ئايالىمغا ئوخشىماي قېلىۋاتقان ئايالىم ئىدى. مېنىڭ ئايالىم ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئېرى ئىدىم. بىزنىڭ بىر بالىمىز بار ئىدى. تۇرمۇشىمىز مۇھەببەتكە تولغان خاتىرجەم تۇرمۇش ئىدى...

— نومۇس قىل ھەي شەرمەندە!

— تۇغقانلىرىمدىن تاندۇرۇۋېتەلمەيسەن!

— ئۇ نەس باسقان جايدا، ئاشۇ قىلىقسىز غىتمەكتىن باشقا تۇغقىنىڭ يوقمۇ؟ نېمىشقا تاغاڭ دېگەن ناكەس ... ياكى باشقا ناكەسلەرنىڭ تېلېفونى يوق ھېچ بولمىغاندا بىرەر قېتىم بولسىمۇ! ھەممىشە ئاشۇ غىتمەككىلا تېلېفون قىلامدۇ؟!...

— قانداق قىلاتتىڭ، چىدىماس!

— قولۇمدا ئۆلسەن ئەسكى! بەلكى، ئاشۇ ناكەسلەرنىڭ ھەممىسى،— دېدىم - دە، ئايالىمنى ئىككى شاپىلاق ئۇرۇۋەتتىم، ئۇ ھوشىدىن كەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جېدەل - ماجىرا دېگەننىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئايالىم نەچچە قېتىم ئۆلۈۋالماقچى بولدى. مەندىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلدى، ئاشۇ بالىمىز بولمىغان بولسا...

كۈنلەر ئۆتمەكتە «تېلېفون» جىرىڭلىماقتا، جېدەل - ماجىرا داۋاملاشماقتا. ئايالىم نىكاھ يېڭىلاشقا ئۈنىمىدى. ھەتتاكى بويىنىمۇ سۇغا سالمىدى. بۇ تالاش - تارتىش، جېدەل - ماجىرالىرىمىز ئۆيىمىزدىن سىرتقا چىقتى. خوتۇن كىشى دېگەن مۇشۇنداق نومۇستىن قورقمامدىغاندۇ - ھە!؟ لېۋىمنى چىشلەيتتىم. ئاپام، سىڭلىم، ئىنىمنىڭ ئايالى ۋە بارا - بارا كۆڭلىمىز يېقىن ئىككى - ئۈچ ئوغۇل - قىزمۇ بۇ ئىشىمىزغا ئارىلاشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بارلىق ئىشنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئايالىمنى ئەيىبلىدى، ئۇنىڭغا قايتا- قايتا نەسىھەت قىلدى. ئايالىم جاھىللىقتا ئۇچىغا چىققاندى. «ئۆرەككە سۇ يۇقمىدى»، ئۇ ئۆزىنىڭكىنىلا «توغرا» دەيتتى؛ شەرىئەت، ئەر - خوتۇنچىلىق، مۇھەببەت، پەرزەنت، ئائىلە، ھايا... دېگەنلەرنى پۈتۈنلەي چۆرۈپ تاشلىۋەتكەندى. خۇددى بىر جادۇگەر ئۇنىڭ روھىنى كونترول قىلىۋالغاندەكلا ئىدى! «ئۇ دېگەن مېنىڭ تۇغقىنىم! ئۇ دېگەن مېنىڭ نەۋرە ئىنىم! ئەمەلىيەتتە، ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئىش يوق!» دېگەنلەرنى تۈتى قۇشتەك تەكرارلايتتى. مەن ئايالىمنى، بۇندىن كېيىن ئۇ نىجىسلارنىڭ يۇرتىغا بېرىشنى چۈشەكمەسلىكنى ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، ھېلىقى غىتمەك مىجەزگە تېلېفون قىلماسلىقنى شەرت قىلغانىدىم. كېيىن، تېلېفون قىلساڭمۇ بولىدۇ، ئۇزۇندا بىر قىلغىن، دېدىم. لېكىن، ئۇ بۇنداق گەپلىرىمنى ئىشتىنىنىڭ قىرىغىمۇ ئىلىپ قويمىدى ۋە تېلېفون قىلىۋەردى. مەن بار يەردە قىلماي، يوق يەردە قىلاتتى. ئۇنىڭدىن تېلېفون كەلسە، مەندىن يىراقىراق تۇرۇپ، كۈلۈپ، نايناقلاپ، بەزىدە «ئۇھ» تارتىپ ھەسرەتلىنىپ... ئۇزۇن- ئۇزۇنغىچە سۆزلىشىپ كېتەتتى...

ھەي ي... نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق - ھە! خۇددى پىچۇۋېتىلگەن بۇقىدەك، خۇددى فىزىيولوگىيەلىك ئېھتىياج يوق بىنورمال ئادەملەردەك... ئايالىم ئىككىمىز بىر بولۇپ باقمىغىلى ئىككى ئايدىن ئېشىپمۇ قاپتۇ! ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغان كېچىسى قانداق بوپكەتتى، بىلمىدىم، ئۇنىڭغا ئېسىلىپ ساپتىمەن. ئىشتىن كېيىن چۈشەندىمكى، مۇناسىۋەت بۇرۇنقىدەك تاتلىق بولمىغاندى؛ تۇۋا قىلدىم؛ ئەھدىمنى بۇزغانلىقىمغا پۇشايمان قىلىپ دىر - دىر تىترەپ كەتتىم... روھىمنى يېڭەلمىسام بولماپتۇ. تۇرمۇشۇمدىكى— روھىمدىكى كرىزىس ھەممە ئىشقا تەسىر قىلغان ھالدىمۇ ئەھدىمنى بۇزماسلىقىم كېرەك ئىدى. بەك چاتاق بولدى. ئىست! ئايالىمغا نېمىشقىمۇ «تېلېفون» ئىلىپ بەرگەندىمەن؟! تۇرمۇشتا ئەر - خوتۇنلارنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشىگە، ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇشىغا، پەرزەنتلەرنىڭ يېتىم بولۇپ قېلىشىغا، ئاددىيسى، چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر قېتىملىق كىچىككىنە جېدەل- ماجىراغا، ئىككى پىيالىنىڭ بىر- بىرىگە تىرىققىدە تېگىپ كەتكەنلىكى ياكى بىر قازان تاماقنىڭ تۇزلۇق بولۇپ قالغانلىقى ۋە ياكى بىر چەينەك چاينىڭ يوق بوپقالغانلىقى... قاتارلىق ئەرزىمەس «تۈك» ئىشلار سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۈگۈنكى روھىي كرىزىس كۈچلۈك ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى خىلمۇخىل تىراگېدىيەگە ئۇچ- ئۇچىمدىن ئىچىناتتىم... ئايالىم ۋە بالام ئۈچىمىزمۇ مۇشۇ خىل يۈزلىنىشكە قوشۇلۇپ كېتەرمىزمۇ؟! بىزنىڭ تۇزۇپ كېتىشىمىزگە ئەجەبا «تېلېفون»... سەۋەبچى بولۇپ قالارمۇ... كۆپ كۆچىدىم! قاچانغىچە... يەنە قاچانغىچە كۆچەيمەن؟! ئىسىت! ئايالىمنى نېمىشقىمۇ ئاشۇ جىن - شەيتانلارنىڭ ئۇۋۇسىغا ئەۋەتكەندىمەن، نېمىشقىمۇ قېيىنئانامنىڭ گېپىگە كىرگەندىمەن، نېمىشقىمۇ ئۇ نېمىلەرنى سەل چاغلىغاندىمەن... ئۇ غىتمەكنىڭ «ۋاي» دېگۈدەك نەرى باردۇ؟ قارىسام، تەلۋە چىراي بىرى تۇرىدۇ سۇرەتتە... بۇ ئىشلارنى زادى كىمدىن كۆرىمەن، زادى كىم باش گۇناھكار... ئىسىت! ئايالىم ئىككىمىز خۇددى تۇنۇگۇن توي قىلغان ئەر - خوتۇنلاردەك ئاجايىپ ئىناق، ئېجىل، ئامراق ئىدۇق. ھەممە ئادەم بىزگە قاراپ ھەستىلىكى كېلەتتى. مەن بەزىلەرگە چاقچاق قىلىپ «باشقىلار ئاۋۋال مۇھەببەتلىشىپ ئاندىن توي قىلىدىكەن، ئىككىمىز ئاۋۋال توي قىلىپ ئاندىن مۇھەببەتلىشىۋاتىمىز!» دەپ قويىاتتىم. ھەي ي... ئەمدى مۇھەببەتلىك كۆڭلىرىمىز ئاخىرلىشارمۇ؟! ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، مەن جەزمەن ئايالىم بىلەن تۇرمۇشىمىزدا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالغان ھېلىقى غىتمەكنى (بەلكى... ئاشۇ يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى) بىر نېمە قىلىۋېتىمەن. ئاندىن بالامنى ئېلىپ «ئاللا» دەپلا چىقىپ كېتىمەن...

تۇرمۇش ئاجايىپ بولىدىكەن. «ئۆلمەن دېسە، بىر نېمە قىلمەن!» دېگەندەك، جاھان قاراڭغۇ بىلىنىپ، تاغدەك غەم - قايغۇ دولامدىن بېسىپ گاڭگىراپ يۈرسەم، بىر نەچچە تونۇش قىز - چوكان ماڭا خەت يېزىپ ياكى گەپ تېپىشىپ كۆڭۈل ئىزھار قىلىپ يۈرىدۇ. ئىككىسى تېخى ئايالىم بىلەن ئاجراشسام مەن بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى دەپ، قەسەملەرنى قىلىپ يۈرىدۇ. ھەي! بىزگە نېمە بولغاندۇ؟ بولۇپمۇ قىز-چوكانلارغا نېمە بولغاندۇ؟... كۆڭلۈم بەك يېرىم، يىغا تۇتۇۋېلا تۇرىدۇ. ئايالىمنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن پۈتۈن ئالەم ئۆزگەرگەندەك بىلىنىۋاتاتتى. ھەممىلا ئىش مېنىڭ كۆتكىنىمنىڭ ئەكسىچە بولۇۋاتقاندەك، مېنىڭ بىلەن قىرىشىۋاتقاندەك تۇراتتى.

— ئەمدى ئۇ غىتمەك مەجىز تېلېفون قىلغاندا، سەن ئۇنىڭغا بىلدۈرمەي تۇرۇپ تېلېفونىڭنى ماڭا بەرگىن، ئۆزۈم بىر ئاڭلاپ باقاي. ئۇ زادى نېمىلەرنى دەيدۇ...— دېدىم، بىر كۈنى ئايالىمغا.

— ياق! ئۇنداق قىلالمايمەن، بولمايدۇ. ئەركىنلىكىمگە ھۆرمەت قىل!

— نېمىشقا؟ — دېدىم مەن، — تۇرۇۋسۇن چېكىدىن ئاشقان ئۇنداق ئاتالمىش ئەركىنلىك!

— ئۇ بەك قىزىقچى، چاقچاقچى، شوخ، گەپلىرىنى ئاڭلىساڭ خاتا چۈشىنىپ قالىسەن، — دېدى ئايالىم.

— مەن ئاللىبۇرۇن خاتا چۈشىنىپ بولدۇم. شۇنداق بولسۇن! — دېدىم.

— ياق! — دېدى ئۇ. ئۇ دائىم شۇنداق دەپ مېنى يېقىن كەلتۈرمەيتتى. بۈگۈنمۇ ھەم شۇنداق قىلدى. يەنە نېرۋام قوزغالدى.

— قاچاندىن باشلاپ مۇشۇنداق غەلىتە مەجىز بوپقالدىڭ؟! — دېگىنىمچە ئۇنى ئۇرۇۋەتتىم. ئۇ يەنە ھوشىدىن كەتتى. چىداپ تۇرالماي قېيىنئانامغا تېلېفون قىلدىم. ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چۈشەندۈرسەممۇ، يەنىلا ئايالىمنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ مېنى بەك خاپا قىلدى. «نېمە بولىدۇ؟ ئىشەنمىسەڭ قىزىمنى تۇتۇپ قېلىپ نېمە قىلىلا؟! سىلى گۇمان قىلمىۋاتقان ئۇ بالا تېخى كىچىك، ئۆيلەنمىگەن بالا تۇرسا؛ ئۇرۇق- تۇغقانلارنى ئايرىۋېتىمەن دېمىسىلە!...» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر. ئاپامغا تېلېفون قىلىپ دەردىمنى ئېيتسام، ئاپاممۇ ئادەمنى جىلە قىلىپ «ساڭا خوتۇن تېپىلماي قالارمۇ؟! نېمە قىلىسەن كۆچەپ... ئۇنداق ئىززىتىنى بىلمىگەن تۆزكورنى يۇرتىغا ھەيدىۋەت! بولمىسا ئۇ سېنى بىر بالاغا تىقىپ قويىدۇ!» دەيدۇ. ئىشىمىزنى بىلىپ قالغان، كۆڭلۈم يېقىن بىر ئاغىنەمنى ئىزدەپ بىرىپ ھالىمنى ئېيتسام، ئۇمۇ ئادەمنى ئۇمىدسىزلەندۈرۈپ ئولتۇرىدۇ: «قويۇۋەت، بالنى ئۇنىڭغا بەر! نى - نى قىزلارنى ئالالايسەن، ماز!»

ئاھ، خۇدا، مەن زادى قانداق قىلسام بولىدۇ؟ ئاخىرى، ھېلىقى غىتمەك مەجىزگە تېلېفون قىلدىم. ئۆيلىگىنىمدەك، ئۇ تېلېفونىنىڭ ئالدىدىلا ئولتۇرغان ئوخشايدۇ. ئىككى جىرىڭلاپ بولغىچە تېلېفوننى ئېلىپ بولدى. مەن ئۇنىڭغا قىسقىچە سۆزلىدىم ۋە بۇندىن كېيىن تېلېفون قىلماسلىقنى ئاگاھلاندۇردۇم. قانداق قىلىدىكىن دېسەم، ئۇ غىتمەك مەجىز تەن بەرمەي خېلى گەپلەرنى دەۋاتىدۇ. ئاچچىقىمدا ئىككى ئېغىز قاتتىق گەپ قىلىپ قويۇپ تېلېفوننى ئۈزۈۋەتتىم.

مەن يەنە ئىنىم بىلەن سىڭلىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقاي دېسەم، ئۇلارمۇ گەپنى تۆكەتتى: «خەلقئالەم ئالدىدا يۈزىمىزنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمىز! ئاكىمىزنىڭ خوتۇنىنىڭ كۆندە بىر قېتىم تېلېفونلىشىدىغان ئامراق بىر نەۋرە ئىنىسى بار... ئاكىمىزنىڭ خوتۇنىنىڭ بۇ جاھاندا

ئاشۇ نەۋرە ئىنىسىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق... ئاكىمىزنى قارىتىپ قويۇپ بىر ئايغىچە ئاشۇ نەۋرە ئىنىسى بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇپ كېلىپمۇ، يەنىلا ئەركىلەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن تېلېفونلىشىدۇ... ئاكىمىز بۇ ئىشلاردىن خۇشال ھەم خاتىرجەم دەپ پەخىرلىنىپ ئۆتەمدۇق! ئۇغۇ ئاسمان-زېمىندەك سەت ئۆزگىرىپ كەتتى، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئاكىمىزمۇ پۈتۈنلەي ئۆزگەردى! دەپ چاتىقىمىز بولماي يۈرەمدۇق؟!» دېدى ۋە بىرى چېچىدىن يۇلماقچى، يەنە بىرى كۆتىگە تېپىپ قوغلىماقچى بولدى. ئاپامۇ دېدىكى، ئەگەردە مەن ئايالىمنىڭ ئىشى سەۋەبلىك بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇقۇپ قالغۇدەك بولسام، ئايالىم ۋە ئۇنىڭ يەتمىش پۇشتى بىلەن ئۆمۈرۋايەت قانلىق كۆرەش قىلارمىش، جېنىنى تىكىپ قويۇپتىمىش!...

«يائاللا»!... نېمىدېگەن دەھشەتلىك ـ ھە... بەس! خوتۇن مېنىڭ! ئائىلىمىزنى قوغداپ قېلىش ياكى پارچىلىۋېتىش ـ مېنىڭ ئىشىم. ئىش ھازىرچە تېخى يىغىشتۇرۇۋالغۇسىز ھالەتكە كېلىپ قالمىدى. يەنە ئۈمىد بار! بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئازراق ئەقىل ئىشلىتىپ كۆرەي. ئالدى بىلەن ئايالىمنى تېلېفونسىز قالدۇراي. ئاندىن ئۇنى بىرەر ئىشقا قىزىقتۇرۇپ قوياي ۋە يەنە ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە ئارقىلىق ئىلگىرىكى مۇھەببەتلىك كۈنلىرىمىزنى ئەسلىتىپ، ئۇنى تەدرىجىي تەسىرلەندۈرەي...

جېدەل ـ ماجىرالار سەل ئازلىغان بولسىمۇ، يەنىلا تۈگىمىدى. «تېلېفون» نى مەن تۇتتۇم. گەرچە، بۇ تېلېفوندىن زېرىككەن بولسامۇ، ئۇ غىتمەك مىجەز تېلېفون قىلىدۇ، ئالسام جىم تۇرۇۋالىدۇ. بەزىدە باشقا تېلېفون ئارقىلىق تېلېفون قىلىدۇ. ئالسام، يەنە جىم تۇرۇۋالىدۇ. بىر قېتىم ئېغىزغا ئالغۇسىز سەت گەپلەر بىلەن تىللىۋەتتىم. ئۇزۇنغىچە جىمىپ كەتتى. بىر چاغلاردا ئۇ مۆكىدەرەپ قالغاندەك «تېلېفون» نى جىرىڭلاتتى ـ دە، خۇددى كېيىن ئۆلۈپ كەتكەندەك، قايتا قەتئىي تېلېفون قىلمىدى. بىراق، بىر ئىش ئۆزگەرمىدى! يېنىدا تېلېفونى يوق دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ چىداۋاتقان ئايالىم ئەمەلىيەتتە مىنۇتىغا 30 تىيىن ھەق ئېلىنىدىغان ئۇزۇن يوللۇق IP كارتىلىق ئاممىۋى تېلېفون ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇۋېتىپتۇ. مېنىڭ ئايالىم شۇنداق قىلىۋاتاتتىكى، ئۇ تېلېفون ئارقىلىق تونۇشقان يېڭى تۇغقانلىرى بىلەن ئەمەس، تېلېفون ئارقىلىق تونۇشقان يېڭى نەۋرە ئىنىسى بىلەنلا ئىزچىل ئالاقىلىشىپ كېلىۋاتاتتى. مەن سەۋر قىلىۋاتاتتىم. ئايالىم ئۆزلۈكىدىن بويىنى سۇغا سالدى ۋە نىكاھ يېڭىلاشقا قوشۇلدى. بىراق، ئۇ ناھايىتى روھسىز ئىدى. ئورۇقلاپ كېتىۋاتاتتى. كېچە ـ كۈندۈز مۈردىدەكلا سوغۇق ئىدى. بۇنىڭغا قاراپ، بەزىدە ئىچىم ئاغرىيتتى. كۆزلىرىمدىن ياش سىرغىيتتى...

بىر كۈنى ئۇنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇنى مەلۇم بىر ئورۇندىكى ئۇستامغا شاگىرتلىققا بەردىم. ئۆگەنمەكچى بولغىنى توك ماشىنىسىدا گۈل ئىشلەش ـ گىلادىيە ئىدى. قىز ـ خوتۇنلار بىلەن بىرگە ئىش قىلغاچ كۆڭلى ئېچىلىپ قالسۇن، روھىي جەھەتتە ئوبدان بوپقالسۇن... ئەڭ مۇھىمى ئۇ، غىتمەك مىجەزنى ئۇنتۇپ قالسۇن، دېگەن ئۈمىدتە بولدۇم. ئايالىمغا ئۇستا بولىدىغان ئايالنى بۇرۇندىن تونۇيتتۇم، ئۇ مېنى «ۋاي ئۇكام» دەپ بەك ھۆرمەتلەيتتى. ئۇ ئايالغا دەيدىغاننى دەپ بولۇپ قايتىپ چىقىۋېتىپ، شۇنداقلا قارىسام، ئايالىم كىرگەن دۇكاننىڭ يېنىدىكى دۇكاندا ئاممىۋى تېلېفون بار ئىكەن! ئۇ يەردە تېلېفونغا چاقىرىپ قويىدىغان بىر قىزبالا ئولتۇرىدۇ. دەرھال كۆڭلۈمگە بىر خىيال كەلدى ـ دە، ئۇ قىز بالىنى ئاستاغىنە ئىشارەت قىلدىم. ئۇ كەلدى. ئۇنىڭغا ئارتۇق گەپ قىلماي، ئايالىمنىڭ ئىسمىنى دەپ بەردىم ۋە ئايالىمنى يىراقتىن كۆرسىتىپ قويدۇم.

ئۇ سىزدىن تېلېفوننىڭ نومۇرىنى سورامدۇ، بىرىگە تېلېفون قىلامدۇ، نېمىلەرنى دەيدۇ ياكى بىرى ئۇنى چاقىرىپ بېرىڭ دەمدۇ ۋە ياكى كەلگەن تېلېفون قەيەرنىڭ، نومۇرى نەچچە، كىم... دېگەنلەرگە دىققەت قىلىپ قويغان بولسىڭىز، ھەققىڭىزنى بېرىسەم، تېلېفون نومۇرۇم 18XXXXX ـ دېدىم. بەلكىم مەن قاملاشمىغان، سەت ئىش قىلغاندىمەن، ئەركىشىگە يات بولغان قىلىقنى قىلغاندىمەن... نېمىلا بولسام بولاي، لېكىن، ئايالىم بىلەن سەككىز يىل ئۆتكىنىم راست ئىدى. بالىمىز بار ئىدى، ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزنى تولىمۇ ياخشى كۆرۈشەتتۇق. بىزنىڭ بىر ـ بىرىمىزگە مۇھەببىتىمىز، مېھرىمىز، ئەقىدىمىز بار ئىدى. كەلگۈسىمىز بار ئىدى. ئاددىيسى، دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرمۇ قانچىلىك بەدەل تۆلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، يەنىلا «دۆلەتنى پارچىلاشقا قارشى تۇرۇمىز!» ـ دەپ چىڭ تۇرىدىكەنغۇ؟ مەن نېمىشقا ئائىلەمنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىگە سۈكۈت قىلغۇدەكمەن، مېنىڭ ئائىلەممۇ ئەزەلدىن «بىرلىككە كەلگەن، ئىتتىپاقلاشقان، گۈزەل، بەختلىك ئائىلە» ئىدى. ئىچكى قىسمىدىكى بۆلگۈنچى كۈچلەر بىلەن تاشقى قىسمىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ يامان غەرىزى قەتئىي ئەمەلگە ئاشمايدۇ. مەن ئۇنىڭغا يول قويمايمەن!

ئەيۇھەنناس! پىسخىكا جەھەتتىن ئاساسەن نورمال

كەلگەن ئىنسان بالىسى ھەرگىز ئۇنداق بولماس...
ئايالىمنى ھېلىقى دۇكانغا بۈگۈنىسى چۈشتىن بۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم، ئەتىسى چۈشلۈك تاماقتىن يېنىشىم بىلەن مېنىڭكى بوپكەتكەن «تېلېفون» جىرىڭلىدى.

— نېمە ئىش؟

— سۆيۈنچە...ياق، ياق...ھەققىمنى بېرىڭ، ئاكا، ئۈچۈر...ئاخبارات...

— قانداق؟

— ئايالىڭىزنى بىر ئوغۇلبالا چاقىردى، تېلېفونغا... ئۇزۇن يوللۇق ئىكەن... خاتا چۈشەنمەڭ كېيىمنى... دەسلەپتە، ۋۇي...؟...!... بۇ ئېرى بار تۇرۇپ، نېمىشقا بىر ئوغۇلبالا بىلەن ناتىناقىشىپ تۇرۇپ، ئەركىلەپ تۇرۇپ تېلېفونلىشىدىغاندۇ؟ بۇمۇ بىر قىلىقى سەت، بۇزۇق بىر نېمە ئوخشايدۇ... دەپ ئويلىدىم. چۈنكى ھەر قانداق ئادەم بولسا، تەبىئىيلا شۇنداق چۈشىنىگەن بولار ئىدى. ئەپسۇسكى... ياق، لېكىن، يىگىرمە مىنۇت تېلېفونلىشىپ بىكار بولغاندىن كېيىن بىلسەم، ئۇ ئۇنىڭ نەۋرە ئىنىسىمىش!؟! بولدى، بولدى... ئاساسىي گەپلەر شۇ. مېنىڭ پىكرىم ئاكا، بالاڭلار بار ئىكەن. ئەڭ ياخشىسى، چوڭلارنىڭ قېشىدىن بالاڭلارنى ئەكىلىۋېلىڭلار، ئۈچىڭلار بىرگە تۇرۇڭلار...

— ئۇ ئىككىسى تېلېفوندا نېمىلەرنى دېيىشتى؟

— «مەنمۇ سېغىندىم»، «خۇدايىم بۇيرۇسا، چوقۇم»، «ئاھ...»، «ئەلەس شۇمتەك (ئامراقلىقىدىن دېيىلگەن گەپ)»، «راخمان موللامۇ، راخمان قارىيمۇ... بارمۇ؟ ئۆيگە كىرىۋاتامدۇ؟»، «ئاشۇ قارىم بەك سىرلىق قارىغاندى ماڭا، بېشىمدىن پۇتۇمنىڭ ئۇچىغىچە قارىغاندى»، «ئۈرۈمچىدىن كەلدى» دېگەن جېيەن قىزلىرى مۇشۇمۇ؟ — دېگەندى تاغامغا»... قاتارلىق گەپلەر. دۇكاندا ئادەم كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايالىڭىز بەك تۆۋەن ئاۋازدا گەپ قىلدى... — نېمە قىلىشىمنى ياكى نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم! ئاسمان ئېگىز، يەر قاتتىق ئىدى.

كەچتە تاماقتىن كېيىن، ئايالىمدىن چىرايلىقچە سورىدىم.

— «مازارغوجامدىكى شەيخىم» دىن بۈگۈن تېلېفون كەلدىمۇ؟

— قانداق... بەك ئۇششاق ئىشلارغا ئارىلىشىدىغان ئىكەنسىز، لاۋزا! ئەر كىشىدەك بولماسمەن ھەي...

— بىر كۈنمۇ چىداپ تۇرالماي، ئۇ غىتمەككە تېلېفون قىلىپ، ئالاقىلىشىدىغان نومۇرنى دەپ بولدۇڭمۇ؟! ئەتراپىڭدىكىلەردىن نومۇس قىلمىدىڭمۇ؟! مەن ئەر ئەمەسمۇ، مېنى ئازراق بولسىمۇ ئويلاپ قويمىدىڭمۇ؟! مەن قېشىڭغا بارسام ئۇلار ماڭا مۇنداق قاراشسا... مەن نومۇس قىلمامدىم!...

— ھەي سارالڭ! سەنمۇ بەك ئوبدان ئىش قىلغان ئوخشىمامسەن! خەقلەر نېمە دەيدۇ؟! «ئېرى خوتۇنىغا ئىشەنمەيدىكەن، خوتۇنى يامانكەن...» دېمەمدۇ! ئويىنغان ئويۇنلىرىڭ قالتىس بوپتۇ... — «خوتۇن كىشىگە ئىشەنگۈچە، ئايىغىڭنىڭ پېتىكىگە ئىشەن!» — دېدىم ئۆزۈمگە ئۆزۈم، ھېلىقى تېلېفونچى ھەممىنى دەپتۇ ئەمەسمۇ؟!. دېمەك، ئۇ ھارىمى ئىككىمىزنى ئۇسسۇلغا سېپتۇ...

— ئۆزۈڭنى تۇتۇۋالالماس بوپقالدىڭمۇ؟...

— تېلېفوننى تارتىۋالدىڭ، يا يېڭى بىر تېلېفون ئېلىپ بەرمىدىڭ... ھازىر ھەممىلا ئادەمدە تېلېفون بارغۇ، بۇراقالچىدا، تىلەمچىدە... مېنىڭ قايسى خوتۇندىن قالغۇچىلىقىم بار. ماڭا سەرەڭگە قېپچىلىك كېلىدىغان قىپقىزىل كىچىك يانفونلار ئەلۋەتتە يارىشىدۇ! مۇنداق مۇزىكىلىق، رەڭلىك ئېكرانلىق، كۆپ خىل ئىقتىدارلىق كارتىلىق يانفونلار... «كۆچمە خەۋەرلىشىش» بولامدۇ، «بىرلەشمە خەۋەرلىشىش» بولامدۇ، ھەتتاكى، ئۇيغۇرچە سىستېمىلىق ھەر چىرايلىق، ھەر ئېسىل يانفونلار بار. ئېلىپ بەردىڭمۇ؟ ئېلىپ بەرمىدىڭ! ھەي پىخسىق! ھېچ بولمىغاندا، قوتۇر نىمكەش «زىرەكچاق» بولسىمۇ بولاتتىغۇ، ھېچقايسىسى يوق، شۇڭا، شۇنداق قىلىمەن...

— پىچىقىمنىڭ سېپىنى سىرلاپ بېرەي، يانفون قىلىپ ئىشلىتىپ تۇرامسەن؟

— ئايلىقىم چىقىدىغانغا ئازلا قالدى، — بىر كۈلگۈم كەلسە، بىر ئاچچىقىم كەلدى. يەنە تۇرۇپ ھەيران قالدىم

— ساڭا بارغۇ قارا! — دېدىم مەن، — تېلېفون ھارام! تېلېفون ياراشمايدۇ، تېلېفون سەۋەبىدىن ئاجراشقان ھېلىقى قوشنىمىزنى بىلمەسەنغۇ، ئىككى بالىسى يېتىم بولغان!

— ئىشقىلىپ، ھامان بىر كۈنى ئۆزۈم ئالىمەن!

— ئال، كەينىدىنلا مەن سېنىڭ جېنىڭنى ئالىمەن!

— نوچى بولساڭ قىلمامسەن! — ئۇنى يەنە ئۇرۇۋەتتىم، بۇ قېتىمقى جېدەلىمىز راۋۇرۇس قاتتىق بولدى. تۈگەيدىغان بولدى. كىرىزىس ئەڭ ۋايىغا يەتكەنىدى. چوڭلار ئارىلاشتى، دوستلار ئارىلاشتى، ئۈنۈمى يوق. بىز چوڭ بىر يوقىتىش قىلىش ئالدىدا تۇرماقتىمىز. قانداق ئاخىرلاشتۇرۇش كېرەك؟ بىزنى سەككىز يىلدىن بۇيان ھېچقانداق كۈچ ئايرىۋېتەلمىگەنىدى. ئەمدى، مۇشۇ

www.uyghurkitap.com

تېلېفون ئايرىۋېتەرمۇ؟ چۈشەندىمكى، دەرەخ جىم تۇرسىمۇ، شامال ئۇنى جىم تۇرغۇزمايدىكەن. ھەر قانچە ياخشىلىق ئۈمىد قىلسامۇ، ھەممىسى ئەكسىچە بولۇۋاتىدۇ. مەن قاچانغىچە چىدايمەن. ئەمدى سەۋر قاچام توشۇپ كېتىدىغان بولدى!

سىرتتا بىردەم ئولتۇردۇم، كاللامغا بىر ئوي كەلدى! نەچچە ۋاقىتتىن بېرى «نەۋرە ئىنىم بىلەن تېلېفونلاشسام بولمامدىكەن!» دەپ كەلدى. ئەمدى ئۇنى تېلېفونغا تويغۇزاي، ئۇنىڭغا تېلېفونلا بولسا بولىدىغان بولغاندىكەن، تېلېفونغا تويغۇزاي - دە، بارلىق ئىشنى ئاخىرلاشتۇراي!

شۇنىڭ بىلەن ئۈچ كۈننىڭ ئىچىدىلا ئايالىمنى ھۈنەر ئۆگىنىۋاتقان دۇكاندىن ئېلىپ چىقىپ، يېقىن بىر ئاغىنەمنىڭ ئاچىسى ئېچىۋاتقان «جۇڭگو تېلېگرافى تېلېفونخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان تېلېفونخانىغا مائاشىنى 500 سومغا توختىتىپ، خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. ئايالىم خۇش بولغانلىقىنى يوشۇرۇپ قالالمىدى، لېكىن ئۇ، «ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۆزەڭگىدىن چۈشمەيدۇ»، ئالدىمغا ئۆتۈۋالماق بولۇپ:

— ئەمدى تېلېفونغا تويغىن دەپسەندە، ماقۇل، — دېدى، يالغان كۈلۈپ.

— ياخشى ئىشلە، پۇل يىغىپ، ھېلىقى سەن دېگەندەك ئېسىل يانفونلاردىن بىرنى تاللاپ ئال، — دېدىم. ئۇ گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭغا «ئاللاغا ئامانەت!» دەپ چىقىپ كەتتىم، ئىككى كۈندىن كېيىن، ئايالىمغا ھۈنەر «ئۆگەتكەن» ئايال ئۇچراپ قالدى.

— ئۇكام، ئايالىڭىز نېمانداق...؟ نەۋرە ئىنىم، دەيدۇ- يۇ، ھېچكىمدىن تەپتارتمايدۇ، نايناقشىپ، ئەركىلەپ پاراڭلىشىۋاتىدۇ. قاراپ قويغىنىمنىمۇ بىلمىدى. چاڭ تۇتۇق، جۇمۇق! دۇخاۋا گەدەن، مەخمەل باش قىلىپ قويمىسۇن يەنە سىزنى! — دېدى ئۇ...

كۈنلەر ئۆتۈشكە باشلىدى. مېنىڭ ھېچقانداق ئىشلار بىلەن كارىم بولمىدى. ئەمما، كۆڭلۈمدە سان بار ئىدى. ئېتىراپ قىلىمەنكى، مەنمۇ مەلۇم جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەبئىتىمگە، ئارزۇيۇمغا ماس كەلمىگەن بىر پىلاننى يۈرگۈزۈۋاتاتتىم. تورنى بىراقلا يىغماقچى، ھەممە ئىشنى ئاخىرلاشتۇرماقچى ئىدىم. دېمەك، ئەسكىلەشكەنىدىم...

بىر كۈنى ئايالىمنىڭ خوجايىنى مېنى چاقىرتىپتۇ.

— ئۇكام، ئايالىڭىزغا گەپ قىلىڭ، — دېدى ئۇ جىددىي بىر ھالەتتە، — كۈندە دېگۈدەك نەۋرە ئىنىم دەيدۇ، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون قىلىدۇ ياكى كېلىدۇ. ئايالىڭىز ئۆزىگە ياراشمىغان، ماس كەلمىگەن بىر قىسما ھالەتتە ئۇنىڭ بىلەن ئاز دېگەندىمۇ ئون مىنۇت غىلجىڭشىپ، ئەركىلەپ، كۈلۈپ پاراڭلىشىدۇ. ئۇ راست ئىنىسىمۇ... ياكى...گېپىمنى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، ئىشقىلىپ مەن گۇمانلىنىپ قالدىم، ئۇكام! تولا دېدىم، ئۇ «ھە...» دەيدۇ - يۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ سەنئىمگە دەسسەۋاتىدۇ. بۇنى ئاز دېگەندەك، نەچچە كۈنلەر بولۇپ قالدى، ھېلىقى نەۋرە ئىنىسىدىن تېلېفون كېلىش بىلەن بىرگە (بىلمەن، ئۇ ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون) شەھەر ئىچى تېلېفونلىرىمۇ كېلىدىغان بولدى. ھەممىسى ئوغۇلبالا، يۈزنىڭ بىرىدە قىزبالا ... نېمە بوپكەتتى ئەمدى ئۇكام بۇ ئىشلار؟! ئۇ ماڭا ئىشلەپ بېرىۋاتامدۇ - يا... ئۇقمىدىم! تېخى مەندىن، قانداق قىلسا تورغا كىرگىلى بولىدۇ... تورخانىغا كىرىپ باقسام بولاتتى... دەپ سوراپ يۈرىدۇ...

مەن چوڭ ئۆيگە باردىم ۋە بالامنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ، تېلېۋىزور كۆردۈم. «جاھاندىكى ئىشلار» پىروگراممىسىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، بىر بالامغا قارايمەن، بىر تېلېۋىزورغا، نېمىدېگەن ئىشلار - ھە، بۇ؟! جاھاندىكى زىددىيەتلەر نېمىدېگەن كۆپ، ئوخشاشلىقلارچۇ، تېخى! بالام قۇچىقىمدا غەمسىز، غۇبارسىز ئولتۇراتتى. ئۇنى قۇچاقلىدىم، سۆيدۈم، ۋە سورىدىم:

— بالام، ئاپاڭ بولمىسا مەيلىمۇ؟

— ياق!

— مەن بولمىسامچۇ؟

— ياق!

— ئاپاڭ بىلەن ئىككىمىز يوق بولساقچۇ؟

— ياق! — مەن يىغلاپ تاشلىدىم. بالاممۇ يىغلاپ كەتتى.

— نېمىگە يىغلىدىڭ؟

— سەن يىغلىغاندىكىن، يىغلىدىم.

— مەن ئېغىر كۈندە بولغاچقا يىغلىدىم. سەنچۇ؟

— بىلمەيمەن، يىغلىغۇم كەلدى.

— يىغلىما، مەنمۇ يىغلىمايمەن. ھەممىمىز يىغلىمايلى! — دېدىم. بۇ چاغدا يېنىمدىكى «تېلېفون» جىرىڭلىدى. ئالمىدىم. تېلېفونغا ئۆچ بولۇپ قالغانىدىم.

— دادا، تېلېفون، — دېدى بالام.

— بۇندىن كېيىن تېلېفون تۇتمايمەن، — دېدىم.

— ئەمىسە ماڭا بەرگىنە تېلېفوننى، مەن تۇتاي! — دېدى بالام...

— ...

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى «ئالتۇن بۇلاق»سودا سارىيىدا



## ئوبزورچىلار مۇنبىرى

# «تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى»غا رەددىيە

**يالقۇن روزى**

ھەر قانداق بىر پەن ۋە ساھەدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش، تەپەككۇر قىلىش ۋە مۇنازىرىلىشىش ھەقىقەتكە يېتىشتىكى زۆرۈر ھەم مۇقەررەر يول. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مۇنازىرە بىلىش جەھەتتىكى ئېغىشلارنى تۈزىتىدىغان، قايمۇقۇشلارنى تۈگىتىدىغان، ئېنىقسىزلىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرىدىغان، خاتالىقلارنى توغرىلايدىغان زۆرۈر ئىلمىي پائالىيەت. ئىلىم-پەن ھەرگىزمۇ ئېتىقاد ئەمەس، ئۇ ئېچىۋېتىلگەن ئەركىن ساھە. ئىلىم - پەننىڭ ئەڭ تۈپ روھى ئىلمىي گۇمان ۋە ئىدراكىي تەنقىد روھىدىن ئىبارەت. ئىلمىي گۇمان ۋە ئىدراكىي تەنقىد ئەركىن مۇنازىرە ئارقىلىق ئەكس ئېتىدۇ. شۇڭا، ئىلىم- پەن دېموكراتىيەسى ھەر قانداق ماكان ۋە زاماندا دەخلى-تەرۇزسىز بولۇشى كېرەك. ئىلمىي گۇمان ۋە ئىدراكىي تەنقىد روھى سۇس ئىلىم قاتمال ئىلىم ھېسابلىنىدۇ. قاتمال ئىلىم ھەقىقەت ئىزدەشنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى مەلۇم گۇرۇھ ياكى مۇئەسسەسەنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ھەقىقەتكە ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىلمىي گۇمان ۋە ئىدراكىي تەنقىد روھى كۈچلۈك ئىلىم ئېچىۋېتىلگەن، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ئىلىم بولۇپ، بۇنداق ئىلىم ئۆزىنى ئىلمىيلىك جەھەتتىن مۇكەممەللەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇ ھەر قانداق گۇرۇھ ياكى مۇئەسسەسەنىڭ ئۆزىنى نورمال بولمىغان ئۇسۇلدا قوغدىشىنى رەت قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت روھى يارىتىلىدىغان بولغاچقا، پەرقلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىلىم - پەن دېموكراتىيەسىگە ئەھمىيەت بېرىش دەرىجىسىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. ئىلىم - پەن تەقەززا قىلىدىغان مۇنازىرە پائالىيىتىمۇ شۇنىڭغا يارىشا كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولىدۇ. ئىلمنى ئىلىم سۈپىتىدە چۈشەنمەيدىغان بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئۇلار ئىلىم - پەن ساھەسىدە تالاش-تارتىشلارنىڭ بولۇشى، ئەركىن مۇنازىرىلەرنىڭ قانات يېيىشى زۆرۈر ھەم تەبىئىي ئەھۋال دەپ قارىماستىن، گويا ئۆزلىرى كۆنۈكۈپ قالغان مۇئەييەن تەرتىپ قالايمىقانلىشىپ ياكى ئۆزگىرىپ كېتىدىغاندەك ئەنسىرەپ، زىيادە جىددىيلىشىپ كېتىدۇ. كۈتمىگەن چاتاق ياكى قالايمىقانچىلىقلار يۈز بېرىدىغاندەك قورقۇپ، چۆرقىرىشىپ كېتىدۇ. بۇ بەلكىم «مۇنازىرىدىن قورقۇش»تەك پىسخىكىلىق نورمالسىزلىقنىڭ ئىپادىسى بولسا كېرەك. بۇ خىل پىسخىكىلىق نورمالسىزلىق كېسىلى بار كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىلمىگە يات پوزىتسىيەسى بىلەن ئىلمىي مۇنازىرىنى باستۇ ياكى ئىلمىي تالاش-تارتىشلارنى «ئىتتىپاقسىزلىق»، «زىددىيەت تېرىغانلىق»، «كۆرەلمەسلىك» دېگەندەك نامۇۋاپىق سۆزلەر بىلەن خاراكتېرلەپ نادانلارچە پوزىتسىيەدە قارشى تۇرىدۇ، ئىلىم ساھەسىدە مۇنازىرە

روھنىڭ كىشىنى ئۆكۈندۈرىدىغان دەرىجىدە سۇس بولۇشى ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى ئىلمىي ھەقىقەتنى ئىزدەش روھىنىڭ سۇسلىقىدىن، كىرىزىس ئېڭىنىڭ ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭىنىڭ ئاجىزلىقىدىن دېرەك بېرىش بىلەن بىرگە، ئىلىم ساھەسىدە ئىدراكقا ئەھمىيەت بېرىدىغان روھنىڭ تۆۋەنلىكىدىنمۇ دېرەك بېرىدۇ. مەن بىر ئوبزورچى بولۇش سۈپىتىم بىلەنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئىلمنى قەدىرلەيدىغان بىر ئۆگەنگۈچى، ھەقىقەتكە ھېرىسمەن بىر ئىزدەنگۈچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن توغرا، ئوبيېكتىپ، ئىلمىي، ئادىل مۇنازىرىنىڭ بولۇشىنى قوۋۋەتلەيمەن. مۇنازىرە تىلى، مۇنازىرە شەكلى ۋە مۇنازىرە ئۇسۇلى قوپال، ئاددىي، بىر تەرەپلىمە ۋە ئىلمىيسىز بولماسلىقى كېرەك. ئىلىمنى قەدىرلەيدىغان، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە ھەر قانداق زىيالىي ئۆزى ناتوغرا دەپ قارىغان نەرسىگە مۇۋاپىق ئىنكاس قايتۇرۇشى كېرەك. مۇۋاپىق قايتۇرۇلغان ئىنكاسنى ئىلىمنى ۋە ئىلىم ھەقىقىتىنى سۆيىدىغان ھەر قانداق كىشى يوللۇق دەپ قارايدۇ. ھېچكىم پىكىر ۋە قاراشتا ئاغمايمەن دەپ ھۆددە قىلالمايدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا كىمنىڭ توغرا بولۇپ چىقىشى بۇ ئايرىم مەسىلە، ئەمما پىكىر ۋە ئىدىيە ساھەسىدىكى ئەركىنلىكنى ھىمايە قىلىش، ئىلمىي مۇنازىرىنى زۆرۈر دەپ چۈشىنىش بۇ ئايرىم مەسىلە. مېنىڭ «تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى» دېگەن ماقالىگە يازغان بۇ رەددىيە ماقالەم نورمال مۇنازىرە دەپ چۈشىنىلسىلا شۇ يېتەرلىك.

ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخان تەرىپىدىن يېزىلغان «تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى» ماۋزۇلۇق ماقالە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2010 - يىللىق 5 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. بۇ ماقالىدە «تىلنىڭ كېكەچلىكى»، «ئېغىر تىل ۋە چۈشىنىشلىك تىلنىڭ سېلىشتۇرمىسى»، «تىلدىكى ئاتالغۇلار مەسىلىسى»، «تەپەككۇر نامراتلىقى توغرىسىدا چۈشەنچە»، «تەپەككۇرنى ئېچىشنىڭ ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئويلىنىش»، «مەدەنىيەت ئوقۇممىز»، «دۇنيا قارىشىمىز ۋە زىيالىيلار»، «مىللىي روھنى قانداق جارى قىلدۇرىمىز»، «سەممىيەتسىزلىك»، «ئەۋلادلارنىڭ تەپەككۇر بۇلىقىنى ئېچىش»، «ئۆزلۈك چۈشەنچىمىز»، «زىيالىيلاردىكى تىپىك مەسىلىلەر»، «ئامىمنىڭ ئىلىم - پەن قارىشى ۋە تەپەككۇرى» دېگەندەك 13 كىچىك ماۋزۇ بويىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن. بۇ تېمىلار كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان، ھەركىم كۆڭۈل بۆلىدىغان، بىلىۋېلىشنى ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشنى خالايدىغان ئەھمىيەتلىك تېمىلاردۇر. تەپەككۇر، تىلشۇناسلىق، لوگىكا، مەدەنىيەت، پەلسەپە، ئېتىكا، ماگارىپ، مىللەت، پەن - تېخنىكا قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدىغان بىر - بىرىدىن ئىنچىكە ھەم نازۇك بۇ تېمىلاردا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنى بىر - بىرلەپ يورۇتۇش ئۈچۈن، ئاپتوردا ئەتراپلىق ھەم چوڭقۇر بىلىم، پىشقان ئىلمىي يېزىقچىلىق قابىلىيىتى، تەپەككۇر جەھەتتىكى زىللىق ۋە ئىنچىكىلىك، پىكىر جەھەتتىكى ئېنىقلىق ۋە لوگىكىلىق، پەلسەپەۋى ۋە نەزەرىيەۋى ئۇقۇملارنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى روشەن بىلىش ۋە ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چوڭقۇر چۈشىنىش قابىلىيىتى بولۇشى كېرەك. ناۋادا چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، زىل ھەم ئابستراكتلىقى يۇقىرى بۇنداق تېمىلاردا مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە ئاپتور پىكىرنى قايىل قىلارلىق ئىپادىلەشكە ئاجىز كەلسە، يەنى ماقالىدىكى نۇقتىئىنەزەرلەر زۆرۈر بولغان نەقىل ۋە ئەقىل بىلەن ئىسپاتلىنىپ، ھۆكۈم - خۇلاسىلەر يېتەرلىك ئاساس ئۈستىگە تۇرغۇزۇلمىسا، مۇلاھىزە نەتىجىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. دېمەك، بۇنداق ماقالە ھەر قانچە ئەھمىيەتلىك تېمىلاردا يېزىلىشىدىن قەتئىينەزەر كېرەكسىز ماقالە بولۇپ قالىدۇ. مېنىڭچە، «تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى» دېگەن ماقالە دەل مۇشۇنداق كېرەكسىز ماقالە بولۇپ قالغان. ئاپتورنىڭ نازۇك ھەم مۇھىم تېمىلارنى بىراقلا تۆكمە قىلىپ يۈرگۈزگەن تەنقىد - تەھلىللىرى ئالجوقا جۆيلۈش بولۇپ قالغان.

مەن رەددىيە يېزىۋاتقان بۇ ماقالە ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخاننىڭ مەن ئوقۇغان ئىككىنچى ماقالىسى. مەن بۇ ئاپتورنى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2007 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «بىزدىكى پەن بىلەن سەنئەت مۇناسىۋىتىدىكى ئېغىشلار» دېگەن ماقالىسى بىلەن تونۇغان ئىدىم. بۇ ماقالىمۇ كىچىك ماۋزۇلارغا بۆلۈنۈپ مۇقەددىمە ۋە ئاخىرقى سۆزدىن باشقا «بىزنىڭ ناخشا - ئۇسۇللىرىمىز»، «بىزدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر»، «بىردىنبىر چىقىش يولىمىز ئىلىم - پەن ۋە تېخنىكا» دېگەن ئۈچ كىچىك ماۋزۇ بويىچە يېزىلغان ئىدى. مەن بۇ ماقالىنى ئوقۇپ ئاپتورنىڭ كىرىزىس تۇيغۇسىغا ئىگە، پىكىر قىلىشقا ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى، ئەمما يازمىسىنىڭ گۆدەكلەرچە قاراش ۋە مەنتىقسىز مۇلاھىزىلەر بىلەن تولغانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم. ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلاردا بىر تەرەپلىمىلىك زىيادە ئېغىر ئىدى. مەسىلەن، ئاپتور مەزكۇر ماقالىسىنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا مۇنداق قۇرلارنى يازغان: «يەر شارىدىن ئىبارەت ئىنسانلارنىڭ بۇ كەڭ تۇرالغۇسىدا 2000 دىن ئارتۇق مىللەت ياشايدۇ. چوڭ مىللەتنىڭ ئادەم سانى

مىليارد بىلەن، كىچىكلىرىنىڭ ئادەم سانى بارماق بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئەمما بۇ مىللەتلەرنىڭ دۇنيا تەرەققىياتىغا ۋە ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسى ئادەم سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس، بەلكى مىللەتنىڭ نەتىجىسىگە، ئىرىشچانلىقىغا، روھىغا باغلىق بولغان. بىزمۇ مىليون دېگەن سان بىلەن ئۆلچىنىدىغان مىللەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىزنىڭمۇ يەر شارىدىن ئىبارەت گىگانت ئائىلىدە ئوخشاشلا ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىش مەجبۇرىيىتىمىز ھەم باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز بار.

ئەگەر بىر يات كىشى بىزدىن نېمەڭ بار دەپ سوراپ قالسا، ئىشىنىشكە بولىدۇكى، بۇنداق سوئالغا بىزدىكى ئەڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرمۇ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سەنئىتىمىزنى، ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىمىزنى ھەم مۇقاملىرىمىزنى بىر ـ بىرلەپ تىزىپ قويغان، بىز ياشاۋاتقان ماكانىنىڭ ئېسىللىكىنى، كۆمۈلۈپ ياتقان يەر بايلىقلىرىنى، تارىم، يۇرۇڭقاش دەريالىرىنى، تەكلىماكان قۇملۇقىنى، ھەرقايسى شەھەرلىرىمىزنى دەپ بەرگەن بولاتتى. بۇ يەردىن چىقىدىغان مېۋە ـ چېۋىلەرنى، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلىرىمىز ياسىغان قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى، يىپەك رەختلىرىمىزنى ۋە گىلەملىرىمىزنى دېگەن بولاتتى. بىزنىڭ ھېيتگاھ جامەسىنى، تۇرپان مۇنارىنى، قەدىمىي ئىدىقۇت، يارغول، كىروران، لوپنۇر، نىيە شەھەر خارابىلىرىنى، نەزىرىمىزدىكى كىروران گۈزىلىنى كۆز ـ كۆز قىلغان بولاتتى. بىز يەنە ئۇيالماستىن تارىختا يېزىلغان، ئىجاد قىلىنغان ھەممەيلەنگە مەلۇملۇق ھېلىقى كىتابلارنىمۇ تىلغا ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالمايتتۇق.»

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ئاپتور نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن يارىتىلغان بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت نەتىجىلىرىمىزنى، ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس قالغان ئانا ماكانىمىزنى نىگىلىزملىق پوزىتسىيەدە بىراقلا ئىنكار قىلغان. بۇنداق چېكىدىن ئاشقان نىگىزملىق پوزىتسىيەنى بىز ئاپتورنىڭ «بىز يەنە ئۇيالماستىن» دېگەن سۆزلىرىدىن تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلىمىز. «بىر يات كىشى بىزدىن نېمەڭ بار دەپ سوراپ قالسا» بىز كۆسەن ۋە ئىدىقۇت مەدەنىيىتىنىڭ گۈلتاجى بولغان مىڭئۆي سەنئىتىنى، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەن، لوياڭلارنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتكەن ناخشا ـ ئۇسسۇللىرىمىزنى، بىباھا مۇزىكا بايلىقىمىز بولغان مۇقامنى، مول ھەم رەڭدار گۇمانتار مەدەنىيىتىمىزنى، تۆت پەسلى روشەن، جۇغراپىيەلىك لاندشافى مىسلىسىز ھەيۋەتلىك ئانا ماكانىمىزنى، پۈتمەس ـ تۈگىمەس تىلسىملار كانى بولغان تەكلىماكان قۇملۇقىنى، بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنى دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ «خوجا ئاكىلىرى» قاتارىدا ساناپ ياشاۋاتقان رۇسلار شىمالىي كەڭلىكتىكى قاراڭغۇ ئىپتىدائىي ئورمانلاردا ياۋا چوشقا ئوۋلاپ جېنىنى بېقىپ، شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن يېپىلغان تاش كەپىلەردە تەرتىپسىز ھايات كەچۈرۈۋاتقان چاغلاردا، ئاللىبۇرۇن تەرتىپلىك شەھەر ھاياتىغا قەدەم قويغان ئەجدادلىرىمىز قۇرغان كىروران، يارغول، كۈسەن، ئىدىقۇت، قەشقەر شەھەرلىرىنى، روشەن ئانتروپولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن يىمىرىلمەس تارىخىي پاكىت سۈپىتىدە تالاي كاززاپ تارىخچىلارنىڭ سەپسەتىلىرىنى ئۇچۇقتۇرۇۋەتكەن سۆيۈملۈك «كىروران گۈزىلى»نى تىلغا ئالساق خاتا بولغانىنىڭ ئۈستىگە، فارابى، مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋايى قاتارلىق دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە دانىشمەنلىرىمىز ئىجاد قىلغان «ھېلىقى كىتابلارنى» تىلغا ئالساق نومۇسسىزلىق ھېسابلىنىدىكەن. ئاپتورنىڭ قارىشىچە بۇلارنى تىلغا ئېلىشتىن ئۇيىلىشىمىز كېرەككەن.

ساغلام، ئىلمىي مەدەنىيەت روھى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئەلۋەتتە، ئۆز مەدەنىيىتىگە ۋە ئۆزگە مەدەنىيەتكە بولغان ئاڭلىق تەنقىدنى توغرا چۈشىنىش ھەم قوللاش كېرەك. بىر مىللەتتە ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىگە ھەم ئۆزگىلەرنىڭ مەدەنىيىتىگە قارىتا بۇنداق ئاڭلىق تەنقىد روھى شەكىللەنمەسلىكىنىڭ ئۆزى بىر بىچارىلىك ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخاننىڭكىدەك ئاڭلىق تەنقىد روھىدىن خالىي بۇنداق قارىقويۇق مىللىي ئىنكارچىلىق پوزىتسىيەسىگە جىددىي رەددىيە بېرىش زۆرۈر ئىدى. مەن ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ماقالىسىدىكى بۇ ناتوغرا قاراشقا دەرھال رەددىيە ماقالىسى يېزىشنى ئويلىغان بولسامۇ، ئەمما، ئاپتورنىڭ ماقالىسىنىڭ باش قىسمىدىلا ناھايىتى تۆۋەنچىلىك بىلەن «مەن بىر قەلەمكەش ياكى شۇنداق خىياللاردا بولۇۋاتقان ئادەم ئەمەس. شۇنداق بولغاچقىمۇ ھازىرغىچە مەتبەئە ئانىقىغا كىرگەن ھەر قانداق قەغەز يۈزىدە ئىككى قۇر ھەجىمدىكى بىر نەرسە ئېلان قىلىپ باقمىغان. شۇڭا يازغانلىرىم تومتاق، پىكىر بايان قىلىشىم قالايمىقان بولۇپ قالدى. شۇ سەۋەبلىك ئالدى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەيىبكە بۇيرۇماسلىقىنى ئۆتۈنىمەن» دەپ يازغان جۈملىلىرىنى ئوقۇپ، «بولدىلا يېڭىباچە قەلەمكەشكەنغۇ، ھەر ـ ھەر تونۇلغان ئەدەب، پىروفېسسورلىرىمىزنىڭ يازمىلىرىدىمۇ بىر ـ بىرىدىن بەتتەر ئالىجوقا جۈملىلەر كۆرۈلۈۋاتقان شارائىتتا، يازغان نەرسىسىنىڭ تومتاق، قىلغان پىكىرلىرىنىڭ قالايمىقان ئىكەنلىكىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئەسكەرتكەن بىر يېڭى ئاپتورغا رەددىيە يېزىپ نېمە قىلاي» دەپ ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدىم. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا

يازمىسىنىڭ «تومتاق، پىكىرلىرىنىڭ قالايمىقان» بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەن ئاپتور مەتبۇئاتقا يوللىماسلىقى كېرەك ئىدى. مەشھۇر يازغۇچى گوگول «يازغان ئەسىرىمدىن ئۆزۈممۇ رازى بولمىسام، تاشلىۋېتىشكە رازىمەنكى، ھەرگىز يەڭگىللىك قىلىپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرمەيمەن، بولمىسا، ئۇنداق ئەسەر ئەۋلادلاردا خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ، جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزىدۇ» دېگەن. بۇ بىر مەسئۇلىيەتچان قەلەمكەش ئۈچۈن چوقۇم ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە. ئەپسۇسكى، نۆۋەتتە مەتبۇئاتلىرىمىز ئارقىلىق بىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈۋاتقان ماقالە - ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى بىزگە گوگول ئېيتقان بۇ قائىدىنى پەسەنتىگە ئېلىپمۇ قويمايدىغاندەك تەسىرات بېرىۋاتىدۇ. ئىجادىيەتكە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشتەك بۇ قىممەتلىك روھ بۇلغانماسلىقى ھەم ئاجىزلاشماسلىقى كېرەك ئىدى. بولمىسا پۇچەكلىك يامراپ كېتەتتى. قەلەم تەۋرەتكۈچىلەرنىڭ ئەستايىدىل بولۇشى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەنقىدىي نەزەر بىلەن ئوقۇشى ئىجادىيەت ساھەسىنى يۇقىرى سۈپەت ئۆتكىلىگە قاراپ سىلجىتاتتى.

ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخاننىڭ مۇھاكىمە ماقالىسىدىكىگە ئوخشاش مەسئۇلىيەتسىزلىكلەر بىزنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە ماقالە يېزىقچىلىقى ساھەيىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا كۆپ كۆرۈلىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى. بىزنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە ماقالە يېزىقچىلىقىمىزدا نۇقتىئىنەزەر مۇجمەل بولۇشتەك ئەجەللىك ئاجىزلىق ئىز چىل ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئاپتورنىڭ نېمىنى تەشەببۇس قىلىپ، نېمىنى ئىنكار قىلىۋاتقانلىقى، نېمىنى ھىمايە قىلىپ، نېمىگە قارشى تۇرۇۋاتقانلىقى ئېنىق بولماسلىق مەسىلىسى خېلىلا ئومۇملاشقان ئەھۋالدۇر. مۇھاكىمە ماقالىلىرىغا قويۇلىدىغان روشەن تەلەپ شۇكى ئاپتور مۇھاكىمە قىلىۋاتقان ئوبيېكتقا نىسبەتەن پوزىتسىيەسىنى ئېنىق ئىپادىلىشى، مەقسىتىنى روشەن ئوتتۇرىغا قويۇشى، نۇقتىئىنەزىرىنى دەلىل - پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ، نەزەرىيە جەھەتتىن چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىپ ئوقۇرمەننى قايىل قىلىشى كېرەك. دەۋرداشلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ماقالىلىرىدا ئاپتور ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەسلىك ۋە ئېغىر لوگىكىسىزلىق يەنى ئەقلىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئاجىزلىقى، پىكرىنىڭ ئىزچىلسىزلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان چېچىلاڭغۇلۇق مەسىلىسى خېلىلا ئېغىر. بۇنداق بولۇشىدىكى تۈپ سەۋەب ئىدراكىي تەپەككۇرىمىزنىڭ يېگىلەپ كەتكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىلىشىمىز كېرەككى، لوگىكىلىق قۇرۇلمىسىغا يۇقىرى تەلەپ قويۇلۇپ يېزىلمىغان ھەر قانداق ماقالە خەلقئارا ئىلىم مۇنبىرىدە ئېتىبارسىز قارىلىدۇ. ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخاننىڭكىدەك قارىقويۇق ئىنكارچىلىق خاھىشىدىكى، «تومتاق، قالايمىقان پىكىر»لەر بىلەن تولغان ماقالە ئەخلەت يازمىلار قاتارىدا تاشلىۋېتىلىدۇ. قىزىق يېرى شۇكى، ئۆز يازمىسىنىڭ «تومتاق، قالايمىقان پىكىر»لەر بىلەن تولغانلىقىنى بىلىدىغان ئاپتور «بىزدىكى پەن بىلەن سەنئەت مۇناسىۋىتىدىكى ئېغىشلار»دېگەن بۇ ماقالىسىدا گويا بىزنى كىرىزىستىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ چارىسىنى تاپقان دانىشمەندەك «بىردىنبىر چىقىش يولىمىز ئىلىم - پەن ۋە تېخنىكا» دەپ كۆرسەتكەن. ئۆزىنىڭ «تومتاق، قالايمىقان پىكىر» قىلىدىغانلىقىنى تەن ئالغان بىر ئادەتتىكى ھەۋەسكارنىڭ بۇنداق چوڭ گەپلەرنى قىلىشى، ھەتتا «بىردىنبىر چىقىش يولىمىز»دەپ ئالاھىدە تەكىتلەپ كېتىشى ساددىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھېلىغۇ بىر ئادەتتىكى ھەۋەسكار قەلەمكەش ئىكەن، سالاھىيەتلىك بىرەر تەتقىقاتچى، نوپۇزلۇق ئالىم ياكى سىياسىيون بولۇشىدىن قەتئىينەزەر «بىردىنبىر چىقىش يولىمىز پەن - تېخنىكا» دەپ ئوتتۇرىغا قويىدىكەن، بۇ ۋاقتى ئۆتكەن بىرتەرەپلىمە شوئار بولۇپ قالىدۇ، خالاس. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى پەن - تېخنىكا ھېچقاچان، ھېچكىمنىڭ «بىردىنبىر چىقىش يولى» بولالمايدۇ. پەن - تېخنىكا ئارقىلىق قۇدرەت تېپىش، زامانىۋى مىللەتكە ئايلىنىش، جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەقەللىي ساۋات بولسىمۇ ئەمما، ئۇ ھەرگىزمۇ بىر مىللەت ۋە بىر دۆلەتنىڭ «بىردىنبىر چىقىش يولى» بولالمايدۇ. پەن - تېخنىكا قوش بىسلىق شەمشەر دەپ قارىلىپ، تالاش - تارتىشلىق تېما سۈپىتىدە مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقىنى ئۇزاق بولدى. دىن، پەن ۋە سەنئەتنى ئىنسانىيەتنىڭ ئۈچ چوڭ روھىي تۈۋرۈكى سۈپىتىدە تونۇش ئومۇمىيۈزلۈك ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مەشھۇر ئالىم ئېينىشتېين «پەندىن ئايرىلغان دىن توكۇرغا ئوخشايدۇ، دىندىن ئايرىلغان پەن كورغا ئوخشايدۇ» دېگەن. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا پەن - تېخنىكىدىن ئىبارەت يەككە ئامىل ھەرگىزمۇ «بىردىنبىر چىقىش يولى» بولۇش سالاھىيىتىنى ھازىرلىيالمايدۇ. پەن - تېخنىكىنىڭ قوش بىسلىق شەمشەرگە ئوخشايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىجابىي نەتىجىمۇ، سەلبىي ئاقىۋەتمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى پەيلاسوپلار، مۇتەپەككۇرلار ئومۇمىيۈزلۈك دېگۈدەك تونۇپ يەتكەن مەسىلىدۇر. پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشىگە زىيادە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارايدىغان، پەلسەپىۋى تەپەككۇرى كەمچىل بەزى ئالىملار پەن - تېخنىكا ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئاسانلىق ۋە چاققانلىق ئېلىپ كېلىدۇ، ماددىي تەرەققىيات ۋە باياشاتلىققا ئىگە قىلىدۇ دەپ قاراپ، پەن - تېخنىكىنى زىيادە مۇئەييەنلەشتۈرسىمۇ، لېكىن، قارشى پىكىردىكى مۇتەپەككۇرلار پەن - تېخنىكا كىشىلىك ھايات

مەسلىسىنى ھەل قىلالمايدۇ، ئەركىنلىك مەسلىسىنى ھەل قىلالمايدۇ، بەختلىك كىشىلىك ھاياتنى ئۇ بەلگىلىمەيدۇ. ئىنسان پەقەت ماددىي تەرەققىيات ۋە بايلىق ئارقىلىقلا ئوڭشالمايدۇ. ئەمەلگە ئاشمىغان ئارزۇ كىشىنى ئازابلىسا، ئەمەلگە ئاشقان ئارزۇ يېڭى ئىستەكلەرنى تۇغدۇ. دېمەك، پەن ـ تېخنىكا (ماددىي تەرەققىيات) تۇرمۇشىمىزغا ھەقىقىي مەنە ئاتا قىلىشتىن تولىمۇ يىراق تۇرىدۇ. ئۇ پەقەت ماددىي جەھەتتە بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزدىكى بىر زۆرۈر ۋاستە، دەپ قارايدۇ. مۇتەخەسسىسلەر «بۈگۈنكى ئىنسانلار يۇقۇملۇق كېسەللىك دەۋرى، جىسمانىي كېسەللىك دەۋرىدىن مەنىۋى كېسەللىك دەۋرىگە كىردى» دەپ كۆرسىتىشتى. قېنى ئويلاپ باقايلى، ئىنسانىيەت بۈگۈن دۇچ كەلگەن مەنىۋى كېسەللىك كرىزىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن پەن ـ تېخنىكىغا مۇراجىئەت قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئالىملارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئىنسانىيەت 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى 50 يىل ئىچىدە تېخنىكا ۋە ماددىي تەرەققىيات جەھەتتە ئۆتكەن 50 ئەسىر جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەردىنمۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئەپسۇسلىنارلىقى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن تەرەققىي قىلغان غەرب جەمئىيىتىدە ئەخلاق جەھەتتە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇش ھادىسىسى كۆرۈلگەن. ئۇنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىرى: بىرىنچى، ئەدەپ ـ ئەخلاق مۇناسىۋەتلىرى يامانلاشقان، كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر ـ بىرىگە قاپقان قۇرۇشقا ئايلانغان؛ ئىككىنچى، قىممەت قارىشى چۈشكۈنلەشكەن، ئادەملەر ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەرنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالغان، شەخسنىڭ ئىدىيەۋى ھېسسىياتى ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى يوقاتقان؛ ئۈچىنچى، جەمئىيەتتە جىنايەت يۈز بېرىش نىسبىتى يۇقىرىلىغان، زەھەر چېكىش، قاتىللىق، بۇزۇقچىلىق قاتارلىق يامان ھادىسىلەر كۆپىيىپ كەتكەن.

دېمەك، ئىنسانلار ئۆتكەن ئەسىردە پەن ـ تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە مىسلىسىز يۈكسەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەخلاق جەھەتتە مىسلىسىز يۈكسەلدى دېگىلى بولمايدۇ، مىسلىسىز بەختلىك بولۇپ كەتتى دېگىلىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى دۇنيا ماددىي جەھەتتە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئىنسانلارنىڭ بەختەرلىك تۇيغۇسى بارغانسېرى ئاجىزلاشتى. جىنايەتشۇناس ئالىملار ھەر خىل جىنايى قىلمىشلارنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئېشىپ بېرىشى نۆۋەتتىكى دۇنيانىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى دېگەن ئورتاق قاراشقا كەلدى. ئۇلار ھەتتا بىز ياشاۋاتقان يەر شارىنىڭ جىنايەت سادىر قىلىش ئىستىكى كۈچلۈك ئىنسانلارنىڭ قورشاۋىدا قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. بىز ئىلگىرى ھەرخىل جىنايەتنى نامراتلىق بىلەن قالاقلىققا باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە ئادەتلەنگەن ھەم پەن ـ تېخنىكا بىلەن ماددىي تەرەققىياتقا زىيادە ئىشەنچ باغلاپ كەلگۈسىدىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەن، ئەپسۇس نەتىجە ئۈنداق بولمىدى دېيىشتى. پەن ـ تېخنىكىنىڭ بەخت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا، ماددىي تەرەققىياتنىڭ خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن ئىشەنگەن ئىنسانلار ئىجتىمائىي يېرىقلارنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاخىرقى ھېسابتا، پەن ـ تېخنىكا مەيلى قانچىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلسۇن ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاق بىلەن ئېتىقادنى ئەرزىمەس ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويالىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتتى. ھەقىقەتەنمۇ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ پۈتكۈل دۇنيانى قاپلىغان ئىجتىمائىي كرىزىسنى ھەل قىلىش ئاچقۇچىنى ئىنسانلارغا تەقدىم قىلىش قولىدىن كەلمەيتتى. چۈنكى پەن ـ تېخنىكا ئىنسانلار ئىزدىنىۋاتقان ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدىكى سوئاللارغا ھەرگىز توغرا جاۋاب بېرەلمەيتتى. نېمە ئۈچۈن ياشاش، قانداق ياشاش كېرەك دېگەن ھاياتنىڭ مەزمۇن ۋە شەكلى ھەققىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە پەن ـ تېخنىكا ئاجىزلىق قىلاتتى. پەن ـ تېخنىكىنىڭ قولىدىن ئىنسانلارغا قىممەتلىك ئەخلاقىي مىزانلارنى تەقدىم قىلىش ئەسلا كەلمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. قانداقتۇر بىرلىرى ئۇنداق ـ مۇنداق تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويغان تەقدىردىمۇ، ئۇ بىر سەپسەتە ھالىتىدە تۇرۇپ قالىدۇ، خالاس. چۈنكى ھايۋانىي تۇرمۇشنى ئىنسانىي تۇرمۇش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرەلەيدىغان قىممەتلىك مىزانلار ئەقىلگە ۋە ئىنسان تەبىئىتىگە ئۇيغۇن بىر ئەقىدىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان ئەھۋالدا نامەلۇم ۋە چۈشىنىكسىز پېتى قېلىۋېرىدۇ. مانا بۇ پەن ـ تېخنىكىنى ئىچكى قىسمىدىن ئەمەس بەلكى سىرتقى قىسمىدىن، يەنى ئىنسان تەبىئىتىگە ئۇيغۇن، ئەقىلگە مۇۋاپىق مەلۇم بىر مەدەنىيەت ئارقىلىق ساقلاپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ناۋادا بىز «پەن ـ تېخنىكا بىردىنبىر چىقىش يولىمىز» دېگەن قاراشقا ئېسىلىۋېلىپ، نوقۇل پەن ـ تېخنىكىغىلا تايانساق ھەم ئۈمىد باغلىساق، ئۇ ھالدا بىز پەن ـ تېخنىكىدىن ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن مەنىۋى قەھەتچىلىكنى ھەل قىلالايدىغان بىرەر كۈچنى بايقىيالمايمىز، كەڭ تارقالغان ئىجتىمائىي رەزىللىكلەرنىڭ ھۆججىنى توسۇيالايدىغان بىرەر ئەخلاقىي قىممەتنى ئەسلا تاپالمايمىز. نەتىجىدە كىشىلەردە ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇسى ئومۇملىشىدۇ. ماھىيەتتە بۇ روشەن ئەخلاقسىزلىقنىڭ مەلۇم بىر تەرىپى بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئىجتىمائىي ئاپەت ئالدىدىكى پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۈمىدسىزلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇتەپەككۇرلار مۇشۇ نۇقتىدىن چىقىپ «بىز

پەن - تېخنىكنى رەت قىلماقچى ياكى رەت قىلايلى دېمەكچى ئەمەس، بەلكى پەن - تېخنىكنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان سەپسەتىنى رەت قىلايلى دېمەكچى»دەپ ئېنىق كۆرسەتكەن. ئۇلار پەن - تېخنىكىدىن ۋاز كېچىشنى تەشەببۇس قىلمىغان، بەلكى ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن مەنىۋى ۋە ئىجتىمائىي كىرىزىسنى ھەل قىلىش ئۈچۈن پەن- تېخنىكىدىن ئىبارەت بۇ قوش بىسلىق شەمشەرنى ئۆزگە قورال قىلىۋالغان سەپسەتىلەردىن ۋاز كېچىپ، ئۇنى توغرا دۇنيا قاراشنىڭ قولىغا تاپشۇرايلى دېگەننى تەشەببۇس قىلغان. بۇ تەشەببۇس بىزنىڭ پەن - تېخنىكىغا قارىغۇلارچە تايىنىشنى ئويلايدىغان ۋە ئۇنىڭغا زىيادە ئۈمىد باغلايدىغان ساددىلىقىمىزنى ئەقلىگە مۇۋاپىق ئىزغا سالىدۇ. ئەگەر پەن - تېخنىكا تەڭداشسىز كۈچ ھېسابلىنىدىغان بولسا، 1980 - يىللاردىن بۇيان پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ قۇدرەت تېپىپ ئىقتىسادىي جەھەتتە گىگانت گەۋدىگە ئايلانغان، ھەربىي كۈچ جەھەتتە ئامېرىكىغا ئوخشاش قۇدرەتلىك دۆلەتلەرمۇ چۆچۈيدىغان دەرىجىدە زورايغان جۇڭگو 21 - ئەسىرگە قەدەم قويغاندا توساتتىن «ئەخلاق قۇرۇلۇشنى يولغا قويۇش» نى ھۆكۈمەت ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇپ ئېلىپ بارمىغان بولاتتى. شۈبھىسىزكى، بۇ ھەرىكەت جۇڭگو جەمئىيىتى ئېغىر ئەخلاق كىرىزىسىگە پاتقاندا يولغا قويۇلغان ھەرىكەتتۇر. ئۇنداقتا ھۆكۈمەت ھەرىكىتى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ نېگىزى نېمە؟ ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ نېگىزى - سەممىيلىكتۇر. نېمە ئۈچۈن سەممىيلىك ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ نېگىزى سۈپىتىدە تەكىتلىنىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابىنى بىز بازارلارنى قاپلىغان سۈپەتسىز مەھسۇلات، يەنى سۈپەتسىز دورا، سۈپەتسىز يېمەكلىك، ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلىۋاتقان ئىشەنچسىز نىكاھ، كىشىلىك قەدىر - قىممەتنى يەكسان قىلىۋاتقان پۇل ئۈستىگە قۇرۇلغان مۇناسىۋەت قاتارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەردىنلا تاپالايمىز. مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى سەممىيلىككە سەل قارىلىپ، ساختىپەزلىك ئەۋج ئالغاندا كۆرۈلىدىغان ئىجتىمائىي ئاپەتلەر ھېسابلىنىدۇ. زامانىمىزدىكى تونۇلغان پەلسەپىچى جۇ خېجۈن ئەپەندى «كۆندە بىردەم پەلسەپە ئوقۇيلى» دېگەن كىتابىدا ئېيتقاندەك «دىن غەربلىكلەرنىڭ مەنىۋى نىجاتكارى. ھالبۇكى جۇڭگولۇقلاردا دىننى مەنىۋى نىجاتكار دەپ قارايدىغان مۇنداق ئەنئەنە يوق.» شۇڭا، دىنىنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇشتەك بۇنداق رولىنى باشقا مەدەنىيەت ئامىللىرىغا تايىنىپ ئېلىپ بارماي ئامال يوق. بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن داڭلىق نەزەرىيەچى ۋۇ زۇرىن ئەپەندى «يازغۇچىلار گېزىتى»نىڭ 1993 - يىل 13 - مارتتىكى ساندا ئېلان قىلغان ماقالىسىدا ئېنىق قىلىپ

مۇنداق دېگەن: «دۇنيادىكى ھەر قانداق دۆلەت ۋە مىللەتتە مەنىۋى تىرەك بولمىسا بولمايدۇ، ۋاھالەنكى جۇڭگودا مەنىۋى تىرەك بولۇش ۋەزىپىسى زور دەرىجىدە تارىخىي يوسۇندا ئەدەبىياتقا يۈكلەنگەن. نېمىشقا مۇنداق دەيمىز؟ جۇڭگودا دىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن. مەسىلە ھەقىقەتەنمۇ دەل مۇشۇ يەردىن چىقىۋاتىدۇ. مىللىتىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىدىن قارىغاندا، ئېيىشىپ كەتسە، جىنغا ئىشىنىپ، ياراتقۇچىغا ئىشەنمىدۇق. جۇڭگولۇقلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغىنى كۇڭزى تەرىقىتى، ئەمما، كۇڭزى تەرىقىتى بىر خىل ئاتاقتىنلا ئىبارەت. ماھىيەتتىن ئالغاندا، ئۇ يەنىلا ئىجتىمائىي ئەخلاقشۇناسلىق (كىشىلەر ئادەتتە دەۋاتقان پەلسەپەمۇ ئەمەس)، ئەمما دىن ئەمەس. جۇڭگولۇقلاردا پانىي ئالەم قارىشىلا باركى، باقىي ئالەم قارىشى يوق.» مانا مۇشۇ چۈشەنچىلەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ قارىغاندا، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى «ئەخلاق قۇرۇلۇشنى يولغا قويۇش»نى ھۆكۈمەت ھەرىكىتىگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىش زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇرغان. ئادەمگە ئەخلاق تەرتىپى بېغىشلايدىغان دىنىي ئېتىقاد مەۋجۇت بولمىغان ئەھۋالدا، ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ھۆكۈمەت ھەرىكىتىگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىش بىر رېئال تاللاشتۇر. شۈبھىسىزكى، ئەخلاقنىڭ بىر ئادەم، بىر ئائىلە، بىر مىللەت ۋە بىر جەمئىيەتكە بولغان ئەھمىيىتىنى ھەرگىز تۆۋەن چاغلاشقا بولمايدۇ. بىرەر جەمئىيەتتە ئەخلاقنىڭ تۈتۈپ تۇرۇش رولى كەمچىل بولىدىكەن، ئۇنداقتا، بۇ جەمئىيەتنى ھالاك بولىدىغان دائىرىگە كىرگۈزۈشكە تامامەن بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا بىر قىسىم كىشىلەر زىيادە ئۈمىد باغلىغان پەن - تېخنىكا ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزىدىغان نىجاتكار بولۇشقا تامامەن ئاجىزلىق قىلىدىغانلىقىنى تەن ئېلىشقا مەجبۇر بولماي ئامالى يوق. ئەمەلىيەتتە كۆرۈپ ھەم چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتۇقكى، پاكىتلار «پەن - تېخنىكا بىردىبىر چىقىش يولى» دەيدىغان قاراشنىڭ بەكمۇ بىر تەرەپلىمە قاراش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. پەن - تېخنىكىنىڭ كۈچى بىلەن زامانىۋىلاشقان جەمئىيەت ۋە گۈللەنگەن ئىقتىساد پۇقرالارنىڭ ئەخلاق ئېڭىنى ئاجىزلىتىپ جىنايەت سادىر قىلىش نىسبىتىنى ئاشۇرۇۋەتتى. كىشىلەرنى ئالغا بېسىشقا ئىنتىلدۇرىدىغان بىردىنبىر ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ پۇل بولۇپ قالدى. بۇنداق ئەھۋالدا كىشىلەر ماددىي تۇرمۇشنىڭ ھۇزۇرىدىن ئۆزلىرىگە تەسەللى تاپسىمۇ، لېكىن قۇرغاقلىشىپ كېتىۋاتقان مەنىۋىيىتىنى يوشۇرالماي قالدى. نەتىجىدە ئەخلاقىي پرىنسىپلارغا سەل قارايدىغان بولۇپ كەتتى. شۈبھىسىزكى، ئەخلاقىي پرىنسىپنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولمىغان ھايات مەنىۋى پالەچلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھازىرقى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشقا قويغان تەلىپى كىشىلىك

www.uyghurkitap.com

خاراكتېرنىڭ ئەڭ ئالىي قاتلىمى بولغان ئالىيجانابلىق، بېغىشلاش، قانائەت، تاكامۇللۇق بولماستىن بەلكى، كىشىلىك خاراكتېرنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمى بولغان ئەيش ـ ئىشرەت، ئويۇن ـ كۈلكە ۋە راھەتپەرەسلىككە بېرىلىش بولغانلىقتىن ئىجتىمائىي كەيپىيات بۇزۇلۇشقا قاراپ يۈزلەندى. نەتىجىدە ئىنسانلار ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئەخلاق ئۆلچىمىنى ئاساس قىلىپ ھۆكۈم قىلىشنى ئادەت قىلمايدىغان بولۇۋالدى. كېيىنچە ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشتىن باش تارتقان كىشىلەر بىلەن تولغان جەمئىيەت قاباھەتلىك جەمئىيەتتۇر. مۇتەپەككۇرلار ئېيتقاندەك: «ئەخلاق ۋەيران بولسا، ئېتىكا بىر چەتكە تاشلىنىپ قالسا، مەدەنىيەت نابۇت بولىدۇ، ئاساس تەۋرەيدۇ، ۋىجدان يوقايدۇ، مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ ئادەم يەنىلا ياشايدۇ، لېكىن ئادەمدەك ياشىيالمايدۇ.» بازار ئىگىلىكى ئېلىپ كەلگەن پۇلغا چوقۇنۇش شامىلىدا ئىجتىمائىي ئەخلاق سىستېمىسى پارچىلىنىپ كەتتى. بۇ خىل كىرىزىسنىڭ ئېغىرلىقى تونۇپ يېتىلگەچكە«ئەخلاق قۇرۇلۇشى» ئېلىپ بېرىش يولغا قويۇلدى. «پۇلنى ئاساس قىلىش» شامىلىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن «ئادەمنى ئاساس قىلىش» شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بەزىلەرنىڭ ئېتىكا، ئېستېتىكا، پەلسەپە، تىيولوگىيەگە ئوخشاش ئىنسانىي روھىي ۋە مەنىۋى قىممەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىشكە ئۈندەيدىغان ئىلىملەرمۇ پەنغۇ دەپ تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ يۈرۈشىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇشۇم كېرەككى، ھەر قانداق كونتېكىستتا قوللىنىلغان ئۇقۇمنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇنى ھە دېگەندە ئىزاھلىق لۇغەتتىكى مەنىسىگە تەڭ بولۇۋەرمەيدۇ. ئاپتور مۇئەييەن ئۇقۇمنى ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى ئىسپاتلاش جەريانىدا كەڭ مەنىدە قوللىنىش ياكى تار مەنىدە قوللىنىشنى ئېھتىياجغا قاراپ بەلگىلەيدۇ. شۇڭا پەن دېگەن ئۇقۇمنى مەنمۇ ماقالەمدە كەڭ مەنىدە قوللانمىدىم، تېخنىكا دېگەن ئۇقۇمنى بولسا كەڭ مەنىدە قوللاندىم. مەن نەزەردە تۇتقان پەن دۇنيانى تونۇش، ئوبيېكتىپ ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىشنى ۋەزىپە قىلغان بىلىم سىستېمىسىدىن ئىبارەت. مۇتەپەككۇرلار «پەننىڭ جاۋاب بېرىدىغىنى ئەتراپىمىزدىكى كونكرېت شەيئىلەر بولۇپ، ئۇ بىز ياشاۋاتقان ئوبيېكتىپ دۇنيانى تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ بىزگە شەيئىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ھەرىكىتىنى چۈشەندۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ماھىيىتى ۋە قىممىتىنى بايان قىلىدۇ. پەننى بايقاشلار بىز بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان نەرسىلەرنى بارلىققا كەلتۈرسىمۇ، باللارنىڭ يېمەكلىكىدىن

تارتىپ ۋودورود بومبىسىغا قەدەر نەرسىلەرنى ياسىيالىسىمۇ، لېكىن ئۇ بىزگە شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىدىكى سەۋەبلەرنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇ يەنە بىزنىڭ ئۇنى خاتا ئىشلىتىشىمىزدىن كېلىپ چىققان يامان ئاقىۋەتنىڭ ئالدىنى ئالالمايدۇ. پەن ئىككى ياقلىمىلىق دورا، ئۇ داۋالايدۇ ھەم زەھەرلەيدۇ، قۇرىدۇ ھەم بۇزىدۇ»دەپ قارايدۇ. مانا بۇ مەن ماقالەمدە نەزەردە تۇتقان پەن ئۇقۇمىنىڭ دائىرىسىنىمۇ ھەم پەننىڭ خاراكتېرىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدىغان ياخشى مىسال.

بىز ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخاننىڭ «بىزدىكى پەن بىلەن سەنئەت مۇناسىۋىتىدىكى ئېغىشلار» دېگەن ماقالىسىنى «يازغانلىرىم تومتاق، پىكىر بايان قىلىشىم قالايمىقان بولۇپ قالدى»دەپ تەن ئالغانلىقىدىن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ «تىل كېكەچلىكى»نى بىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدۇق. ئۇنىڭ «بىردىنبىر چىقىش يولىمىز پەن ـ تېخنىكا»دېگەن قارىشىنىڭ يۈزە ھەم بىر تەرەپلىمىلىكىنى، بۇ مەسىلىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ ئەتراپلىق، چوڭقۇر، ئىنچىكە ئەمەسلىكىنى تەنقىدلەش جەريانىدا تەپەككۇرىنىڭمۇ نامراتلىقىنى بىلىپ يەتتۇق. خوش، ئۇنداقتا 2007 ـ يىلى ئېلان قىلغان ماقالىسىدا ئۆزىنىڭ تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقىنى پاكىتلاشتۇرغان ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخاننىڭ 2010 ـ يىلىغا كەلگەندە بىردىنلا «تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى»دەپ ماۋزۇ قويۇپ «بايقىشىمچە، نۆۋەتتىكى مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى قاتلىمى ھەم خەلقنىڭ تەپەككۇر ئېڭىدا جىددىي ئويلىنىشقا تېگىشلىك تۆۋەندىكى مەسىلىلەر ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولماقتا»دەپ 13 كىچىك ماۋزۇ ئاستىدا بىر ـ بىرىدىن مۇھىم ھەم نازۇك، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ تېمىلاردا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، تەنقىدىي روھ بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىشى كىشىنى ئەجەبلەندۈرمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە، شەرق تەپەككۇر خەزىنىسىدە «بىر ئادەمنى ئۈچ كۈن كۆرمىسەڭ يېڭىچە نەزىرىڭ بىلەن قارا» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن. شۇڭا ئۈچ كۈن ئەمەس ئۈچ يىل مەتبۇئاتتا ماقالىسى كۆرۈنمىگەن ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخانغىمۇ ئەستايىدىل قاراش كېرەك. بەلكىم ئۈچ يىل جەريانىدا ئۆزىنىڭ تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقىنى تۈگىتىپ مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرىنىڭ تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى توغرۇلۇق تەنقىدىي مۇلاھىزە يۈرگۈزگىدەك سالاھىيەتنى ھازىرلىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئوقۇپ بىر نەرسە دېيىش كېرەكتە. مانا مۇشۇنداق پوزىتسىيە بىلەن مەن ئۇنىڭ يېڭى ماقالىسى «تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى»نى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقتىم. تەسىراتىم شۇكى، ئاپتور مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى ھەم خەلقنىڭ تەپەككۇرىدىكى تىل

كىكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقىنى باھالىغۇدەك سالاھىيەتنى ئازراقمۇ ھازىرلىمىغانىنىڭ ئۈستىگە، ئوقۇرمەنلەرگە ئۆزىنىڭ تىل كىكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئايان قىلغان. مەن بۇ قارىشىمنى ئوقۇرمەنلەرگە پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بېرىش ھەم يازسىلا ماقالە بولۇۋەرمەيدىغانلىقىنى ئىلمىي نۇقتىدىن كۆرسىتىپ بېرىش مەقسىتىدە بۇ رەددىيەنى يازدىم، مۇۋاپىق بولغان ـ بولمىغانلىقىغا ئوقۇرمەنلەر باھا بېرىپ باقسۇن.

ئاپتور مەزكۇر ماقالىسىنىڭ ژۇرنال سەھىپىسىدە يېرىم بەتچە كېلىدىغان مۇقەددىمە قىسمىدىلا قانچىلىك مەسىلە سادىر قىلغانلىقىنى تەھلىل قىلساقلا، ئوقۇرمەنلەر ماقالىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا دىياگنوز قويالايدۇ. مەن تەنقىدىمنى ئېنىقلىققا ئىگە قىلىش ئۈچۈن بۇ مۇقەددىمىنى ئۆزۈندىلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىمەن.

«بىلىشىمچە، مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى، يەنى پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر، پەلسەپەچىلەر جەمئىيەت مەسىلىلىرىنى توغرا كۆزىتىش، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ۋە ئوي ـ پىكرىنى توغرا تەھلىل قىلىش، ئۇلارنىڭ پائالىيىتى، ھەرىكىتى ئۈستىدە ئويلىنىپ، مۇۋاپىق يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى، پىسخىكىسىغا تەسىر كۆرسىتىپ ياخشىلىققا باشلاش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان كىشىلەردۇر.»

بىز بۇ ئۆزۈندىنى ئۇقۇم مۇجمەللىكى ۋە مەنتىق خاتالىقى جەھەتتىن تەھلىل قىلىپ باقايلى: ئاپتور «مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى» دېگەن ئۇقۇمنى ئىزاھلىماق بولۇپ، «يەنى پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر، پەلسەپەچىلەر» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ئىزاھاتتىكى پەيلاسوپ بىلەن پەلسەپەچى بىر گەپ بولغانىنىڭ ئۈستىگە مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى دېگەن ئۇقۇم پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر دېگەن ئۇقۇملارغا باراۋەر ئەمەس. بۇنداق ئىزاھلاش تامامەن خاتا. ئاپتور بۇ يەردە قۇرۇقتىن قۇرۇق ئاتالغۇلار ئويۇنى ئوينىغان. ئاپتور يەنە مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرىنى «توغرا تەھلىل» يۈرگۈزىدىغان، «مۇۋاپىق يەكۈن» چىقىرىدىغان كىشىلەر دەپ چۈشەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بارلىق مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى «توغرا تەھلىل» يۈرگۈزىدىغان، «مۇۋاپىق يەكۈن» چىقىرىدىغان دانىشمەنلەر بولۇپ قالغان. نەتىجىدە مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى سادىر قىلىشى مۇمكىن بولمايدىغان، يازمىلىرى بىردەك مەقبۇل كۆرۈلىدىغان ئالاھىدە ئىمتىياز ئىگىلىرى بولۇپ قالغان. بۇنداق ئەھۋالدا مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى توغرۇلۇق «تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى» دەپ ماۋزۇ قويۇپ تەنقىد يۈرگۈزۈشمۇ ئارتۇقچە ئىش بولۇپ قالمامدۇ؟ بىز تېخى ئاپتوردىن سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە «توغرا تەھلىل» بىلەن «مۇۋاپىق يەكۈن»نىڭ ئۆلچىمى نېمە دەپ سورىمىدۇق. مۇئەييەن ئۆلچەمنى ئوتتۇرىغا قويماي تۇرۇپ، «توغرا تەھلىل» بىلەن «مۇۋاپىق يەكۈن»نى تىلغا ئېلىش، تولىمۇ يەڭگىلتەكلىكتۇر. بىز ئەمدى مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى ھەققىدىكى تەبىرنىڭ مۇۋاپىق ياكى نامۇۋاپىق ئىكەنلىكىگە قاراپ باقايلى: مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى دېگەن ئۇقۇمنى ئاپتور «جەمئىيەت مەسىلىلىرىنى توغرا كۆزىتىش، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ۋە ئوي-پىكرىنى توغرا تەھلىل قىلىش، ئۇلارنىڭ پائالىيىتى، ھەرىكىتى ئۈستىدە ئويلىنىپ، مۇۋاپىق يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى، پىسخىكىسىغا تەسىر كۆرسىتىپ ياخشىلىققا باشلاش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان كىشىلەردۇر» دەپ تەبىرلىگەن. بىز بۇ تەبىرنىڭ پەلىپەتىشلىكىنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدا ئوبزورچىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى بولغان «باھالاش» دېگەن مۇھىم ئاتالغۇنىڭ تىلغا ئېلىنمىغانلىقىدىنلا ئاپتورنىڭ بەكلا قېيىپ ھەم چەتنەپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

«مەلۇم مەسىلىنىڭ توغرا يېنىلىشى ئۈستىدە ئەمەلىي، ئىجابىي ئىزدىنىش، شۇنداقلا ھەممىگە ئورتاق بولغان قانۇنىيەتنى تېپىش ھەم يەتكۈزۈش جەريانى پەلسەپە، تەپەككۇر بولسا كېرەك. شۇڭا تەپەككۇر رېئال مەسىلە ئۈستىدە بولىدۇ. گۈزەللەشتۈرۈلگەن تەسەۋۋۇر بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدۇ.»

بۇ ئۆزۈندىدە كۆرۈلگەن بىرىنچى خاتالىق شۇكى، پەلسەپە بىلەن تەپەككۇر باراۋەر ئۇقۇم قىلىپ قويۇلغان. بۇلارنىڭ باراۋەر ئۇقۇم ئەمەسلىكى مۇئەييەن مەدەنىيەت تەربىيەسىگە ئىگە كىشىلەرگە ئايان ئەقلىي ساۋات. پەلسەپە مۇستەقىل بىر پەن، تەپەككۇر پىسخىكىلىق پائالىيەت. ئىككىنچى خاتالىق شۇكى، تەپەككۇر ھەرگىز «مەلۇم مەسىلىنىڭ توغرا يېنىلىشى ئۈستىدە ئەمەلىي، ئىجابىي ئىزدىنىش، شۇنداقلا ھەممىگە ئورتاق بولغان قانۇنىيەتنى تېپىش ھەم يەتكۈزۈش جەريانى» ئەمەس، بەلكى پىكىر قىلىش جەريانى. ئەمما پىكىرنىڭ ئۆزى ئەمەس. پىكىر تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسى، ئۇنىڭ توغرا ياكى خاتا بولۇشى باشقا گەپ. ئۈچىنچى خاتالىق شۇكى، «مەلۇم مەسىلىنىڭ توغرا يېنىلىشى ئۈستىدە ئەمەلىي، ئىجابىي ئىزدىنىش، شۇنداقلا ھەممىگە ئورتاق بولغان قانۇنىيەتنى تېپىش ھەم يەتكۈزۈش جەريانى» پەلسەپە ئەمەس. پەلسەپە جەريان ئەمەس، بەلكى پەن. ئۇنىڭ بارلىق ۋەزىپىسى گېرمانىيەلىك مەشھۇر ھادىسەشۇناس پەيلاسوپ ھېيدېگېرنىڭ ئېيتقىنىدەك «ئادەمنى مۇلاھىزىگە

ئۇندەش». ئەركىن ئېيتقان يۇقىرىقى تەرىپ پەننىڭ ۋەزىپىسىگە يېقىن كېلىدۇ. چۈنكى پەن بىز تۇرۇۋاتقان مۇشۇ ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ چىنلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ. ئۇ ئوبيېكتىپ چىن بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. زىددىيەتلىك ئەھۋالنىڭ كۆرۈلۈشىگە يول قويمايدۇ. پەلسەپە كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتنى بايقىشىغا ياردەم بېرىدۇ. سوقرات ئېيتقاندەك بىلىم تەبىئەت بىلەن، ئەقىل - پاراسەت ھايات بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. تۆتىنچى خاتالىق شۇكى، پەلسەپىنى «ھەممىگە ئورتاق قانۇنىيەتنى تېپىش» خۇسۇسىيىتىگە ئىگە قىلىپ كۆرسەتكەن. بۇ ئاپتورنىڭ قانۇنىيەت دېگەن ئۇقۇمنى بىلمەيدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. قانۇنىيەت دېگەن بۇ سۆز ئادەتتە شەيئىلەرنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك، تۈپكى خۇسۇسىيەتلىرى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكلىرى، شۇنداقلا شەيئىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەسۋىرلەپ بېرىدىغان ئومۇمىي پرىنسىپلارنى كۆرسىتىدۇ. بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىغاندا، ئىنسانلار رىئايە قىلىشقا مەجبۇر بولىدىغان نەرسە قانۇنىيەتتۇر. ئاپتور پەلسەپىنى «مەلۇم مەسىلىنىڭ ... ھەممىگە ئورتاق بولغان قانۇنىيىتىنى تېپىش» خۇسۇسىيىتىگە ئىگە قىلىپ كۆرسەتكەن ھەم شۇنداق چۈشەنگەن. كونتېكستتىن قارىغاندا ئاپتور تىلغا ئالغان «مەلۇم مەسىلە» ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ، ئىجتىمائىي مەسىلە ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ تەركىبىي قىسمىدۇر. ئەپسۇسكى، پەيلاسوپلار تۇرمۇشىنىڭ ئاساسلانغۇدەك قانۇنىيىتى يوق، دەپ قارايدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا پەلسەپە تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەرنىڭ قايسى ئورتاق قانۇنىيىتىنى تاپىدۇ؟ بەشىنچى خاتالىق شۇكى، «ئەجابىي ئىزدىنىش» پەلسەپە بىلەن تەپەككۇرنىڭ جەريانى سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ بىر ئەخمىقانە چۈشەنچىدۇر. «ئەجابىي ئىزدىنىش»نى پەلسەپە بىلەن تەپەككۇرنىڭ خۇسۇسىيىتى دەپ قاراش ئوخشاشلا خاتا. نى-نى رەزىل ئوي-خىياللارنى تەپەككۇر ئەمەس دەپ كىم ئېيتىدۇ؟ ئىنسانىيەتنى چۆشكۈنلۈككە ياكى قىرغىنچىلىققا ئۇندەيدىغان تەلىماتلارنى پەلسەپە ئەمەس دەپ كىم ئېيتىدۇ؟ ئالتىنچى خاتالىق «تەپەككۇر رېئال مەسىلە ئۈستىدە بولىدۇ» دېگەن قاراشتا كۆرۈلىدۇ. تەپەككۇر پەقەت رېئال مەسىلە ئۈستىدە بولىدىغان بولسا، فانتازىيەلىك ئەسەرلەر ۋە سەپسەتىلەر تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى ئەمەسمۇ؟ يەتتىنچى خاتالىق «گۈزەللەشتۈرۈلگەن ئەدەبىي تەسەۋۋۇر» دېگەندەك غەلىتە سۆزدە كۆرۈلگەن بۇ جۈملىدە «گۈزەللەشتۈرۈلگەن» دېگەن سۆزنى قوشۇپ ئىشلىتىش ئوشۇقچە. ئۇنداق بولسا «خۇنۇكلەشتۈرۈلگەن ئەدەبىي تەسەۋۋۇر» قانداق بولىدۇ دەپ سوئال سورالسا ئاپتورنىڭ «تىل كېكەچلىكى» دەرھال ئاشكارىلىنىدۇ.

«پەلسەپە بىر قاراشتىن مۇرەككەپ، سىرلىق جەمئىيەت ئىلمى بولۇپ، ئەگەر چۈشىنىشلىك، ئاممىباب مەزمۇندا بولسا مۇرەككەپ بولمىغان ئىلىم ھېسابلىنىدۇ.»

بۇ ئۆزۈندىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاپتورنىڭ نەزىرىدە پەلسەپە جەمئىيەت ئىلمى ئىكەن، ئۇنداقتا جەمئىيەتشۇناسلىقنى نېمە دەيمىز؟ پەلسەپە دەمدۇق؟ بۇنداق دېيىلسە پەلسەپە بىلەن جەمئىيەتشۇناسلىق بىر گەپ بولۇپ قالامدۇ. ياكى «مۇرەككەپ، سىرلىق»راقنى پەلسەپە، ئاددىي، چۈشىنىشلىكرەكنى جەمئىيەتشۇناسلىق دەمدۇق؟ پەنلەرنىڭ پەرقىنى مۇشۇنداق ئايرىش توغرىمۇ؟ ئاپتورنىڭ يېزىشىچە «پەلسەپە ... ئەگەر چۈشىنىشلىك، ئاممىباب مەزمۇندا بولسا مۇرەككەپ بولمىغان ئىلىم ھېسابلىنىدۇ»كەن. بۇ جۈملىدىن ئاپتورنىڭ مەقسىتىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇ تەبىئەت پەلسەپەسىگە ئوخشاش مۇرەككەپ، ئاممىبابلىقتىن خالىي پەلسەپىنى ئىنكار قىلماقچىمۇ ياكى پەلسەپە ئىلمىنى «مۇرەككەپ پەلسەپە»، «مۇرەككەپ بولمىغان پەلسەپە» دەپ غەلىتە ھالدا ئىككىگە ئايرىماقچىمۇ؟ قىسقىسى، ئاپتور نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلمىگەن ئەھۋالدا بۇ جۈملىنى قۇراشتۇرغان. ئاپتورنىڭ پەلسەپىنى جەمئىيەت ئىلمى دەپ قارىشى بەكمۇ خاتا قاراشتۇر. ئۇنداقتا تەبىئەت پەلسەپىسى، مېتافىزىكىلىق پەلسەپە قاتارلىقلارنى پەلسەپە كاتېگورىيەسىدىن چىقىرىۋېتىش كېرەكمۇ؟ شۇنى بىلىپ قويۇشىمىز كېرەككى، كەسپىي پەيلاسوپلار پەلسەپىنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە زىيادە كۆڭۈل بۆلۈپ دىداكتىكا ۋە جاھاندارچىلىق ئەقلىيەلىرى دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويۇلۇشىغا ئىنتايىن قارشى تۇرىدۇ. بۇنى پەلسەپىنىڭ قىممىتىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەنلىك دەپ قارايدۇ. ئاپتورنىڭ يەنە «تەپەككۇر ... تەسەۋۋۇر بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدۇ» دېگەن قارىشىمۇ ئورۇنسىزدۇر. بۇ قاراشنى گويا بىر بايقاشنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقاندەك كەسكىن تەرزدە ھەم كۆرەڭ تەلەپپۇزدا ئوتتۇرىغا قويغۇچىلىقى يوق. چۈنكى، پسىخىكىلىق پائالىيەت ھېسابلىنىدىغان تەپەككۇر بىلەن تەسەۋۋۇرنىڭ ئۆز ئارا پەرقلىنىدىغان ئۇقۇملار ئىكەنلىكى پسىخولوگىيەدىكى ئەقەللىي ساۋاتتۇر.

«پەلسەپىنىڭ تۈپ مەقسىتى دۇنيادىكى نەرسىلەر (شەيئىلەر) نىڭ، مەيلى ئۇ كۆرگىلى - تۇتقىلى بولىدىغان ياكى مەۋھۇم نەرسە بولسۇن، ئىچىگە يوشۇرۇنغان تۈپ قانۇنىيىتى (مىسالەن، ئىنساننىڭ ماھىيىتى)نى ئىزدەش، بايقاش ھەم بەرھەق نەرسىگە ھۆرمەت قىلىش جەريانى بولۇپ، ھەقىقەتتىن ئايرىلغاندا پەلسەپىنىڭ قىلچىلىك قىممىتى بولمايدۇ.»

بۇ ئۆزۈندىدە ئىپادىلەنگەن قاراشقا بېرىدىغان رەددىيەم

شۇكى، پەلسەپىنىڭ مەقسىتى جىسمى بار ياكى جىسمى يوق نەرسىلەرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان تۈپ قانۇنىيەتنى تېپىش ئەمەس، بۇ پەننىڭ مەقسىتى. پەلسەپە بىر تۈرلۈك دۇنيا قاراش. ئۇ كىشىلىك ھاياتتىكى ئۈچ چوڭ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ. يەنى ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن شەيئى، ئادەم بىلەن تەڭرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئادەمنىڭ ئالەمدىكى ئورنى يەنى ئادەمنىڭ قىممىتى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ.

پەلسەپىنىڭ مەقسىتى توغرىسىدا ئاپتور يەنە «بەرھەق نەرسىگە ھۆرمەت قىلىش» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم «ھەقىقەتتىن ئايرىلغاندا پەلسەپىنىڭ قىلچىلىك قىممىتى بولمايدۇ» دەپ ئېيتقان. بۇ سۆز توغرا بولسىمۇ، ئەمما چەتنەپ كېتىش تۇسى بار. بارلىق پەلسەپىلەر بەرھەق نەرسىنى ھۆرمەت قىلامدۇ؟ ئۇنداقتا ئاتېئىزملىق پەلسەپە بىلەن ئىلاھىيەتشۇناسلىق پەلسەپىسى «بەرھەق» دەپ تونۇغان نەرسە ئوخشاشمۇ؟ «بەرھەق» نەرسىنىڭ بەرھەقلىقىنى نېمە بىلەن ئۆلچەش كېرەك. ئىلاھىيەتشۇناسلىق پەلسەپىسى بەرھەق دەپ تونۇغان ئوبيېكتقا ئاتېئىزملىق پەلسەپە «ھۆرمەت قىلىش»ى مۇمكىنمۇ؟ ئۇنداقتا بۇ ئىككى پەلسەپىنىڭ قايسىسى سەپسەتە؟ ئاپتور بۇ قارىشىدا مانا مۇشۇنداق مۇجمەل ھەم زىددىيەتلىك مەسىلىنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالغان.

«تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى» ماۋزۇلۇق ماقالىنىڭ مۇقەددىمىسىدىن ئۈزۈۋېلىنغان بۇ ئۆزۈندىگە بىز يەنە «تىل كېكەچلىكى» نۇقتىسىدىن قارىساق جۈملىنىڭ لوگىكىلىق قۇرۇلمىسىدا ئېغىر مەسىلە بارلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن، «پەلسەپىنىڭ تۈپ مەقسىتى... بەرھەق نەرسىگە ھۆرمەت قىلىش جەريانى بولۇپ» دېگەن قۇرۇلمىدا بىزگە يېتىدىغان ئۇقۇم «پەلسەپىنىڭ مەقسىتى ئەخلاقىي جەريان» دېگەن غەلىتە چۈشەنچىدىن ئىبارەت. چۈنكى «ھۆرمەت قىلىش» ئەخلاق مەسىلىسى. پەلسەپەنىڭ مەقسىتى ھۆرمەت قىلىش جەريانى ئەمەس. ئاپتورنىڭ قىسقىغىنا بۇ مۇقەددىمىسىدىكى بىر قەدەر توغرا قاراش «ئۇ (پەلسەپە)، كىشىلەرنى ئەقىل ـ پاراسەتكە ھۆرمەت قىلىش، تەپەككۇر ۋە ھەرىكەتتە ئىدراك، پاكىتنى ئاساس قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىلىم» دېگەن جۈملىدە ئىپادىلەنگەن. لېكىن بۇ جۈملىنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسىدا يەنىلا مەسىلە كۆرۈلگەن. مەسىلەن، بۇ جۈملىدىكى «كىشىلەرنى» دېگەن سۆزدىكى قوشۇمچىنى «دىن» قىلىپ «كىشىلەردىن»گە ئۆزگەرتسە جۈملە ئاندىن توغرىلىنىدۇ. ئاپتور يۇقىرىقى جۈملىگە ئۇلاپلا «شۇڭا بۇ ئىلىمنى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق زاكونشۇناسلىق ئىلمى دېيىشكىمۇ بولىدۇ» دەپ يېزىپ ئېغىر خاتالىق سادىر قىلغان. پەلسەپەنى زاكونشۇناسلىق دېيىش ئۇقۇملارنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىك ھەم پەنلەرنىڭ خاس پەرقىنى نەزەرگە ئالمىغانلىقتۇر. «زاكون» ئانا تىلىمىزغا رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان كىرمە سۆز بولۇپ «قانۇن، مىزان، قائىدە، داۋلى» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. زاكونشۇناسلىق دېگەن ئاتالغۇ قانۇنشۇناسلىق دېگەن سۆزدۇر. پەلسەپە قانداق قىلىپ قانۇنشۇناسلىق بىلەن ئوخشاش ئىلىم بولىدۇ؟ قانۇنشۇناسلىق قانۇننى تەتقىق قىلىدىغان، پەلسەپە كىشىگە ئەقىل بېرىدىغان، كىشىنىڭ زېھنىنى ئاچىدىغان ئىلىم تۇرسا. پەلسەپە دېگەن دۇنيا قاراشنىڭ نەزەرىيەۋى سىستېمىسى. ئۇ قانداقمۇ «ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق زاكونشۇناسلىق» ھېسابلانسۇن. ماقالە يازغاندا ئىلمىي ئاتالغۇلارنى كەلسە ـ كەلمەس قوللىنىش ھەم ئارىلاشتۇرۇپ قويۇش سەل قارايدىغان مەسىلە ئەمەس. تاسادىپىي خاتا قوللىنىلىپ قالسا ياكى ئالماشتۇرۇپ قويۇلسا چۈشىنىشكە بولىدۇ، ئەمما يول قويۇشقا بولمايدۇ. پەلسەپىنى «ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق قانۇنشۇناسلىق ئىلمى دېيىشكە بولىدۇ» دېگەندەك ئەھۋالنى قاتتىق تەنقىد قىلىش زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

«ئۇ (پەلسەپە)، مەڭگۇ تېخىمۇ يېڭى بولغان قانۇنىيەتلەرنى بايقاشنى ئۆزىنىڭ ئىزدىنىش نىشانى قىلغان. شۇنداق بولغاندىلا ھەقىقىي ئەھۋال (قانۇنىيەت)نى بىلىش تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. بۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىپ، تەدرىجىي تەرەققىياتنى ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرىدۇ.»

مۇقەددىمىگە مەنسۇپ بۇ ئۆزۈندىدىكى بىرىنچى خاتالىق شۇكى، ئاپتور بىز يۇقىرىدا تەنقىدلەپ كۆرسەتكەن پەننىڭ نىشانى بىلەن پەلسەپىنىڭ نىشانىنى بىر قىلىپ قويۇشتەك خاتالىقنى تەكرارلىغان. ئىككىنچى خاتالىق شۇكى، «يېڭى قانۇنىيەت» دېگەن بىر يوقلاڭ ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. ئىلىم ـ پەندە كونا قانۇنىيەت، يېڭى قانۇنىيەت دېگەن ئاتالغۇ يوق. ئۈچىنچى خاتالىق شۇكى، ئاپتور پەلسەپىنىڭ مەقسىتى ئەمەس نەرسىنى ئۇنىڭ مەقسىتى قىلىپ زورلاپ تېڭىپ، «شۇنداق بولغاندىلا ھەقىقىي ئەھۋال (قانۇنىيەت)نى بىلىش تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ» دېگەن قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ قاراش بىر نېمەنە قاراش بولسىمۇ ئاپتور بۇنى ئىنسانىيەتنى پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە قىلىدىغان قاراشتەك «بۇ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىپ، تەدرىجىي تەرەققىيات ئۈنۈمگە ئېرىشتۈرىدۇ» دەپ جاكارلىغان. ئاپتورنىڭ بۇ ئابستراكت (ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمىگەن) قارىشى بىزگە بىر تۇتامى يوق ئۇچۇرنى يەتكۈزگەن، خالاس. تۆتىنچى خاتالىق شۇكى، بۇ

www.uyghurkitap.com

ئۈزۈندى لوگىكا جەھەتتىن چېچىلاڭغۇ بولۇپ قالغان. مەسىلەن، ئاپتور بىرىنچى جۈملىدە پەلسەپە قانۇنىيەتنى بايقاشنى «نىشان قىلغان»دەپ كېسىپ ئېيتقان بولسا، ئىككىنچى جۈملىنى «شۇنداق بولغاندىلا»دەپ ئارزۇ بىلەن باشلاپ، بىرىنچى جۈملىدىكى «نىشان قىلغان» دېگەن ھۆكۈمنى يوققا چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى جۈملىنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇنى بىلەن ئىككىنچى جۈملىنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇنى ئۈچىنچى جۈملىگە نىسبەتەن ئەھمىيىتىنى يوقاتقان. مۇھاكىمە خاراكتېرلىق ماقالىدە ئاۋۋال ئاپتورنىڭ مەقسىتى ئېنىق تاپشۇرۇلۇشى، ئاندىن نۇقتىئىنەزەر تەھلىلىنىشى، ئاخىرىدا ئىسپاتلىنىشى كېرەك. «بۇ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىپ، تەدرىجىي تەرەققىيات ئۇنۇمىگە ئېرىشتۈردى» دېگەندەك كاتتا ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخانىڭكىدەك تومتاق ئوتتۇرىغا قويۇلسا، ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ نەزىرىگە ئازراقمۇ ئېلىنماي پۈتۈنلەي ئېتىبارسىز مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ. ھۆكۈم كەسكىن تەرىزدە ئېيتىلغان بىلەن ئوبيېكتىپ پاكىتلار بىلەن دەلىللەنمىگەن ۋە نەزەرىيەۋى ئاساسلار بىلەن ئىسپاتلانمىغان. بۇنداق قىلىش ئىلىم- پەن جەھەتتىكى بىلىمسىزلىك، نەزەرىيەدىكى ئاجىزلىق، ئىلمىي دۇنيا قاراشنىڭ تۆۋەنلىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇڭا بۇنداق تومتاق ھۆكۈملەر ئېتىبارسىز مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ قايىل قىلىش كۈچى يېتەرسىزلا ئەمەس، پەقەتلا يوق!

ماقالىسىنىڭ ئالىقانچىلىك مۇقەددىمىسىدە مانا مۇشۇنداق بىر تالاي خاتالارنى سادىر قىلغان ئاپتور ئادەمنى ھەيران قالدۇرۇپ، يەنە تېخى «ئۈزۈندىن بۇيانقى كۆزىتىشىمگە ئاساسەن نۆۋەتتىكى يېزىقچىلىق، پەلسەپە، دۇنيا قاراش، قىممەت قاراش قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئويلىشىپ كېلىۋاتقانىدىم»دەپ لاپ ئاتقان. ئەلۋەتتە، ھەركىم بۇ جەھەتلەرگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە تەنقىد يۈرگۈزۈشكە ھوقۇقلۇق. ئەمما، ئۆزى مۇئەييەن سالاھىيەتنى ھازىرلاش كېرەك. يازمىسىدا تىل كېكەچلىكى بىلەن تەپەككۇر نامراتلىقىنى كىشىنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك دەرىجىدە كۆپ سادىر قىلىدىغان بىر ئادەم يېزىقچىلىق، پەلسەپە، دۇنيا قاراش، قىممەت قاراش قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىمەن دەپ مەيدە كېرىپ سەھنىگە چىقسا، بىلىدىغانلار مەسخىرە نەزىرى بىلەن قارىماي تۇرالمايدۇ.

مەتبۇئاتلىرىمىزدا ئەخلەت يازمىلار تۆكمە بولۇپ كەتكەچكە، يۇقىرىقىدەك مەسخىرىلىك كۆرۈنۈشلەرمۇ ئۈنچىۋالا غەلىتە تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قالدىكەن كىشىگە. «ئەخلەتچىلىك» گۈللەنگەن كەسپكە ئايلىنىپ ئەخلەت كىتاب، ئەخلەت رومان، ئەخلەت شېئىر، ئەخلەت ماقالە، ئەخلەت ناخشا، ئەخلەت سەنئەت دېگەندەكلەر ھەممىدا بىر ئۇچراپ تۇرۇۋاتسا، تېخى بۇنداق «ئەخلەتچىلەر» شۆھرەت ۋەسۋەسىسىدە، ئۆزى تەشەببۇسكار بولۇپ تۈرلۈك يوللارنى ھازىرلاپ «تون كىيىش» ھەلەكچىلىكىدە قاتراپ يۈرسە، بۇنداق ئېتىقسىزلىقلارغا مەسخىرىلىك كۈلۈپمۇ ئۈلگۈرگىلى بولمايدۇ-دە، شۇنىڭ بىلەن قېنى قەيەرگىچە بارالايسەنكىن، دەپ سوغۇق نەزەردە قاراپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخانىڭكىدەك نازۇك تېمىلاردا تاققا-تۇققا قاراشلارنى ئىپادىلىگەنلىكى سەۋەبىدىن تەنقىدكە ئۇچرايدىغان ئەسەرلەر ئاندا - مۇندا ئۇچراپمۇ تۇرىدۇ. بۇ ھال ھەرگىزمۇ بۇ خىل سۇپەتسىزلىك ھادىسىسى باشقىلاردا كۆرۈلمىگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. باشقا خېلى كۆپ «ئەخلەتچىلەر» نىڭ ئەسەرلىرى كۆڭۈل قويۇپ تەنقىدلەشكىمۇ ئەرزىمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، خالاس.

ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخان 13 كىچىك ماۋزۇغا بۆلۈپ يازغان بۇ ماقالىسىدا سادىر قىلغان خاتالىقلارنى مۇقەددىمىنى تەھلىل - تەنقىد قىلغاندەك بۇنداق ئىنچىكە تەھلىل- تەنقىد قىلساق بىر تالاي نەرسە يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇقەددىمە ھەققىدىكى تەھلىل - تەنقىدلەر بىلەن بولدى قىلىپ «‹تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى› توغرۇلۇق ماقالە يازغان ئاپتورنىڭ يېزىقچىلىق قابىلىيىتى ۋە تەپەككۇر قۇۋۋىتى مانا مۇشۇ سەۋىيەدە، قالغىنىنى پەرەز قىلىۋېلىڭلار» دەي دېسەم، كېيىنكى مەزمۇنلاردا سادىر قىلىنغان خاتالارنىڭ خاراكتېرى مۇقەددىمىدە كۆرۈلگەن خاتالىقلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر، شۇڭا ھېچ بولمىغاندا باشتىكى ئىككى ماۋزۇدا يېزىلغان پارچىلارنى تەھلىل - تەنقىد قىلىپ، قالغان 11 پارچىنى قويۇپ تۇرۇشنى لايىق تاپتىم.

ئاپتور ماقالىسىنىڭ «تىل كېكەچلىكى» دېگەن بىرىنچى ماۋزۇدىكى مۇلاھىزىسىدە (توغرىسى تەنقىدىدە) گەپنى «بۇ تېمىدىكى ئاتالغۇ نۆۋەتتىكى ‹پەيلاسوپ› ياكى ‹مۇتەپەككۇر› نامىدا ئاتىلىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ماقالە ۋە ئەسەرلىرىدىكى ئېغىر تىل، پاساھەتلىك تىل، مەزمۇندار تىل ئۇسلۇبىغا، ئۆزىنى تىلدار (تىلغا باي) قىلىپ كۆرسىتىۋاتقان كىشىلەرگە قارىتا ئېيتقىنىم» دەپ باشلىغان. بىز ئاپتورنى خىجىل قىلىپ «مەزمۇندار تىل ئۇسلۇبى» دېگىنىڭىز قانداق گەپ، بۇ بىر غەلىتە گەپقۇ دەپ تۇرۇۋالماي، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ «كېكەچ» دېگەن ئاتالغۇنى «مۇتەپەككۇر» ياكى «پەيلاسوپ» نامىدا

ئاتىلىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرىگە قارىتا ئېيتقانلىقىغا كېلەيلى. نۆۋەتتە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى مەتبۇئاتلاردا قايسى مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى «پەيلاسوپ» ياكى «مۇتەپەككۇر» نامىدا ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ، ئاپتور ئۇلارنى ئېنىق كۆرسەتمىگەن ئىكەن، مەن كۆرسىتىشىم خاتا پەرەز قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنالمايمەن. پەقەت، مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى ئىچىدىكى بىر قىسىملىرىنى كۆزدە تۇتقان دەپ چۈشىنىمەن. شۇڭا ئاپتورنى ئاتالغۇلار ئويۇنى ئوينىشقا ئامراقلىقتىلا ئەيىبلىيەلەيمەن ھەم «كېيىكەچلىمەي ئېنىق كۆرسەتسىڭىز بولمامدۇ» دەپ تەنقىدلەيمەن. ئاپتور مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرىمىز ئىچىدىكى ئۆزى ئاتىۋالغان بۇ نامەلۇم «پەيلاسوپ»، «مۇتەپەككۇر»لارنىڭ ئەسەرلىرىنى، سۆزلىرىنى «چۈشەنمەسلىكىم، تېگىگە يېتەلمەسلىكىم پاكىتتۇر» دەپ قاقشىغان. ئاپتور ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى، سۆزلىرىنى چۈشىنىدىغانلارنى «سەۋىيەسى يۇقىرى زىيالىيلار قاتلىمىغا تەۋە»، «ئاز ساندىكى كىشى» دەپ خاراكتېرلىگەن. ئۆزىنى «مەن تۆۋەن سەۋىيەلىك زور كۆپچىلىك كىشى توپىغا، ئوقۇغۇچىلارغا، ئادەتتىكى كىشىلەرگە ھەم قاراتۇرۇك دېھقانلار توپىغا تەۋە» دەپ خاراكتېرلىگەن. بۇ ئارقىلىق ئۇ «ھەقىقەت كۆپ سانلىقلارنىڭ قولىدا بولىدۇ، شۇڭا بىز مۇھىم ھەم ئاساسلىق تەرەپ» دېمەكچى بولىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، كۆپ ھاللاردا ھەقىقەت كۆپ سانلىقلارنىڭ ئىلكىدە بولماي قالىدۇ. ھەتتا، كۆپچىلىك ھەقىقەت دەپ بىلگەن نەرسە ھەقىقەت ئەمەس بولۇپ چىقىدۇ. ئېينىشتېيىنمۇ «مېنىڭ دۇنيا قارىشىم» دېگەن مۇھىم ماقالىسىدە «ئاۋام ئىدىيە جەھەتتە ھامان قاشاڭ بولىدۇ» دەپ ئەسكەرتكەن. شۇڭا «ئادەم دېڭىزى تاكتىكىسى»غا تايىنىش ئىلمىي ساھەدە ئاقمايدۇ. قىزىق يېرى شۇكى، ئاپتور ئۆزىنى «مەن ئومۇمىيلىققا ۋەكىللىك قىلىمەن»، چۈنكى «مەن تۇرغان تەرەپ ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىدىن ئىبارەت»دەپ كۆرسەتكەن. ئاپتور بۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقاندا «پەيلاسوپ»، «مۇتەپەككۇر» لارنىڭ ئەسەرلىرىنى چۈشەنمىگەن ئادەمنىڭ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ھەر قانداق نۇقتىدىن تەھلىل ـ تەنقىد قىلىش سالاھىيىتىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى ئويلىمىغان. بىلىش كېرەككى، ئاكادېمىك ماقالە تىلى بىلەن ئاممىۋى ماقالە تىلىنىڭ مۇتلەق پەرقى بولىدۇ، ئۇلارغا ئوخشاش تەلەپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغان پەلسەپىۋى ئەسەرلەر تىلى ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تىلى بىلەن ئاممىۋى ماقالىلەرنىڭ تىلىمۇ خېلىلا پەرقلىق بولىدۇ. پەلسەپىۋى ئەسەرلەر سىستېمىلىق ۋە يۇكسەك ئەقلىي تەپەككۇر بىلەن يېزىلىدىغان بولغاچقا ئىشلىتىلگەن تىل ۋە قوللىنىلغان جۈملىلەر مۇرەككەپرەك بولىدۇ. بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن ھەقىقەتەن سەۋىيە كېرەك. بۇ خىلدىكى ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ تىلىغا ئاممىبابلىق تەلىپى قويۇش مۇۋاپىق ئەمەس. ئەگەر يازغان ماقالە ـ كىتابلىرىنىڭ تىلى ئاممىباب بولمىغان پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇرلارنى ئەيىبلەشكە توغرا كەلسە، بۈيۈك راتسىيونالىزمچى پەيلاسوپلاردىن ئەپلاتون، ئارىستوتېل، دېكارت، سپىنوزا، كانتلار، گېرمان ئىدېئالىزىمچىلىرىدىن گېگىل ۋە شېللىڭلار، ئىسلامىيەت پەيلاسوپلىرىدىن فارابى، ئىبنى ئەرەبى، مۇھەممەد غەززالىلار، غەربىنىڭ ھادىسىشۇناسلىرىدىن ھېيدىگېر ۋە لېۋىناسلار، جۇڭگونىڭ پەيلاسوپلىرىدىن لاۋزى ۋە جۇاڭزىلار بىردەك ئەيىبلىنىشى كېرەك. بىراق، بۇنداق قىلىش ئەقىلگە سىغمايدۇ ھەم نادانلىق بولۇپ قالىدۇ.

ئاپتور بىزنىڭ نۆۋەتتىكى «پەيلاسوپ»ياكى«مۇتەپەككۇر» لىرىمىزنى ئەيىبلەپ، ئۇلار «مۇددىئاسىنى بىر تەرەپتىن زىيادە ئوخشىتىش ۋە كۆچمە مەنىدىكى سۆزلەرنى ئىشلىتىش، جۈملە قۇرۇلمىلىرىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرى ئوقۇغان ئەمما تولۇق ھەزىم قىلىشقا ئۈلگۈرمىگەن كىتابلاردىكى ئۇزۇندىلەرنى ئىشلىتىپ پەردازلاش، سىرلىق ئۇقۇملار بىلەن كىشىلەرنى گاڭگىرىتىپ، ئۆز مەقسىتىنى ئۇدۇل ئېيتماي گەپ ئوينىتىش ئارقىلىق نامەلۇم مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى بولۇشتى»دەپ قاتتىق ئەيىبلىگەن. بىز ئالدى بىلەن ئاپتورنىڭ بۇ پەلىپەتىش جۈملىسىنى قۇرۇلما جەھەتتىن تەھلىل قىلىپ باقساق چەك باسمايدىغانلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن، «مۇددىئاسىنى»دەپ باشلانغان جۈملىنىڭ «مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى بولۇشتى» دەپ ئاياغلاشتۇرۇلغانلىقى خاتا بولغان. شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش لازىمكى، يېزىقچىلىقتا «كۆچمە مەنىدىكى سۆزلەرنى ئىشلىتىش» چەكلەنگەن ئۇسۇل ئەمەس، پىكىرنى ئىپادىلەشتە ئېھتىياج تۇغۇلسا «جۈملە قۇرۇلمىلىرىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈش»مۇ ھەرگىز خاتا ئەمەس. ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخان ئۆزىمۇ يۇقىرىقى جۈملىسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى مۇرەككەپ تۈزگەن. ئۇنداقتا، بۇنى نېمە دەيمىز؟ بىزنى ئەڭ ئەپسۇسلاندۇرغان يېرى شۇكى ئاپتورنىڭ «پەيلاسوپ»، «مۇتەپەككۇر»لارنى «نامەلۇم مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى بولۇشتى» دەپ، قەلبى رەزىل ئارزۇلار بىلەن تولغان كىشىلەر قاتارىدا ئەيىبلىگەنلىكىدۇر. بۇنى بىز كەلسە ـ كەلمەس ئەيىبلەش ياكى تۆھمەت دېمەي تۇرالمايمىز. ماقالىسىدە «تەپەككۇر ئىگىلىرى»نى ئۇلۇغلىماق بولۇپ «روھ دۇنياسىدىكى مۇنەۋۋەر سىياسىيونلار» دەپ قاملاشمىغان ھالەتتە تەرىپلىگەن ئاپتور

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى «بەزىلىرى»نى «نامەلۇم مەقسەتلىرىگە يەتمەكچى» دەپ ئەيىبلىگەن ئىكەن، روشەن پاكىت رەت قىلغۇسىز مۇلاھىزىلىرى بىلەن ئۇقۇرمەننى قايىل قىلغۇدەك دەرىجىدە يېزىپ كۆرسىتىشى لازىم ئىدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ «يەتمەكچى بولغان نامەلۇم مەقسىتى» رەزىل مەقسەت بولسا ھەم ئاپتور ئېيتقاندەك «بىلەرمەنلىكنى شەكلى ئۆزگەرگەن ئۇسۇلدا كۆز-كۆز قىلىش» ۋە «شۆھرەت تەمە قىلىش»تەك «چوڭ پەسكەشلىك!» بولسا، بۇنىمۇ مىسال بىلەن كۆرسىتىشى لازىم ئىدى. ئەگەر ئاپتور ئېيتقاندەك، بۇ بىر قىسىم «پەيلاسوپ» ياكى «مۇتەپەككۇر»لىرىمىزنى «دېمەكچى بولغىنىنى ئېغىر تىل ئىچىگە كۆمۈپ قويۇپ، ئويۇن ئويناۋاتقان» «چوڭ پەسكەش»لەر قاتارىغا چىقىرىپ، ئۇلارغا «ئەمدى يەنە يېزىش توغرا كەلسە تەكلىپىم شۇكى، بۇ كىشىلەر ئەڭ ياخشىسى مەسەل يازسۇن، تىلى چۈشىنىشلىك، ئوقۇشلۇقى بار، جەلپ قىلارلىق مەسەل ئارقىلىق پەلسەپىۋى ئىدىيەسىنى سىڭدۈرۈشكە تىرىشسۇن، خۇددى ‹بۆرە كەلدى›، ‹بۆرە بىلەن قوزىچاق› قاتارلىقلاردەك. شۇنداق بولغاندا بىرلا ئوقۇپ چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ» دەپ كۆرسەتمە بەرسە توغرا بولارمۇ؟ «تىلى ئېغىر»بۇ مەدەنىيەت ئۆبزورچىلىرى «چوڭ پەسكەش» بولسا، تىلى يېنىك مەسەلچىلەر «بۈيۈك ئالىيجاناب»لار سانىلىشى كېرەكمۇ؟ ئىنسانىيەتنىڭ پەلسەپە تارىخى ئىزوپ بىلەن كىرىلوفتەك دۇنياۋى مەسەلچىلەرنىمۇ پەلسەپىچى سۈپىتىدە تونۇمىدۇ-تونۇمامدۇ؟ پەلسەپە-ئىدىيە تارىخىدا بىز تېخى ئىزوپ بىلەن كىرىلوفنىڭ ئىسمىنى ئۇچراتمىدۇق. بەلكى «تىلى ئېغىر» ئەسەرلەرنى يازغان ئەپلاتون، ئارىستوتېل، فارابى، غەززالى، سىپنوزا، كانت، گېگېل، ماركىس، لاۋزى، جۇاڭزى، سارتىرى، ھېيدىگېر، ۋېتگىنتېين قاتارلىق پەيلاسوپلارنىڭ ئىسمىنى ئۇچراتتۇق. پەلسەپىنى ساددىلىق بىلەن دىداكتىكا ۋە جاھاندارچىلىق ئەقلىيەلىرى دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويغان كىشىلەرنى قاتتىق تەنقىد قىلىدىغان كەسپىي پەيلاسوپلار، ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخاننىڭ «مەسەل دەرىجىسىگە چۈشۈرۈش» تەكلىپىنى كۆرسە نېمە بولۇپ كېتەر؟ قەلىمىدىن قەدەمدە بىر «تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى» كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئەركىنجان ئېنىقكى نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇ مەدەنىيەت ئۆبزورچىلىرىغا قاراتقان يۇقىرىقى تەكلىپىدىمۇ «ئوقۇشلۇقى بار» دېگەن خاتا سۆزنى ئىشلەتكەن. كونتېكىستتىن قارىغاندا ئەسلىي ئۇ «ئوقۇشچان» دېمەكچى ئىكەن. «ئوقۇشلۇق» دېگەن ئىسىم، «ئوقۇشچان» دېگەن سۈپەت. جۈملىنىڭ مەزمۇن ئېھتىياجى سۈپەتنى تەلەپ قىلىۋاتقان ئەھۋالدا ئىسىمنى ئىشلىتىش خاتا. ئەركىنجاننىڭ بۇ يازمىسىدا جايىنى تاپالمىغان بۇنداق سۆزلەر سامانلىقتەك. مەسىلەن، ئۇ مەدەنىيەت ئۆبزورچىلىرىنى ئەيىبلىمەكچى بولۇپ يۈرگۈزگەن گۇمانىدا مۇنداق يازغان: «مېنىڭچە، بىر قىسىملارنىڭ دېمەكچى بولغىنىدىن تىل بايلىقىغا ‹پىشقان›مەنمەنلىكنى كۆز-كۆز قىلىشى مۇھىمدەك تۇرىدۇ.» كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ جۈملىدىكى «پىشقان» دېگەن سۈپەت سۆزى جايىغا چۈشمىگەن. چۈنكى، ئانا تىلىمىزدا «بايلىققا پىشقان» دېگەن تىل ئادىتى يوق. ئۇنىڭ يەنە «كىلاسسىك پەلسەپىۋى پىكىر چەمبىرىكى» دېگەن سۆزىمۇ خاتا.

ئاپتور ماقالىسىنىڭ «ئېغىر تىل ۋە چۈشىنىشلىك تىلنىڭ سېلىشتۇرمىسى» دېگەن ئىككىنچى ماۋزۇ ئاستىدا يۈرگۈزگەن تەنقىدىي مۇلاھىزىسىدە «زىيالىيلار ئېغىر تىل بىلەن يېزىلغان ماقالىلەر»گە «بەك ئېھتىياجلىق ئەمەس»، چۈنكى «زىيالىيلار قاتلىمى جەمئىيەتنىڭ باشلامچى قوشۇنى بولۇپ، نېمىنىڭ توغرا، قايسى يولنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى باشقىلاردىن ئېنىق بىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. گۆدەكلەرچە ئېيتىلغان بۇ سۆزگە قائىدە بويىچە رەددىيە بەرمەستىن، مېيىقىمىزدا قىيسىق كۈلۈپ قويۇشلا كۇپايە بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ «تەپەككۇر نامراتلىقى» ھەققىدە تەنقىد يۈرگۈزۈۋاتقان ئاپتورغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلماي بولمايدۇ.

بالىلارچە سەۋىيەدە پىكىر قىلىدىغانلار دائىم ئەستايىدىل ئويلانماستىنلا ئۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان بولغاچقا، بىلىش سەۋىيەسى بىر قەدەر تۆۋەن بولىدۇ، مۇلاھىزىسى ئەتراپلىق بولمايدۇ، پىكىرلىرى چوڭقۇرلۇق ھاسىل قىلالمايدۇ. مەسىلىنى يۈزە ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قايىل قىلىش كۈچى يوق بولىدۇ. بىلىش چوڭقۇر بولمىغاندا ئىشنىڭ بىر تەرىپىنى ياكى ئايرىم نۇقتىسىنى تۇتۇۋېلىپ ھەممىسىگە باھا بېرىدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. بىر ئادەمنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەل بولۇشى، ئۇنىڭ دۇنياغا، ئەتراپىدىكى ئادەم ۋە ئىشلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىشىغا، توغرا، ئىلمىي، ئادىل، ئوبيېكتىپ باھا شەكىللەندۈرۈشىگە ياردەم بېرىدۇ. گۆدەكلىك دېمەك نادانلىق دېمەكتۇر. نادانلارنىڭ پىكىر ۋە قاراشلىرى ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىمەيدۇ. ئەمما، خەلقنىڭ ئومۇمىي بىلىش سەۋىيەسى گۆدەكلىك ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان شارائىتتا، پىكىر-قاراشلىرى پەلىپەتىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئوتتۇرىغا چىقىپ سۆزلەشكە ۋە يېزىشقا جۈرئەتلىك بىر تۈركۈم «جاسارەتلىك نادانلار»نىڭ تومتاق ھەم قالايمىقان پىكىر-قاراشلىرى، پۇچەك مەسخىرىلىرى، يالغان-ياۋىداق

پىتنە ـ پاساتلىرى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئاجىز گول كىشىلەرنى خېلىلا قايمۇقتۇرۇش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، ئەستايىدىل تەنقىد يۈرگۈزۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ. ئاۋام خاتا بىلىشكە ئىگە قىلىنسا خەيرسىز ئاقىۋەت يۈز بېرىدۇ.

خاتا بىلىش، يۈزە بىلىش، بىرتەرەپلىمە بىلىش ئىدىيە جەھەتتىكى ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ ئىسلاھات نىشانىدۇر. بۇنداق ئاقارتىش ھەرىكىتى بىزگە ھەر زامان كېرەك. بۇنىڭدا ھەقىقەتەن زىيالىيلارنىڭ رولى چوڭ بولىدۇ. لېكىن زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى توغرا ئىدىيەنىڭ، ئەتراپلىق بىلىمنىڭ ۋە پىشقان يېزىقچىلىق قابىلىيىتىنىڭ ئىگىسى بولۇشى ناتايىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە مەسئۇلىيەت روھى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. جانباقتى، ساختىپەز، بىپەرۋا، لىگىتاسىما زىيالىيلارمۇ يوق ئەمەس. جوڭگولۇق زىيالىيلارنىڭ ساپاسى توغرىسىدا كۆپ مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن، زامانىمىزدىكى پەيلاسوپ جۇ خېجۇن ئەپەندى «غەربلىكلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا بىز جوڭگولۇقلارنىڭ ھەق ـ ناھەق قارىشىمىز ئۇلارنىڭكىدەك قەتئىي روھقا ئىگە ئەمەس. بىزنىڭ ھەق ـ ناھەق قارىشىمىز مۇجمەل، ئومۇمەن، ئەڭ ئاخىرقى ئۇنۇمگە ئىنتىلىمىز، ۋەقەنىڭ ئەينى ئەھۋالىنى بىلىشكە ئىنتىلمەيمىز، ھەق ـ ناھەق، توغرا ـ خاتالىق توغرىسىدا كاجلىق قىلمايمىز، بۇنىڭ بىلەن باشقىلارغا توغرا ـ خاتا، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىمايدىغاندەك تەسىرات بېرىمىز. مانا شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مىللىتىمىزدە ئىلىم ـ پەن روھى بارلىققا كەلمىدى» دەپ ئۆتكۈنگەن. جۇ خېجۇن ئەپەندىنىڭ بۇ قارىشىنى بىز ئۇيغۇر زىيالىيلىرىغا تەتبىقلاپ باقساق تېخىمۇ بىچارە ئەھۋالدا ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلىمىز. بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمىزدە، تەتقىقات ئورۇنلىرىمىزدا ئىشلەۋاتقان بىر قىسىم پىروفېسسور، دوكتورلارنىڭ ئىلىم ـ پەن روھى زادى قانچىلىك دەرىجىدىدۇ؟ مەۋقەسى مۇستەھكەممىدۇ؟ ئۆزىگە يېتەكچى قىلغان ئۆزگەرمەس پىرىنسىپى بارمىدۇ؟ ئۇلار ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى چىرىكلىك شامىلىنىڭ تەسىرىگە قانچىلىك ئۇچرىغاندۇ؟ ئىلىم ـ پەن ساھەسىگە يامراۋاتقان «قاراڭغۇ بازار چىلىق»قا قانناشمايۋاتقانمىدۇ؟ ئۇلاردا ئىلىم ـ پەن روھىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدىغان تەنقىد روھى يېتەرلىكمىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەسەرلىرىدىكى روشەن خاتالىقلارغا يېزىلغان ئانچىكىم تەنقىدلەرگىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي تېپىرلاپ، ھەممە يەرگە سوكۇلداپ، ئۇچرىغانغا كوتۇلداپ قاقشاپ يۈرگەن ئاجىز ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر يوق دەپ ئېيتالامدۇق؟ مېنىڭچە ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخانىڭكىدەك بارلىق زىيالىيلارنى ئۇلار «جەمئىيەتنىڭ باشلامچى قوشۇنى بولۇپ، نېمىنىڭ توغرا، قايسى يولنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى باشقىلاردىن ئېنىق بىلىدۇ» دەپ چۈشىنىشنى قارىغۇلارچە قاراشنىڭ مەھسۇلى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى ئۇنداق، لىدېرلارغا خاس ساپانى ھازىرلىغان، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك، تەپەككۇرى سەگەك بولۇپ كەتمەيدۇ. زىيالىي دېگەن ئاتاققا مۇناسىپ ئادەم بولۇش ئاسان ئەمەس. ئادەتتە، ئۆز خەلقىگە نىسبەتەن پىكىر ـ ئىدىيەدە ئىلغار، ئۆتكۈر ھېسابلىنىدىغان سەرخىللار زىيالىي دەپ قارىلىدۇ. ئەمما بۇ زىيالىينىڭ مۇكەممەل ئوبرازى ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى ئۇلاردا ئادالەتنى ياقلايدىغان روھ، ھەقىقەتكە بولغان ئوتتەك قىزغىن پوزىتسىيە بولۇشى كېرەك. چۈنكى، رۇسىيەلىك داڭلىق يازغۇچى پىرشۋىن ئېيتقاندەك «ھەقىقەتتىن قېچىش تولىمۇ ئاسان، ئەمما، ھەقىقەت ئۈچۈن ياشاش تولىمۇ مۇشكۇل.» زىيالىي بولغان كىشى دەل مۇشۇ مۇشكۇل يولنى تاللىغان بولۇشى كېرەك. ئالىم، مۇتەخەسسىس، پىروفېسسور، دوكتور بولسىلا زىيالىي ھېسابلانمايدۇ. «سايىسى مەكتەپنىڭ سىرتىغا چىقمايدىغان، تەتقىقات قۇلچىلىقىغا گىرىپتار بولۇپ كەتكەن»، ئومۇمنىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى يېتەرسىز ئالىم، مۇتەخەسسىس، پىروفېسسور، دوكتورلار ھەممىلا يەردە بار. ئۇنداقلار ھەق ـ ناھەق مەسىلىلىرىگە بولغان مۇستەقىل قاراشتىن مۇستەسنا، مۇھەببەت ـ نەپرەت پوزىتسىيەسى مۇجمەل، بوشاڭ ياكى ئىجتىمائىيلىقى يوق گول كىشىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىجتىمائىيلىقى يوق ساددا بىلىم ئىگىلىرىنى خېلىلا كۆپ دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئۇلار ئۆز كەسپىنىڭ سىرتىدىكى ئانچىكىم ئىشلارغىمۇ ھەيران بولۇپ يۈرۈيدۇ. جەمئىيەتنىڭ ۋە سىياسىينىڭ ئايلىنىش قانۇنىيىتىنى بەكمۇ يۈزە چۈشىنىدۇ. بۇنداق گول ھەم گىرى بىلىم ئىگىلىرىنى مەدرىسە تىلى بويىچە «موللا پەقەت» ئالىملار، «موللا پەقەت» دوكتورلار دەپ سۈپەتلەشكە بولىدۇ. پەقەت موللىلىقنىلا بىلىپ باشقا ئىشلاردا گول، ساددا، ئاجىز، ئەزمە بولغان ئۆلىمالارنى كىشىلەر بۇرۇن «موللا پەقەت» دەپ سۈپەتلىگەن ئىكەن.

دېمەكچى بولغىنىمىز ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخانىڭ زىيالىيلار قوشۇنىنى قارىقويۇق «باشلامچى قوشۇن»، ئۇلار «توغرا ـ خاتانى ئېنىق بىلىدۇ» دەپ چۈشىنىشى بىر تەرەپلىمىلىكتۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يېتەكچىلىك رول ئوينىيالايدىغان لىدېرلىق خۇسۇسىيەتكە ۋە ھەققانىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت روھى كۈچلۈك ھەم سەزگۈر زىيالىيلار مەلۇم نىسبەتتە بار دېمەكچى.

www.uyghurkitap.com

ئادەتتىكى ئاۋام ھەقىقەتكە ئەمەس، چولپانغا ھېرىسمەن بولغاندەك، مەسئۇلىيەت روھى يوق زىيالىيلار ھەقىقەتكە ئەمەس، پەقەت مەنپەئەتكە ھېرىسمەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈپ قاراش كېرەك. نام - ئاتىقىنىڭ بولغانلىقى، ئۇنۋانىنىڭ چوڭلۇقى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ مۇكەممەللىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

«تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى» نىڭ ئاپتورى «ئېغىر تىل»دا يېزىلغان ئەسەرلەر توغرىسىدا توختىلىپ يەنە «مېنىڭچە، بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپلىرى ئۆزلىرىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنىمۇ ئېنىق ئاڭقىرىپ كېتەلمىسە كېرەك. دېمەك، بۇ ‹پەيلاسوپلار› ئاخىردا يېتىلگۈچىلەردىن ئىبارەت. شۇڭا، ھە دېسىلا جەمئىيەتتىن ئاغرىنىدۇ، بارغانسېرى بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئېچىنىدۇ» دەپ يازغان.

بۇ ئۆزۈندىدىمۇ ئاپتورنىڭ يەنە زىددىيەتلىك پىكرىنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىز ئاپتوردىن «بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ مۇئەللىپلىرى ئۆزلىرىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئاڭقىرىپ» كېتەلمەيدىغان تۇرسا، ئۇلارنىڭ يازغان ماقالىلىرى بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىنى «چۈشەنمەسلىكىم، تېگىگە ھەقىقىي يېتەلمەسلىكىم بىر پاكىت» دەپ تەن ئالغان ئاپتور، قانداق بىلىپ ئۇلارنىڭ «ھە دېسىلا جەمئىيەتتىن ئاغرىنغان»لىقىنى، «بارغانسېرى بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئېچىنغان» لىقىنى بىلىۋالغاندۇ، دەپ سوئال سورىماي تۇرالمايمىز. قېنى بۇ سوئالغا بىزنىڭ تېخى «پەيلاسوپ» ياكى «مۇتەپەككۇر» بولمىغان ئاپتورىمىز نېمە دەپ جاۋاب بېرىدىكىن؟ بىز يەنە ئاپتوردىن يۇقىرىقى ئۆزۈندىدىكى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى جۈملىگە «شۇڭا» دەپ باشلانغان ئۈچىنچى جۈملىڭىز مەزمۇن جەھەتتىن باغلىنامدۇ؟ دەپ سوراپ باقساقمۇ، ئاپتورىمىز كېكەچلەپ تۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى، پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇرلارنىڭ «ئاخىردا يېتىلگۈچىلەردىن» بولۇشىغا، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ «ھە دېسىلا جەمئىيەتتىن ئاغرىنىدىغان»لىقى، ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ «بارغانسېرى بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئېچىنىدىغان»لىقى سەۋەب بولمايدۇ. بۇنداق قاراشنى بىز ئۇچىغا چىققان «تەپەككۇر نامراتلىقى»دەپ ھېسابلايمىز. بىز پىششىق بىلىدىغان يۈسۈف خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىدە ئەينى دەۋر جەمئىيىتىدىكى بۇزۇلغان ئىجتىمائىي كەيپىيات ۋە دىيانەتسىز ئادەملەردىن قاتتىق ئاغرىنغان ھەم ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى يېزىپ قالدۇرغان. ئەجەبا يۈسۈف خاس ھاجىپ «ئاخىردا يېتىلگۈچى پەيلاسوپ» بولدىمۇ؟ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدا ئۆز زامانىدىن ۋە زامانداشلىرىدىن قاتتىق ئاغرىنىپ، ئۇلارنى ئېچىنىپ ھەم ئەيىبلەپ تۇرۇپ تەنقىدلىگەن. ئەجەبا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «ئاخىردا يېتىلگۈچى شائىر» بولدىمۇ؟ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 1990 - يىللارنىڭ باشلىرىدا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «ھەسەتخورلۇق ھەققىدە ھەسرەتلىك خىياللار»، «يىپەك يولىدىكى بىر چوڭ ئىللەت»، «روھنى ساغلاملاشتۇرۇش مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى»، «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش»ماۋزۇلۇق ماقالىلىرىدا بىزنىڭ تارىخىي ۋە رېئال ئىللەتلىرىمىز ھەققىدە ئېچىنىپ ۋە ئاغرىنىپ تۇرۇپ مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن. ئەجەبا ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئاخىردا يېتىلگۈچى مۇتەپەككۇر» بولدىمۇ؟ جەمئىيەتتىن ئاغرىنىپ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئېچىنىپ ماقالە - ئەسەر يازغانلاردىن «ئاخىردا يېتىلگۈچى»بولغانغا بىرەر مىسال بارمۇ؟ شۈبھىسىزكى، تارىختا بۇنىڭغا مىسال يوق. ئەمما، قاباھەتلىك جەمئىيەت بولسىمۇ ئادالەتلىك جەمئىيەت دەپ مەدھىيەلەپ، خەلقنى قول ئورنىدا كۆرىدىغان رەزىل پادىشاھ بولسىمۇ، پۇقراغا بەخت - ئامەت ياغدۇرىدىغان دانىشمەن پادىشاھ، دەپ ماختاپ - ئۇچۇرۇپ ئەسەر يازغان ۋىجدانسىز قەلەمكەشلەرنىڭ بىر مەزگىل بازار تاپقان بولسىمۇ «ئاخىردا يېتىلگۈچى» بولۇپ مەسخىرە ھەم لەنەتكە قالغانلىقىنى جاھان مىقياسىدا خېلىلا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. شۇڭا سەممىزدە بولسۇنكى، ئېسىگە كەلگەن چېچىلاڭغۇ پىكىر - قاراشلارنى، نامۇۋاپىق تەنقىد - تەكلىپلەرنى، ئارزۇ - خىياللارنى كەلسە - كەلمەس يېزىۋەرسە ماقالە بولۇپ قالمايدۇ. مەيلى ئادەتتىكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى بولسۇن، ياكى بىر قەدەر ئىنچىكە ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان بايان ماقالىسى بولسۇن، ۋەياكى يۇقىرى دەرىجىدە لوگىكىلىقا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان مۇھاكىمە ماقالىسى بولسۇن، ھەممىسىنىڭ قائىدە - قېلىپى، تەرتىپ - پرىنسىپى بار. مېنىڭچە «تىل كېكەچلىكى ۋە تەپككۇر نامراتلىقى» تۆۋەن سەۋىيەدە يېزىلغان بىراك ماقالىدۇر.

ئاپتور ماقالىسىدا مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرىغا قارىتىپ ئۇلار «ئۆز تەپەككۇرىنى كىشىلەرگە ئەڭ يېقىن ئاددىي - چۈشىنىشلىك زاغرا تىل بىلەن بايان قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك» دەپ كۆرسەتمە بەرگەن ھەم ئۆگىنىدىغان ئۈلگە تىكلەپ بەرمەك بولۇپ «يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ ‹يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام› ناملىق ئەسىرى تىپىك مىسال بولالايدۇ» دەپ يازغان. مەن بۇ يەردە ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخان مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرىغا يېزىقچىلىق

جەھەتتە ئۈلگە سۈپىتىدە كۆرسەتكەن تىپىك مىسالى «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» دېگەن ئەسەرگە تەھلىل ـ تەنقىد يۈرگۈزۈپ يۈرمەي، داڭلىق مەدەنىيەت ئوبزورچىسى ئابدۇقادىر جالالىددىننىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 300 سان نەشر قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىپ، مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 2009 ـ يىل 6 ـ سانىدا ئېلان قىلغان ««شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ۋە مەنىۋىيىتىمىز» دېگەن ماقالىسىدىكى مۇنۇ باھانى كۆرسىتىپ قويۇش بىلەن كۇپايىلىنىمەن:

««شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ئىجتىمائىي پىكىر ئويغىنىشىدىكى ئورنىنى مۆلچەرلىگىنىمىزدە، ئەختەم ئۆمەرنىڭ «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» دېگەن ساياھەتنامىسىنى ئېسىمىزگە ئالماي ئۆتەلمەيمىز. مېنىڭچە، بۇ ئەسەرنىڭ ئىلمىي لاياقىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ، جەمئىيەتنىڭ ئاددىي قاتلىمىدىكى كىشىلەرنى ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشنىڭ قىزغىن غۇلغۇلىسىغا باشلاپ كىردى. بۇ غۇلغۇلا قانچىلىك سادda، يۈزە ۋە تەرتىپسىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاۋام ئۆزىنى بىلىش مۇھاكىمىسىنىڭ تەمىنى تۇنجى قېتىم تېتىدى.»

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھاياجانلىق بايانلار بىلەن تولغان، ئەمما مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە، ئاددىي، زاغرا تىل بىلەن يېزىلغان ماقالىنىڭ ئۈنۈمى بىلەن ئەقلىيلىكى كۈچلۈك، سىستېمىلىق، چوڭقۇر يېزىلغان ماقالىنىڭ ئاددىي تەپەككۇر شەكلىگە كۈنۈكۈپ كەتكەن ئادەتتىكى ئادەملەر ئىچىدىكى ئۈنۈمى پەرقلىق بولىدۇ. بۇنى بىز ئىستېمال كۆلىمى بىلەن ئىستېمال قىممىتى نۇقتىسىدىن چۈشەنمىسەك بولمايدۇ. ھاياجانلىق بايانلار بىلەن تولغان، ئەمما مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە، ئاددىي، زاغرا تىلدا يېزىلغان ماقالىنىڭ بىۋاستە تەسىرى كۈچلۈك بولغاچقا ئىستېمال كۆلىمى كەڭ بولىدۇ. ئەقلىيلىكى كۈچلۈك، سىستېمىلىق، چوڭقۇر يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ بىۋاستە تەسىرى كۈچلۈك بولمىغاچقا ھەم ئۇنىڭ ئوبيېكتلىرى ئاز ـ سەۋىيەسى يۇقىرى ئاز سانلىقلار بولغاچقا ئىستېمال كۆلىمى تار بولىدۇ. ۋاھالەنكى، ئىلمىي ساھەدە ئىستېمال كۆلىمى، مەڭگۈ ئىستېمال قىممىتىدىن كېيىن تۇرىدۇ. شۇڭا، بىرەر ئەسەرنى باشقىلارغا ئۈلگە ئېلىشقا تېگىشلىك «تىپىك مىسال» قىلىپ كۆرسەتكەندە، ئالدى بىلەن ئىستېمال قىممىتىنى نەزەردە تۇتۇش لازىم.

«زاغرا تىل»نىڭ خاسىيىتى، خىسلىتى ۋە «مۆلچەرلىگۈسىز ئۈنۈمى»نى زوق ـ شوق بىلەن تەرىپلىگەن ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخان ماقالىسىدە يەنە ئاجايىپ مەغرۇر ھېسسىيات ۋە دانالارچە تەلەپپۇزدا «بىز ئەدەبىي تىل بىلەن تەپەككۇر تىلىغا قايتا ئېنىقلىما بەرسەك بولىدىغاندەك قىلىدۇ» دەپ يازغان. بىرەرسى «ئەپەندىم، ئۇنداق بولسا تەپەككۇر تىلى دېگەن قانداق تىل؟ ئېنىقلىما بېرىپ باقسىلا» دەپ قالسا، نېمە دەرمەن، دەپ ئويلىمىغان. تىلنىڭ تەپەككۇر تىلى، ھېسسىيات تىلى، تەسەۋۋۇر تىلى دەپ ئايرىلمايدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويماي، كۆزنى يۇمۇپلا قارىسىغا يوغان گەپ قىلىۋېرىش چىداپ بولغۇسىز نادانلىققا «تىپىك مىسال» بولسا كېرەك دەپ قارايمەن. قارىغاندا، ئاپتورىمىزنىڭ پسىخىكىلىق مەسلىھەت بېرىش خادىملىرىغا ئېھتىياجى باردەك قىلىدۇ. مەن ئاپتورنىڭ يۇقىرىقى يوغان گېپىنى ئوقۇپ قازاقىستانلىق ئېتۇتچىلىرىمىز مەخمۇتجان دارايىپ قاتارلىقلار ئورۇنلىغان «لايىق تونۇشتۇرۇش» دېگەن ئېتۇتنى ئەسلەپ قالدىم. ئۆزىگە تونۇشتۇرۇلماقچى بولغان لايىقنىڭ ئۆيىگە كىرگەن چاغدا «مىياڭ مۇشۇكتەك» تۈگۈلۈپ، تىنەپ ـ تەمتىرەپ ئاران كىرگەن بولۇمسىز ئەر ئىككى رومكا قېقىۋالغاندىن كېيىن خۇدىنى يوقىتىپ «قۇترىغان يولۋاستەك ھۆركىرەپ»، «بۇ پالاس بۇياققا سېلىنسۇن، بۇ گىلەم ئۇياققا ئېسىلسۇن» دەپ كەلسە ـ كەلمەس بۇيرۇق قىلىپ قالايمىقانچىلىق چىقارغاندەك، ماقالىسىنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا «ساقلىنىۋاتقان پاكىتلىق مەسىلىلەرنى توپتوغرا ئوتتۇرىغا تاشلاپ، كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلىشىشنى مەقسەت قىلدىم» دەپ مۇلايىملىق بىلەن ئىپادە بىلدۈرۈپ گەپ باشلىغان ھەم، كەينىدىنلا ئۆزىنى «مەن تۆۋەن سەۋىيەلىك زور كۆپچىلىك كىشى توپىغا تەۋە» دەپ چۈشەنچە بەرگەن ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخان مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرىنىڭ «كېكەچلىكى»نى بولا ـ بولماس سۆز ـ جۈملىلەر بىلەن بىرەر قۇر ئەيىبلەپ بولغاندىن كېيىن ئۆز ـ ئۆزىدىن ھاياجانلىنىپ مەست بولۇپ، «ئەمدى يەنە يېزىش توغرا كەلسە تەكلىپىم شۇكى، بۇ كىشىلەر ئەڭ ياخشىسى مەسەل يازسۇن»، «ئۇلار ئۆز تەپەككۇرىنى كىشىلەرگە ئەڭ يېقىن ئاددىي، چۈشىنىشلىك زاغرا تىل بىلەن بايان قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك»، «بىز ئەدەبىي تىل بىلەن تەپەككۇر تىلىغا قايتا ئېنىقلىما بەرسەك بولىدىغاندەك قىلىدۇ» دەپ قالايمىقان بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، چىدىغۇسىز دەرىجىدىكى يوغان گەپلەرنى قىلىپ كەتكەن. مېنىڭچە، بۇ ئالجوقا بۇيرۇق ۋە تەكلىپلەر نورمال تەپەككۇرنىڭ ئەمەس، بەلكى نورمالسىز كەيپىياتنىڭ مەھسۇلىدەك قىلىدۇ. «كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلىشىشنى مەقسەت قىلغان»، ساغلام ئەقلىگە ۋە نورمال تەپەككۇرغا ئىگە بىر قەلەمكەش ئۆزىنىڭ «تۆۋەن سەۋىيەلىكلەر توپىغا» مەنسۇپ ئادەتتىكى ئۆگەنگۈچى ۋە ئىزدەنگۈچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، بۇ قەدەر ئاتاكاچىلىق قىلىشقا

پىتىنالمايدۇ. كۆزنىتىشمىچە ئەركىنجان سۇپەت ئىككى يوق «جاسارەتلىك نادانلار» توپىغا تەۋەدەك قىلىدۇ. بىزنىڭ مەتبۇئاتلىرىمىزدا «مانا بۇ، مەن يازغان رومان»، «مانا بۇ، مەن يازغان پەلسەپىۋى ئەسەر»، «مانا بۇ، مەن يازغان يېڭىچە شېئىر» دەپ كۆرەڭلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىدىغان، ئوقۇپ باقسىڭىز ھەم قاملاشمىغان ھەم قىلچە قىممىتى يوق مۇقامغا چۈشمەيدىغان ئەخلەت كەبى نەرسە ئىكەنلىكى ئايان بولىدىغان ئاتالمىش ئەسەرلەرنى يازغان «جاسارەتلىك نادانلار» پات ـ پات ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھېچكىمنى ياراتمايدۇ، ھېچكىم ئۇلارنى ياراتمايدۇ. ئۇلار بىر نەچچە يىل ئەدەبىيات كوچىسىدا لاغايلاپ چۆرگىلەپ يېقىپ، بارا ـ بارا بوشاپ، سولىشىپ ئۈن ـ تىنسىز غايىب بولۇپ كېتىدۇ. قايسىدۇر بىرەر سورۇن ـ سۆھبەتلەردە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەققىدە پاراڭ بولغاندا تۇساتتىن ئېسىدىن كەچكەن بىرى «راست، ھېلىقى پۇستانى بىر چاغلاردا پوپاڭ سېلىپ بىر نېمىلەرنى قىلىپ يۈرەتتى يوقىلىپ كەتتىغۇ» دەپ تىلغا ئېلىپ قويىدۇ. بۇنداق كۆرۈنۈشلەر يېزىقچىلىق ساھەسىدە ئۆكسۈپ قالمايدۇ. مەن بۇ ئاپتورنىمۇ شۇنداق ئۆتكۈنچى ئاپتورلاردىن بولۇپ قالامدىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم. قالدىسى ئۆزىگە باغلىق، ئەلۋەتتە.

«ئاددىي تىل، تۈز تىل، جانلىق تىل ئارقىلىق بىۋاسىتە ئىپادىلەپ» ئەسەر يېزىشنى قارىغۇلارچە تەكىتلىگەن بۇ ئاپتورىمىز ئۆزىنىڭ قارىشىنى پاكىت بىلەن ئىسپاتلاپ بەرمەكچى بولۇپ «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار ۋە ئاجىزلىقلار»، «ئەقىل ـ پاراسەت دەستۇرى»، «دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ مال ساتقۇچى»، «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» قاتارلىق كىتابلارنى تىلغا ئېلىپ، مانا بۇ «كىتابلار ناھايىتى چۈشىنىشلىك يېزىلغان بولۇپ، بىۋاسىتە تەسىر قىلىش شەكلى بىلەن دۇنيادىكى نۇرغۇن كىشىنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتكەن، سېتىلىشىمۇ غايەت زور مىقداردا ئاشقان، مانا بۇ چۈشىنىشلىك، ئاممىباب ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى» دەپ كۆرسەتكەن. ئالدى بىلەن شۇنى ئەسكەرتىمىزكى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ھەرگىزمۇ «ئاددىي تىل، تۈز تىل، جانلىق تىل ئارقىلىق بىۋاسىتە ئىپادىلەپ» يېزىلغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى ئۇلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلارنىڭ يېپيېڭى، مەزمۇنىنىڭ ئەھمىيەتلىك، پىكىرنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر «چۈشىنىشلىك، ئاممىباب» لىقى ئۇلارنىڭ دۇنياۋى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى مۇھىم ئامىل دەپ چۈشىنىلسە تامامەن بىر تەرەپلىمە بولۇپ قالىدۇ. «چۈشىنىشلىك، ئاممىباب ئەسەر» دېگەن ھەر قايسى جايلاردىكى كىتابخانىلاردا تولۇپ يېتىپتۇ. قېنى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قازانغان مۇۋەپپەقىيىتى؟! كۆپىنچىسى سۈپەتسىز بىراك مال. مۇشۇنداق سۈپەتسىز ئەسەرلەرنىڭ ئادەمنىڭ ساپا تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىمۇ ئەلۋەتتە سەلبىي نۇقتىدىن بولىدۇ. گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ فېيرباخ «ئادەم ئۆزى يېگەن نەرسىگە ئوخشايدۇ» دېگەن. بۇ ھەرگىزمۇ «قوي گۆشىنى كۆپ يېگەن ئادەملەرنىڭ مىجەزى قويغا ئوخشاش ياۋاش، قورقۇنچاق بولۇپ قالىدۇ» دېگەندەك ئىلمىي ئاساسى يوق نادانلارچە ھۆكۈم ئەمەس. بۇ، ئادەمنىڭ ئوقۇغان نەرسىلىرىدىن ئۇنىڭ مەنىۋى يەزىلىتىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ، ئوقۇش ۋە تەپەككۇر قىلىش جەريانىدا قەدىمكى ۋە ھازىرقى پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر ھەم داڭلىق ئەدىبلەر بىلەن سىرداشالايدىغان ئادەم بىلەن پەقەت سۈپەتسىز رومان، چولپانلارنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى، قاتىللىق ھېكايىلىرى ۋە پۈچەك تور يازمىلىرىنىلا ئوقۇغان ئادەملەرنىڭ ئىچكى دۇنياسى تامامەن ئوخشاش بولمايدۇ، دېگەنلىكتۇر.

يەنە شۇنى ئەسكەرتىمىزكى، «ئاددىي تىل، تۈز تىل، جانلىق تىل» ئىشلىتىلمىگەن، «چۈشىنىشلىك، ئاممىباب» يېزىلمىغان ئەسەرلەر دۇنياۋى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ، دەپ قاراش پۈتۈنلەي خاتا. ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر تارىخىدا ھەيران قالارلىق رول ئوينىغان ھەم داۋاملىق رول ئويناپ كېلىۋاتقان تەسىرى زور ئەسەرلەر بىلىم ئاساسى كەڭ، مەزمۇنى مۇرەككەپ، ئىدىيەسى چوڭقۇر، چۈشەنمەك قىيىن ئەسەرلەر ئىچىدىن چىققان. ھەتتا، ئەدەبىيات ساھەسىدىمۇ بۇنداق ئەھۋالنى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن، كافكا، گارسىيا ماركوز، جامىس جويس، ئەلىشىر نەۋائىي قاتارلىق دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئەدىبلەرنىڭ نادىر ئەسەرلىرى ئالاھىدە ئەدەبىيات تەربىيەسى كۆرگەن كىشىلەر چۈشىنىپ ھوزۇر ئالالايدىغان ئەسەرلەردۇر. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ غەزەللىرىدىكى چوڭقۇر پىكىر، نازۇك ھېسسىيات، كەڭ تەپەككۇر، ھەيران قالارلىق تەسەۋۋۇرنى چۈشىنىش ئادەتتىكى كىشىلەرگە نېسىپ بولمايدۇ.

مەن بۇلارنى يېزىش ئارقىلىق قانداقتۇ قانچە مۇرەككەپ ئەسەر بولسا شۇنچە مۇۋەپپەقىيەت قۇچىدىغان ئەسەر بولىدۇ، شۇڭا، چۈشىنىشلىك يازماسلىق كېرەك، دېگەندەك بىر تەرەپلىمە قاراشنى ئوتتۇرىغا قويماقچى ئەمەس. بەلكى، مۇرەككەپلىكنى مەغلۇبىيەتكە، چۈشىنىشلىك بولۇشنى مۇۋەپپەقىيەتكە تەڭ دەپ ئاددىي ھالدا مۇتلەقلەشتۈرۈپ قارىماسلىق كېرەك دېمەكچى.

ئاپتور «ئېغىر تىل ۋە چۈشىنىشلىك تىلنىڭ سېلىشتۇرمىسى» دېگەن ئىككىنچى كىچىك ماۋزۇ ئاستىدىكى مۇلاھىزىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئالدىدا، ئۆزىنىڭ دەرگەندەكلا «دېمەك، زامانىمىزدا قائىدىشۇناسلىق

بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى تەپەككۇرىنى ئىپادىلەشتە «ئاددىي»، «چۈشىنىشلىك» تىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىغا كۈچ چىقىرىشى ھاجەت» دەپ يازغان. بوپتۇ بىز ئاپتورنىڭ بۇ جۈملىدە ئىشلەتكەن «ئاددىي»، «چۈشىنىشلىك» دېگەن گەپلىرىنى يۇقىرىدا كۆپ تەكرارلانغان گەپلەر دەپ تۇرايلى. ئۇ «قائىدىشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى» دېگەندە كىملەرنى نەزەردە تۇتقاندۇ دەپ، تېگىگە يېتەلمىدىم. ئاپتور ماقالىسىدە باشتىن باشلاپ مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى، يەنى «پەيلاسوپ»، «مۇتەپەككۇر» لارنى تىل كېكەچلىكى بىلەن تەپەككۇر نامراتلىقىدا ئەيىبلەپ كېلىۋاتاتتى، شۇڭا، ئۇنىڭ توساتتىن «قائىدىشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى»لەرگە كۆرسەتمە بېرىشىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ قالدىم. قائىدىشۇناسلىق دېگەن قائىدە - يوسۇنلارنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم تۇرسا، بۇ ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئوبزورچىلىرى، يەنى ئاپتورنىڭ نەزىرىدىكى «پەيلاسوپ» ياكى «مۇتەپەككۇر»لار بىلەن نېمە باغلىنىشى باردۇ، دېگەن سوئال ھەر قانداق ئوقۇرمەندە تۇغۇلماي قالمايدۇ. بۇنىڭ جاۋابىنى يەنىلا ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخاننىڭ بىنورمال تەپەككۇرىدىن ئىزدىگەن مۇۋاپىقتەك تۇرىدۇ. چۈنكى، بۇ ئاپتور باشتىن - ئاخىر مانا مۇشۇنداق تاققا - تۇققا نام - ئاتالغۇلىرى، ئالجوقا سۆز - جۈملىلىرى، ئورۇنسىز تەنقىد - تەكلىپلىرى، بىر تەرەپلىمە قاراش - قىيداشلىرى بىلەن بىزنى غەلىتىلىك ھېس قىلماسلىققا كۆندۈرۈۋەتكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇپ، ماڭدامدا بىر ئۇچرايدىغان تىل كېكەچلىكى بىلەن تەپەككۇر نامراتلىقىدىن ھەر قانچە غەلىتىلىك ھېس قىلساقمۇ، ھەش - پەش دېگۈچە بۇ خىل تۇيغۇنىڭ ئورنىنى «توغرا چۈشىنىش» ئىگىلەيدۇ.

ئەسلى پىلانىمدا «تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى»دېگەن بۇ ماقالىنىڭ 13 كىچىك ماۋزۇ ئاستىدىكى بارلىق مۇلاھىزە، تەكلىپ، تەنقىد ۋە قاراشلىرىنى بىر - بىرلەپ ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئىلمىي ھەم پاكىتلىق تەنقىد ئارقىلىق كەڭ - كۇشادە تەلقىن قىلماقچى ئىدىم، چۈنكى كېيىنكى قىسىملاردا مەسىلە - خاتالىقلار تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. ئەمما، ماقالەمنىڭ مەزمۇنى ئۇزىراپ ئوقۇرمەنلەرنى چارچىتىپ قويماي، دەپ ئويلاپ كېيىنكى 11 ماۋزۇ ئاستىدىكى تېمىلارغا چېقىلمىدىم. پەقەت داڭلىق ئەدىب ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ:

تەڭ ئىدۇق ئىككىمىز تەڭرى ئالدىدا،
ۋە لېكىن تەڭ ئەمەس دەۋر ئالدىدا.
كۆرەڭلەپ كەتمىگىن ئامەتلىرىڭدىن،
تەڭ بولۇرمىز ئاخىر قەبرە ئالدىدا.

دېگەن ئېسىل رۇبائىيسىنى خاتا تەھلىل قىلىپ، نامۇۋاپىق تەنقىدلىگەنلىكىنىلا كۆرسىتىپ قويغۇم كەلدى. چۈنكى بۇ رۇبائىينى ئىلگىرى باشقا قەلەمكەشلەرمۇ «ئىچىگە زەھەر يوشۇرۇنغان، تەپەككۇرىمىزنى زەھەرلەپ كېلىۋاتقان رۇبائىي» دەپ ئوبزور يازغان ئىدى. ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخانمۇ بۇ ماقالىسىدا «رۇبائىيدىكى ئىدىيە ئادەملەرنى شۈكۈر - قانائەتچان بولۇشقا، تەركىدۇنيالىق بىلەن ئاددىي ياشاشقا، باشقىلارنىڭ نەتىجىسىنى ئىنكار قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى بىرمەزگىل ياشاپ ئاخىرىدا ئۆلۈمنى كۈتۈۋېلىشلا بولۇپقالماستىن، بەلكى ھاياتىدا قانداق نەتىجىلەرنى يارىتىشى ۋە باشقىلارغا قانداق نەرسىلەرنى ئاتا قىلالىغانلىقىنى بەلگە قىلىشى كېرەك» دېگەندەك ئورۇنسىز گەپلەرنى قىلغان. بۇ رۇبائىيدا شۈكۈر - قانائەتچانلىققا ئۈندەش مەنىسىمۇ يوق، تەركىدۇنيالىق بىلەن ئاددىي ياشاشقا ئۈندەش مەنىسىمۇ يوق، باشقىلارنىڭ نەتىجىسىنى ئىنكار قىلىش مەنىسىمۇ يوق. بۇ ئېسىل رۇبائىي «سولچىل» سىياسەت ھەممە يەرنى قاپلىغان، ھەق - ناھەق ئاستىن - ئۈستۈن بولغان، بەتنىيەت، پۇرسەتپەرەس سىياسىي يانچۇقچىلارنىڭ بازىرى چىقىپ، تەلىيى ئوڭدىن كەلگەن، ياخشىلار داغدا قالغان، ئەبلەخلەر باغدا يايرىغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ياشاپ ئىچى ھەسرەتكە تولغان بىر دانىشمەن شائىرنىڭ مۇتەپەككۇرانە قەلب ساداسىدۇر. ئاپتورنىڭ ئادالەتسىزلىكتىن ئۆكۈنۈش ۋە ئىجتىمائىي ئادىللىق ئىزدەش ئارزۇسى رۇبائىينىڭ بىرىنچى مىسراسىدا ئىپادىلەنگەن تەنقىدىي پىكرى ۋە نەپرەتلىك ھېسسىياتى ئىككىنچى مىسراغا مۇجەسسەملەنگەن. مەسخىرىلىك پوزىتسىيەسى ئۈچىنچى مىسراغا سىڭدۈرۈلگەن. دانىشمەنلەرچە سەۋرچانلىق روھى تۆتىنچى مىسراغا سىڭدۈرۈلگەن. بۇ رۇبائىينى ھەرگىزمۇ «سەن بىلەن مەن ئىنسان سۈپىتىدە قانۇن ئالدىدا ۋە ئىجتىمائىي ئادىللىق جەھەتلەردە تەڭ ھوقۇقلۇق ئىدۇق. سولچىللىق كاساپىتىدىن سەندەك دىيانەتسىز ئەبلەخلەر ئەتىۋارلىنىپ كېتىۋاتىدۇ، ۋىجدانسىزلىق بەدىلىگە كەلگەن بۇ ئامەتلىرىڭدىن كۆرەڭلەپ كەتمەي تۇر، 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن ئاندىن ئادىل ھالدا كىمنىڭ پەسكەشلىكى، كىمنىڭ ئالىيجانابلىقى ئايدىڭلىشىدۇ» دەپ يازغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ شېئىر. ئۇنىڭدا سىمۋول، ئوخشىتىش ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىشكە، دارىتمىلاش، يوشۇرۇن ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشقا، ھېسسىيات جەھەتتىكى مۇرەككەپ ھەم زىددىيەتلىك ھالەتنى بىمالال يېزىشقا تامامەن بولىدۇ.

دانىشمەنلەرچە سۈكۈتنى قۇلاقنى يوپۇرۇۋېلىش، ئاقىلانە سەۋرچانلىقنى ئاجىزلىق دەپ چۈشىنىش مېنىڭچە

خاتا. ئاخىرقى ئۈمىدنى «قەبرە» ئالدىدىكى ئادىللىققا باغلاپ يېزىش، ھەرگىزمۇ پاسسىپ مەنىدىكى ئۈمىدسىزلىك ئەمەس، بەلكى، ئاكتىپ مەنىگە ئىگە پەلسەپىۋى ئۈمىدسىزلىك. ئۈمىدسىزلىكنىڭ ھەممىسى پاسسىپ روھىي ھالەتنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، ئوخشاشلا، ئۈمىدۋارلىقنىڭ ھەممىسى ئاكتىپ روھىي ھالەتنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا خەلقنىڭ بېشىدا ئوت كۆيۈۋاتسا، دەۋرنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ «ماڭغان يولىمىز داغدام يول، ئەتىمىز گۈزەل، پارلاق» دېگەندەك ئاتالمىش شېئىرلارنى يازغان گالۋاڭ شائىرلارنىڭ ھاماقەتلەرچە ئۈمىدۋارلىقى، بۇ رۇبائىيدا ئەكس ئەتكەن دانىشمەنلەرچە ئۈمىدسىزلىك ئالدىدا پاخالچە قىممىتى يوق ئۈمىدۋارلىقتۇر. بۇ رۇبائىيدىكى «قەبرە»بىر سىمۋول. ئۇ ئاق بىلەن قارىنىڭ پەرقىنى ئېنىق ئايرىيدىغان، ياخشى بىلەن يامانىنىڭ قىممىتىنى ئادىل باھالايدىغان زامانىنىڭ ھامىنى يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچتۇر. نادانلارنىڭ قارىغۇلارچە ئۈمىدۋارلىقى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقاندەك، دانالارنىڭ ئاڭلىق، ئىدراكىي ئۈمىدسىزلىكى ئادەمنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ. چۈنكى، دانالار قارىماققا ئۈمىدسىزلەنگەندەك تۇرغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە تەپەككۇر يۈرگۈزۈشتىن، پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەت ئۈستىدە ئىزدىنىشتىن يىراق تۇرمايدۇ. دەۋرىمىزدىكى مۇتەپەككۇر جۇ گوپىڭ ئەپەندى «ئۈمىدسىزلىك ئاساس قىلىنىدىغان ئىزدىنىش ئەمەلىيەتتە بىر خىل خالىيلىق» دېگەن. ئۈمىدسىزلىك ئاساس قىلىنىدىغان ئىزدىنىش ھەرگىزمۇ تەركىدۇنيالىق ئەمەس. ئويلايدىغان بولساق، بەزىدە ھاياتىمىزغا قەيسەرلىك ئەمەس، بەلكى ئاجىزلىق، ئۈمىدۋارلىق ئەمەس بەلكى ئۈمىدسىزلىك يار-يۆلەك بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئادەمنىڭ ھاياتى ئەمەلىيەتتە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە داۋاملىشىدۇ. ئېينىشتېيىن «مېنىڭ دۇنيا قارىشىم» دېگەن ماقالىسىنىڭ بېشىنى «ھامىنى ئۆلۈپ كېتىدىغان بىزلەرنىڭ تەقدىرىمىز نېمىدېگەن غەلىتە! ھەر بىر ئادەم دۇنيادا قىسقا تۇرىمىز، مەقسەت نېمە بىلگىلى بولمايدۇ» دەپ باشلاپ، بۈيۈك ئىنسانلارنىڭ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە يەنىلا ئاكتىپلىق بىلەن ياشاۋاتقان ۋە ئىزدىنىۋاتقان ھالىتىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئۆلۈمنى ھەر دائىم ياد ئېتىپ ياشاش دەل مۇشۇ قائىدىگە چۈشىدۇ. ئادەتتىكى ئادەملەر شەيئىلەرگە ئۆزىگە زىيادە ئىشەنچ قىلغان ئاساستا ھۆكۈم چىقىرىدۇ. بىر بۇغدايىنى كۆرۈپ سەمرىسە، بىر بۇغدايىنى كۆرۈپ ئورۇقلايدىغان ئادەملەر ماڭدامدا بىر ئۇچرايدۇ. ئەمما چوڭقۇر پىكىرلىك، ھادىسەنى ئەمەس، ماھىيەتنى كۆرۈپ ياشايدىغان دانالار مەشھۇر پىسخولوگ فىرئۇد ئېيتقان «كوللېكتىپ سارائىلىق» ھادىسىسى كۆرۈلگەن مەزگىللەردە، شارائىتنى توغرا كۆزىتىپ، ۋەزىيەتنى توغرا تەھلىل قىلىپ، كەلسە-كەلمەس چالۋاقاپ، تەنتەكلەرچە چېچىلىپ يۈرمەستىن ئۆز-ئۆزىنى تەڭشەپ باشقىلارنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان دەرىجىدە سەۋرچان ۋە تىنچ بولۇپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ئۇلار بۇرنىنىڭ ئۇچىنى ئاران كۆرىدىغان نادانلاردەك ئۆلۈك-تەتۈر دەسسىگەن ھالدا ھەمنەپەس بولۇپ ياشىماستىن، مەنىۋى تەنھالىققا چۆكۈپ، «يەكنەپەس ھۇزۇرىنى دۆلىتى سۇلايمان بىل» دېگەن ماقام ئىچىدە ياشايدۇ. مانا مۇشۇنداق چاغلاردا سەۋرچانلىق بىر خىل ئېسىل پەزىلەت. بىر خىل پاراسەت. شۇنداقلا بىر خىل ۋاستە. ئۇ ھەرگىزمۇ قورقۇنچاقلىق ئەمەس. ئادالەتسىزلىككە پاسسىپلىق بىلەن تەن بەرگەنلىكمۇ ئەمەس. بەلكى تېخىمۇ زور بىر نىشان ئۈچۈن ۋاقىتىنچە مۇرەسسە قىلغانلىق. بۇ چاغدا ئۇلار بەئەينى پۇرژىنىغا ئوخشاش يىغىلغان ھالەتتە تۇرسىمۇ ھامان ئۈستىگە ئېتىلىش ھالىتىنى يوقاتمايدۇ. شارائىت پىشسىلا ئەھۋالغا قاراپ پارتلايدۇ. ئومۇمەن، سەۋرچانلىق مۇۋەپپەقىيەت قۇچۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر تاكتىكا. مانا مۇشۇنداق دانىشمەنلەرچە سەۋرچانلىق روھى بولغاچقا، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى 1980-يىللارنىڭ كېلىشى بىلەن ھازىرلانغان ياخشى شارائىتتا دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ «مەن ئاق بايراق ئەمەس»، «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك»، «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» قاتارلىق بىر - بىرىدىن تەسىرى زور، بىر - بىرىدىن قىممىتى يۇقىرى ئەسەرلەرنى روياپقا چىقاردى. بۇ رۇبائىينى ئۆتكۈر ئەپەندى قايسى دەۋردە، قانداق ئىدىيەۋى ھېسسىياتتا يازغان دېمەستىن، «ئىچىگە زەھەر يوشۇرۇنغان، تەپەككۇرىمىزنى زەھەرلەپ كېلىۋاتقان»، «تەركى-دۇنيالىقنى تەرغىب قىلغان» رۇبائىي دەپ چۈشىنىش بەكمۇ ئاددىي ھەم بىر تەرەپلىمە چۈشىنىشتۇر.

پەيلاسوپلار: سۈكۈت قىلىش پىشىپ يېتىلگەنلىك، دەيدۇ. مۇتەپەككۇرلار: سۈكۈت قىلىش ئېسىل پەزىلەت، دەيدۇ. مائارىپشۇناسلار: سۈكۈت قىلىش ئەقىل - پاراسەت، دەيدۇ. سەنئەتكارلار: سۈكۈت قىلىش سېھرىي كۈچ، دەيدۇ. مەنمۇ شۇنداق دەيمەن: سۈكۈت قىلىش ئېرىشمەك تەس بولغان پىسخىكىلىق ساپا ۋە قىممەتلىك جاھاندارچىلىق يولى. لېكىن، ھەر قانداق ھەققەت شەرتلىك بولىدۇ. سۈكۈت قىلىش ۋە سەۋرچانلىقمۇ شۇنداق.

ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخاننىڭ شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ بۇ ئېسىل رۇبائىيسىدىكى«كۆرەڭلەپ كەتمىگىن ئامەتلىرىڭدىن» دېگەن مىسرادا ئىپادىلەنگەن مەنىستىمەسلىك ھەم مەسخىرىلىك پوزىتسىيەسىنى تامامەن

خاتا چۈشىنىپ، «بىر كىشى ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ كۈچلەنسە، ئامەتكە ئېرىشسە، كىبىرلىسە نېمىشقا بولمىغۇدەك؟»دەپ سوئال قويۇپ تەنقىدلىشى كاللا دېسە پاقالچاق دېگەندەك ئەخمىقانە تەنقىدتۇر. بۇ تەنقىدنى لوگىكا بويىچە داۋاملاشتۇرۇپ باقساق شائىرنى «چىدىماس»، «ھەسەتخور» دېگەن يامان ئاتاقلار بىلەن سۆپەتلەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئەلۋەتتە، شائىرنىڭ بۇ مىسراسىنى بىر پۈتۈن كۇپلېتتا ئىپادىلەنگەن پىكىر ئىزچىللىقى بويىچە تەھلىل قىلماي، ئالدى-كەينىدىكى مىسرالاردىن ئايرىپ تەھلىل قىلساق ساغلام بولمىغان پىكىر كېلىپ چىقىدۇ. لېكىن بۇ رۇبائىي ئاجرالماس بىر پۈتۈن پىكىرگە ئىگە. شېئىردىكى كۆرەڭلەپ قىنىغا سىغماي قالغان ئەبلەخ، ئىجتىمائىي ئادىللىقتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدىغان، ياخشى-يامان تامامەن ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن بىر قاباھەتلىك دەۋرنىڭ قەھرىمانى. ئۇنىڭ تالاي بىگۇناھ كىشىلەرنى ئورەككە ئىتتىرىپ، پەسكەشلىك يولىنى تۇتۇپ ئېرىشكەن ئامەتلىرى، نورمال ئىجتىمائىي شارائىتتا، ئادىل رىقابەت مۇھىتىدا ياشاۋاتقان كىشىلەر ھالال يول بىلەن قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئامەتلىرى باشقىلارنىڭ بېشىغا ياغدۇرۇلغان سۈنئىي ئاپەتلەر بەدىلىگە كەلگەن رەزىل ئامەتلەردۇر. قائىدە بويىچە، قاباھەتلىك دەۋرنىڭ بۇنداق كۆيدۇرگە قەھرىمانلىرىنى نىشتەردەك سۆزلەر بىلەن ئاشكارا سۆكۈپ، ئەيىبلەش لازىم. لېكىن مۇمكىن بولمىغان ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن ئامەتلىرىگە مەنسىتمەسلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش، مۇنبەرلەردە كۆرەڭلىك بىلەن كېرىلىپ، شالىنى چاچرىتىپ سۆزلەشلىرىگە مەسخىرىلىك نەزەر بىلەن بېقىش ئىنتايىن تەبىئىي ئەھۋال. بۇنداق پوزىتسىيە ئەقلى ئويغاق، ۋىجدانى تۇيغۇن، ئادىمىيلىكى مۇكەممەل، مۇھەببەت-نەپرىتى روشەن، ھەق-ناھەق تۇيغۇسى كۈچلۈك ئادەمنىڭلا روھىيىتىدە چاقنايدۇ. شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەنە شۇ قاباھەتلىك دەۋردە مۇشۇنداق يۈكسەك ساپاسى بىلەن ساغلام سۈكۈت ۋە مۇزدەك مەسخىرىنى قەلبىگە مۇجەسسەم قىلالىغان دانىشمەن شائىردۇر.

ئەركىن ئىسھاق ئوغۇزخاننىڭ «تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى» دېگەن ماقالىسىنىڭ باش قىسمىدىكى ئۈچ بەت مەزمۇنغا قارىتا يۈرگۈزگەن تەنقىدىي مۇلاھىزەمنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ قالغان 15 بەتتىكى مەزمۇندا كۆرۈلگەن تىل كېكەچلىكى ۋە تەپەككۇر نامراتلىقىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزىرىگە قالدۇردۇم.

2011-يىل 1-4- مارت كۈنلىرى يېزىلدى

---

ئاپتور: ئوبزورچى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ مۇھەررىرى

## تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

1. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە، رۇخسىتىمىزسىز تورغا چىقىرىشقا، توپلام تۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ جاۋابكارلىقى قانۇن بويىچە سۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

2. ئەسەرلەردە ئېلىنغان نەقىللەرنىڭ ئاپتورلىرى، بېسىلغان كىتاب، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى، نەشر قىلغان نەشرىياتلار ئېنىق، توغرا، ئەينەن ئەسكەرتىلىشى كېرەك. مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

3. تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، نەشر قىلغان گېزىت-ژۇرنال، نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسىنى قوشۇپ قويۇلۇشى كېرەك. بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

4. يېزا-قىشلاقلاردىكى ئاپتورلار، بولۇپمۇ دېھقان ئاپتورلار ئۆز ئادرېسلىرىنى يازغاندا ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرنى ئانچىنچى كەنت، مۇنچىنچى كەنت دەپ سان-رەقەم بىلەن ئالماي، شۇ يەرلىك ھۆكۈمەت ئورناتقان يەر-جاي ناملىرى تاختىسىدا يېزىلغىنى بويىچە ئەسلىي ئاتىلىشى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىگە توغرا يېزىشى كېرەك.

5. ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ژۇرنالغا بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىنى ژۇرنالدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ، تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرۈش ھاجەت ئەمەس. زۆرۈر تاپسا تەھرىراتىمىز ئاپتورلار بىلەن ئۆزى ئالاقىلىشىدۇ.

6. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغانلىرىدىن باشقىلىرى بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشى كېرەك.

7. پوچتىدىن قەلەم ھەققى سېلىشتا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە كىملىكىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى يازمىسىغا چاپلاپ ئەۋەتىشى كېرەك.

**— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى**




# «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» ناملىق ماقالىغا تولۇقلىما

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2010-يىللىق 1-سانىدا ئوبزورچى يالقۇن روزىنىڭ «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىندى. «توپتوغرا ئون يىل ئىزدىنىپ» يېزىلغان بۇ ماقالىدا ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ باشلىنىشى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ بەزى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەن. ماقالىنىڭ ئومۇمىي روھىدىن قارىغاندا، بەزى مەسىلىلەرنى يەكۈنلەتكىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى، چوڭقۇر ئىزدىنىپ، دەلىل-ئىسپات، تارىخىي پاكىتقا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئاندىن ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدىغانلىقى ئېيتىلغان. يەنى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ باشلانمىسى بولغان «ئىكساق باشلانغۇچ مەكتىپى 1885-يىلى ئۆكتەبىردە ئۇيغۇر سودىگەر ھۈسەيىن مۇسابايېف ۋە باھاۋۇدۇن مۇسابايېف ئاكا-ئۇكىلار قۇرغان ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان زامانىۋى مەكتەپ» بولماي، بەلكى «ئانا دىيارىمىزدا ئاكا-ئۇكا مۇسابايېفلار تەرىپىدىن 1899-يىلى كۈزدە بارلىققا كەلگەنلىكىنى، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى مۇنتىزىم جەدىتچە مەكتەپ ۋە دارىلمۇئەللىمىننىڭ 1914-يىلى بارلىققا كەلگەنلىكىنى» ئوتتۇرىغا قويغان.

ف .ئېنگېلس«يېڭى پاكىتلار كىشىلەرنى ئۆتكەنكى پۈتۈن تارىخنى يېڭىباشتىن تەتقىق قىلىشقا مەجبۇر قىلدى»[1]دەپ يازغان. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ،يالقۇن روزىنىڭ«يېڭى پاكىتلار»ئاساسىدىكى تارىخىي مەسىلىلەردە مۇشۇنداق ئۇزۇن يىل ئىزدىنىپ، جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، «دەلىللىكى يۇقىرى»، «ئىشەنچلىكى كۈچلۈك»، «ئىلمىي ئاساسى تولۇق»بولغان قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشى تارىخشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن بىرى. بۇنى ئاتا-بوۋىلار ۋە ئىلمىي خادىملار بىزگە ئۇدۇم قالدۇرغان، شۇڭا ئۇنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇش لازىم، ئەلۋەتتە.

مەن «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» ناملىق ماقالىنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئاساسىي روھىنىڭ تارىخ ئىلمىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى، كۆپلىگەن مەنبەلەرگە، جۈملىدىن چەت ئەل مەنبەلىرىگە مۇراجىئەت قىلىنغانلىقىنى، بايان قىلىش ئۇسلۇبىنىڭ خېلى دەرىجىدە ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بەزى تەرەپلەرنى ئىزاھلىغاندا، ئايرىم نۇقتىلارغا يەشمە بەرگەندە، مەركىزىي ئىدىيەنى تەھلىل قىلغاندا ئاپتور تارىخىي ماتېرىيالىزملىق قاراشتا ئەمەس، بەلكى، تارىخشۇناسلىق ساھەسىگە، ئىلىم-پەن مەسىلىسىگە غەيرىي ئويۇننى ئارىلاشتۇرىۋالغانلىقى، ھەتتا ئومۇمىيلىق مەسىلىسىدە ئايرىمچە ۋە خۇسۇسىي قارىشىنىمۇ مۇناسىپ دەرىجىدە ئىپادىلىنىپ قالغانلىقىنى، مەسىلىلەرنى ماكان، زامان ئىچىگە قويۇپ مۇھاكىمە قىلىش قارىشىنىڭ كەملىكىنى، مەسىلىنىڭ ماھىيىتى ۋە ھادىسىنى چۈشىنىش ئېڭىنىڭ نىسبەتەن تۆۋەنلىكىنى سەزمەي تۇرالمىدىم. بۇنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدا ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتەي:

بىرىنچى، يالقۇن روزى ماقالىسىدا «ئانا دىيارىمىزدا

يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ قاچان ۋە قانداق باشلانغانلىقى ھەققىدىكى تۇنجى خاتالىق كىمنىڭ ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان؟» دېگەن مەسىلىنى كۆرسەتكەندە، بۇمەسىلىنى زامان ـ ماكان ئېچىگە قويۇپ تەھلىل قىلىشى يېتەرلىك بولمىغان. «ئىكساق باشلانغۇچ مەكتىپى 1885 ـ يىلى ئۆكتەبىردە ئۇيغۇر سودىگەر ھۈسەيىن مۇسابايېۋ ۋە باھاۋۇدۇن مۇسابايېۋ ئاكا ـ ئۇكىلار تەرىپىدىن ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان زامانىۋى مەكتەپ» دېگەن بۇ قاراش ئۇزۇندىن بېرى شىنجاڭدىكى كىشىلەر ئارىسىدا تارقىلىپ كەلگەن. 1977 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ جۇڭگودا ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» دولقۇنى قايتىدىن كۆتۈرۈلۈپ مىللەتلەرنىڭ سىياسىي تارىخى، ئىجتىمائىي تارىخى، ئەدەبىيات تارىخى، پەلسەپە تارىخى، مەدەنىيەت تارىخى، مائارىپ تارىخى قاتارلىق ساھەلەر بويىچە تەكشۈرۈش، ئىزدىنىش، تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىشلىرى يېڭىباشتىن قولغا ئېلىندى. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى ھەققىدە بەزى ئىلمىي خادىملار ۋە مائارىپ تارىخى ھەۋەسكارلىرى ئىزدىنىشكە كىرىشتى. بۇ ھەقتە دەسلەپ قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى مەرھۇم ئىبراھىم نىياز ئەپەندى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىلىم ئورگانلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخى ھەققىدە ئىزدىنىپ، ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشلەردە بولۇپ، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان مائارىپ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاپ چىققان. جۇملىدىن ئاتۇش، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى ئاتۇشلۇق پېشقەدەم مائارىپچىلار، زىيالىيلار ۋە باشقا ۋەقەشۇناسلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئىكساق مائارىپىغا دائىر ئۇچۇرلارنى ئىگىلەپ، «ئىكساق كەنتىدە يېقىنقى زامان يېڭى مائارىپى» دېگەن تېمىدا ماقالە يېزىپ «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1983 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلغان. كېيىن بۇ ماقالە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 13 ـ سانىدىمۇ ئېلان قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزدا «ئىكساق مائارىپى قىزغىنلىقى» ھادىسىسى يېيىق ھالەتتىن ئاشكارا ھالەتكە ئۆتۈپ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. مەرھۇم ئىبراھىم نىياز ئەپەندى ئىكساقتا باشلانغان يېڭى مائارىپنىڭ ۋاقتى ۋە جەريانىنى 1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئېلىپ بارغان ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشلىرى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان. مەرھۇم ئىبراھىم نىياز ئەپەندى ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا «بۇ ماقالىمىزنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا يېقىندىن ياردەمدە بولغان ۋە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن پېشقەدەم مائارىپچىمىز ئەنۋەر ئەپەندى، پەخرىددىن ئاخۇن ئاكا، ناسىر خېلىل، ئابلىز تىلىۋالدى، يۇنۇس ئاخۇن خەلپىتىملەرگە چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز» دېگەن بايانىدىن كېيىن يەنە «ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن: ئابلىكىم، ئىمىنجان» دەپ ئىزاھلاپ قويغان. دېمەك، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ باشلانغان ۋاقتى ھەققىدىكى تۇنجى خاتالىقنى ئىبراھىم نىياز ئەپەندى سادىر قىلغان دەپ كۆرسىتىش ئادالەتسىزلىك بولىدۇ.

مەلۇمكى، تارىخشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، ئاغزاكى تارىخىي ماتېرىيال، يەنە بىرى، يازما تارىخىي ماتېرىيال. بۇنىڭ ئىچىدە ئاغزاكى تارىخىي ماتېرىيالنىڭ ئىشلىتىشچانلىقى ئۇزۇن ۋە قاپلىنىش دائىرىسى كەڭ بولىدۇ. چۈنكى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە يېزىقنىڭ تارىخى قىسقا، قاپلىنىش دائىرىسى تارراق بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە يېزىق بىلەن تارىخ يېزىش ئومۇمىي ھادىسە بولۇپ كەلگەن ئەمەس. ئاغزاكى تارىخ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخ قالدۇرۇشىدىكى ئاساسىي ۋاستىسى. ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭدە بىر ئۆلۈش تارىخى يازما تارىخنى ئاساس قىلغان بولۇشىغا قارىماي، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئاغزاكى تارىخىي ماتېرىيالنى ئاساس قىلىپ كەلگەن. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن ۋەقە ـ ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى يېزىققا ئېلىنغان ئەمەس، ھەتتا جەمئىيەتتىكى ماھىيەتلىك ئىشلار خاتىرىگە ئېلىنماستىن، بەلكى، قوشۇمچە ئىشلار خاتىرىگە ئېلىنغان ئەھۋاللارمۇ بولغان. نۇرغۇن ئىشلار تارىخنامىلەرگە كىرگۈزۈلمەيلا قالماستىن، بەلكى چۈشۈپ قالغان ياكى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن، بىر جەمئىيەت، بىر رايون، بىر مىللەت، بىر دۆلەتتە يازما تارىخ بىلەن ئاغزاكى تارىخ تەڭ مەۋجۇت بولغان شارائىتتا يازما تارىخ ئاساس قىلىنىدۇ. يازما تارىخ بولمىغان شارائىتتا ئاغزاكى تارىخقا تايىنىلىدۇ. يازما تارىخمۇ بولغان، ئاغزاكى تارىخمۇ بولغان ئەھۋالدا ئىككىسى سېلىشتۇرۇلۇپ، دەلىللەنگەندىن كېيىن ھەرخىل ئىلمىگە تەدتبىقلىنىدۇ. ھەر ئىككىلىسى بولمىغان شارائىتتا ئەپسانە، رىۋايەت، قىسسە ـ داستانلار ۋە باشقا ئاغزاكى ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىغا، ئاغزاكى بايانلارغا تايىنىلىدۇ. بۇ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە قوللىنىلىدىغان ۋە تەتبىقلىنىدىغان تارىخشۇناسلىق پىرىنسىپىنىڭ ئەقەللىي ساۋاتى. «1885 ـ يىلى ئىكساقتا يېڭىچە مائارىپ باشلانغان» دېگەن قاراش ئوتتۇرىغا چىققان شارائىتتىكى ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە مۇشۇ مائارىپ ھادىسىسىگە مۇناسىۋەتلىك يازما ماتېرىياللار نابۇت بولۇپ كېتىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن، چەت ئەلنىڭ ماتېرىيالىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە

بولۇنمىغان، خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار، دۆلەتنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرى تولۇق تەكشۈرۈلۈپ، تەھقىقلەنمىگەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپ، گۇۋاھچىلار ئالەمدىن ئۆتكەن، ۋاستىلىق گۇۋاھچىلارنىڭ ئەسلىمىلىرىدە ئارىلىشىپ كېتىش، ئېلىشمانچىلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەن بىر ۋاقىت ئىدى. ئەھۋال شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن مەرھۇم ئىبراھىم نىياز ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدا كۆرۈلگەن سەۋەنلىكنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ. مەرھۇم ئىبراھىم نىياز ئەپەندىنىڭ ماقالىسى پۈتۈنلەي ئاغزاكى بايانىنى ئاساس قىلغانلىقى ئۈچۈن، يېڭى مائارىپنىڭ باشلانغان ۋاقتى مەسىلىسىدە دەلىللىكى يېتەرسىز بولۇپ، ۋاقىت ئون نەچچە يىل ئالدىغا سۈرۈلۈپ كەتكەن. 1983-1985-يىللار ئىچىدە بىر قىسىم قەلەمكەش، ۋەقەشۇناسلارنى يىغىپ، بىر-بىرلەپ تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، تەكرار مۇھاكىمە قىلىپ ماتېرىيال تەييارلاپ، بېسىپ تارقىتىلغان «مەشئەل» ناملىق توپلامدىمۇ[2] ئوخشاشلا ئاغزاكى بايانلار ئاساس قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن ئىكساقتا باشلانغان ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ ۋاقتى ۋە جەريانى مۇقىملىشىپ، كېيىنكى تەتقىقاتچىلار ئۈچۈن مەنبە بولۇپ قالغان. ئارىدىن ئاز كەم ئوتتۇز يىللار ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، ئەينى ۋاقىتتىكى چەكلىك شارائىت ۋە ئىمكانىيەت ئىچىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلاردىن پۈتۈنلەي غەلىتىلىك ھېس قىلىش تازا مۇۋاپىق ئەمەس. بىرەر مەدەنىيەت ھادىسىسىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق مەلۇم يۇرت ياكى مەلۇم خەلقنىڭ شۆھرىتىنى چىقىرىش، تەسىرىنى كېڭەيتىش ئەھۋالى مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە قەدىمدىن ھازىرغىچە توختىماي كۆرۈلۈۋاتقان ئىش. بۇنداق مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ بىر مەزگىل داۋرىڭى چوڭ، دائىقى كۈچلۈك بولىدۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى، پاكىتلارنىڭ توپلىنىشى، سېلىشتۇرما قىلىنىشى، مۇھاكىمىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن مەسىلىنىڭ راست-يالغىنى، مېغىزى بىلەن شاكىلى ئايرىلىپ چىقىدۇ.

ئىككىنچى، يالقۇن روزى «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» ناملىق ماقالىسىدا «تەتقىقات ساھەسىدە كىملەر بۇ خاتالىقنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ باقماستىن تەكرارلاۋەرگەن؟» دەپ سوئال قويۇپ، مەرھۇم ئىبراھىم نىياز ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدا باشلانغان خاتالىقنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ باقماستىن تەكرارلاۋەرگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ «ئىخچام شەكلىدە، تىپىكلىرىنى كۆرسىتىپ» ئۆتكەن. ۋاھالەنكى، ئاپتورنىڭ بۇ سەۋەنلىكنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ باقماستىن تەكرارلاۋەرگەن تەتقىقاتچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمىنى، ئەسەرلىرىنىڭ نامىنى ۋە ئەسەرلىرىدىكى كونكرېت ئىپادىلىرىنى بىر-بىرلەپ كۆرسىتىپ ئۆتۈشى زۆرۈرمۇ ئەمەس. لېكىن، ماڭا بۇ نۇقتىدا يالقۇن روزى بەك ئىخچاملىۋەتكەندەك، بەك تىپىكلەشتۈرۈۋەتكەندەك تەسىرات بەردى. مەسىلەن، يالقۇن روزى مېنى «يالغان-ياۋىداق بايانلارنى سەمرىتىپ، يەنىمۇ بېيىتىپ ئوتتۇرىغا قويغان» تەتقىقاتچى سۈپىتىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن. مېنىڭ «10-ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇر مەدرىسە مائارىپى ھەققىدە قىسقىچە بايان» دېگەن ماقالەمدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئىلى رايونىنىڭ يېڭىچە پەننىي مائارىپىمۇ 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان. ئاتۇشلۇق ھۈسەيىن مۇسابايېف ۋە باھاۋۇدۇن مۇسابايېفلار 1890-يىللىرىلا ‹بەيتۇللا جامەسى› دە يېڭىچە پەننىي دەرسلەرنى ئوقۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمەلىيىتى كۆرۈلگەن. باھاۋۇدۇن مۇسابايېف ياركەنتتىكى تاتار پەننىي مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ بولۇپ، ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن 1870-يىلى نوپۇزلۇق ئۆلىما ناسىر ئەئلەم ئاخۇننىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ‹بەيتۇللا مەسچىتى› يېنىدىكى دىنىي مەكتەپتە ھېساب، ئانا تىل، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، تەنتەربىيە، رەسىم، شېئىر قاتارلىق دەرسلەرنىڭ قوشۇمچە ئۆتۈلۈشىگە تۈرتكە بولغان. 1890-يىلى ئىلىدا ئامبىاب پەننىي مەكتەپ قۇرۇپ، ئۇنى ‹ھۈسەينىيە مەكتىپى› دەپ ئاتىغان» دېگەن مەزمۇنغا ئۆزۈم قوشۇۋالغان بىرمۇ جۈملە يوق. مەن ماقالەمدە بايان قىلغان مەزمۇنلار «شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان مائارىپ تارىخى»[3]، «قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى»[4] ،«ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»[5]، «قەشقەر تارىخى چوڭ ئىشلار يىلنامىسى»[6] «ئۇيغۇرلاردا مەدەنىيەت-مائارىپ»[7]، «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى(4)»[8] «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت قامۇسى»[9]، «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ تارىخى »[10] ۋە «مەمتىلى ئەپەندى »قاتارلىق كىتاب، قامۇسلاردىكى بايانلاردىن كەلگەن، بولۇپمۇ بۇ قاراشنىڭ مېغىزى «ئىلى يېقىنقى زامان پەننىي مائارىپى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» [11]، «ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئىلى مائارىپى ۋە مەرىپەتچىلەر»[12] قاتارلىقلاردا ئېلان قىلىنغان. دېمەك، بۇ مەزمۇنلار مېنىڭ كەشپىياتىم ئەمەس. شۇڭا بۇ مەسىلىدە مېنى تەنقىد ئوبيېكتى قىلىپ تاللىۋېلىش بىر تەرەپلىمىلىك بولىدۇ ۋە ماڭا قىلىنغان ئادالەتسىزلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «ئىخچاملاش»، «تىپىكلىرى»نى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئابدۇللا تالىپ، شېرىپ خۇشتار، مەن ۋە لىيۇزىشياۋلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تاللىۋېلىش تازا مۇۋاپىق ئەمەس. ناۋادا، يۇقىرىقىلارنى ئىلىم ساھەسىدە تەسىرگە ئىگە مۇتەخەسسىسلەر سۈپىتىدە

www.uyghurkitap.com

تېپىكلىرى دەپ قاراش مۇۋاپىق دەپ تونۇساقمۇ، يالقۇن روزى ئۆزىنى بۇنداق تېپىكلەر قاتارىدا تىلغا ئالمىغان. يالقۇن روزى مىرئەخمەت سىيىتنىڭ ئەسلىمىسى ئاساسىدا يېزىپ چىققان تارىخىي تەرجىمىھال كىتابى «مەمتىلى ئەپەندى» ۋە «تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما» ناملىق كىتابى، يەنە «ئۇنتۇلغان ئەنگۇشتەر — ‹تەۋپىق روھى ›» [13] ناملىق ماقالىسىدا بىز تەكرارلىغان خاتالىقنى ئوخشاشلا تەكرارلىغانىدى. يالقۇن روزى «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» ناملىق ماقالىسىدا «شۇنىڭدىن باشلاپ مەندە 1914 ـ يىلىدىكى ۋەقەنى توغرا بايان قىلالمىغانلىقىمىزغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن 30 يىل ئىلگىرى بولغان دېيىلىۋاتقان 1885 ـ يىلىدىكى مەكتەپ ئېچىش ۋەقەسىنىمۇ توغرا يازالمىدۇقمۇ ـ قانداق؟ دېگەن سوئال تۇغۇلدى» دەپ يېزىپ، «ئاندىن شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى خاتاغا ئېنىق يول قويۇپتۇق» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ بايانلاردا يالقۇن روزى ئۆزىنى سەۋەنلىكنى تەكرارلىغۇچىلارنىڭ ئىچىگە قويغان بولسىمۇ، بىراق ئۆزىنى تەنقىدلىشى يۈزە بولۇپ قالغان ياكى بۇ ئىشتىن ئۆزىنى ئامال قىلىپ چەتكە ئېلىۋېلىشنىڭ يولىنى تۇتقان. مېنىڭچە يالقۇن روزىمۇ يۇقىرىقى سەۋەنلىكنى تەكرارلىغۇچىلارنىڭ ئىچىدىكى «تېپىكلەر» قاتارىغا قويۇلىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، يالقۇن روزى بىر قانچە كىتابى نەشر قىلىنغان، ئەسەرلىرى جەمئىيەتتە مۇئەييەن تەسىر قوزغاپ كېلىۋاتقان، «نوپۇزلۇق» ژۇرناللاردا ماقالىلىرى دائىم دېگۈدەك ئېلان قىلىنىپ تۇرىدىغان قەلەمكەش ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، يالقۇن روزى بۇ ماقالىسىدا باشقىلارنىڭ سەۋەنلىكىنى ئەدەپلەيمەن دەپ، ھاياجانلىنىپ كېتىپ، ئەمەلىيەتتە، ئىلمىگە زىت بىر قاتار قاراشلارنى بازارغا سېلىپ چىققان. بۇنىڭ تېپىك مىسالى «...1851 ـ يىلى تۇغۇلغان باھاۋۇدۇن باينىڭ 19 يېشىدا، يەنى 1870 ـ يىلى قەشقەر، غۇلجىدىكى شۇ قەدەر داڭلىق مەدرىسەلەرگە خىرىستىيان دۇنياسىدا بارلىققا كەلگەن پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى دەرس قىلىپ كىرگۈزۈشكە قۇربى يېتەمتى؟ شۇنچىلىك نوپۇز 20 ياشقىمۇ كىرمىگەن بالىدا ھازىرلىنىشى مۇمكىنمۇ؟ دېگەنلەرنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان»(شۇ ژۇرنال ، 31 ـ بەت) دېگەن مەسىلە.

ئىلگىرى كۆپ دېيىلىپ، ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە تەۋرىنىپ قىلىش مۇمكىنچىلىكىگە دۇچار بولغان بۇ ھۆكۈم مۇتلەق ئەمەس. مۇبادا شۇ چاغدا مۇئەييەن دەرىجىدە شەرت ـ شارائىت يار بەرگەن ۋە زۆرۈرىيەت تۇغۇلغان بولسا، ئاشۇ ياشتىكى كىشىلەردە ھېلىغۇ بىرەر مەكتەپ قۇرۇش ئەمەس، بەلكى بىر رايوننىڭ، بىر مىللەتنىڭ، بىر دۆلەتنىڭ تەقدىرىنى يا ئۇيان، يا بۇيان قىلىشتەك كاتتا ئىشلار، ئۇلۇغۋار ھەرىكەتلەرمۇ قولىدىن كېلىشى مۇمكىن ئىدى. «20 ياشلىق ئادەم چوڭ ئىش تەۋرىتەلمەيدۇ» دېگەن قاراش يالقۇن روزىنىڭ بىر تەرەپلىمە قارىشىدىن ئىبارەت، جۈملىدىن يالقۇن روزىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگىمۇ خىلاپ، يەنە تېخى قانداق كىتابتا شۇنداق دېيىلگەن، دېگەن سوئال قويۇلسا، يالقۇن روزى بۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرەر دەپ تەشۋىشلىنىمىز. تارىخقا نەزەر سالساق، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا، دۆلىتىمىزدىكى خەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ، چەت ئەللەردىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىدا 20 ياش ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىشلارنى قىلىپ، ھەممىنى ھەيرانۇ ھەس قالدۇرغانلىقى، ھەتتا دۇنيانى زىلزىلىگە سالغانلىقى تالاي قېتىم بولغان. مەسىلەن، قەدىمكى تۈرك خانلىقى(مىلادىيە 555 ـ 740 ـ يىللار) دەۋرىدە ياشىغان دانىشمەن ۋەزىر، ئاشىد قەبىلىسىدىن بولغان تونيۇقۇق ئاشىنا قەبىلىسىدىن بولغان جىگەرلىك يىگىت ئىلتېرىش بىلەن غەربىي تۈرك خانلىقىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئات مىنىپ سەپ تۈزۈپ، قەبىلە يىگىتلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، موڭغۇل يايلىقىنى دىر ـ دىر تىترەتكەندە 20 ياشقىمۇ بارمىغان. قاراخانىيلار خانلىقى (تەخمىنەن مىلادىيە 850 ـ 1212 ـ يىللار) نىڭ ئۇلۇغ خانلىرىدىن بىرى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققاندا يېشى تېخى يىگىرمىگىمۇ توشمىغان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ل. مۇتەللىپ قاتارلىقلار ئەينى زاماندا ئۇيغۇر ئەدەبىيات ساھەسىدە ھەممىنى ھەيران قالدۇرغاندا 20ياشلارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئىدى. گرېتسىيەلىك ئالېكساندىر ماكېدونسكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەين) دادىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھلىق تەختىگە چىقىپ، غەربتىن شەرققە يۈرۈش قىلىپ جاھاننى تىترەتكەندە قانچە ياشتا ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن يالقۇن روزىنىڭ تارىخىي كىتابلارنى يەنە بىر قېتىم تەپسىلىي ۋاراقلاپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە يالقۇن روزىنىڭ مەزكۇر ماقالىسىنىڭ بىرىنچى ئابزاستىكى بايانلار، جۈملىدىن، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «...ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىسىنى ئاڭلىۋېلىپ، دەپ بەرگەنلىرىگىلا ئاساسلىنىپ، ھېسسىياتقا بېرىلىپ، تەسەۋۋۇرغا تايىنىپ، كەمتۈك يەرلىرىگە كەلگەندە يالغان ـ ياۋىداق قىستۇرمىلارنى قوشۇپ يېزىلغان ئەسەرنىڭ قايىل قىلىش كۈچى بولمايدىغانلىقى ئېنىق»، «ئىلمىي روھىي كەم زىيالىيلار» (شۇ ژۇرنال،21 ـ بەت)، «بارلىق ئىشتا قارىغۇلارچە يەرلىك ئۇستۇنلۇك ياكى مىللىي ئۇلۇغلۇق ئىزدەيدىغان ھېسسىيات تېپىدىكى ساددا كىشىلەر»، «مەن ئىلمىي ھەقىقەتنى

ياقلايمەن، تارىخىي پاكىتنى ھۆرمەت قىلىمەن»، بەزى «كىشىلەر ئىلىمگە ياتىدىغان مەسىلىلەرگىمۇ مەھەللىۋى ئاڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولغاچقا، ھەقىقەت بىلەن سەپسەتىگە ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلماستىن، مەنپەئەتپەرەستلىك، شۆھرەتپەرەستلىك تۇيغۇسى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ...» (شۇ ژۇرنال،22 ـ بەت) دېگەن بايانلىرى بەكلا ئاشۇرۇۋېتىلگەن، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىدىغان، غەلىتە قاراشلار دېيىشكە بولىدۇ. بۇنى پەقەت سەنمۇ ئۇزاقتىن بۇيان يېزىپ كېلىۋاتقان ماقالە ـ كىتابلىرىڭدا بۇنداق مەسىلىنى (جۈملىدىن «مەمتىلى ئەپەندى»، «تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما»، «ئۇنتۇلغان روھ ـ تەۋپىق روھى»ۋە باشقىلاردا) سادىر قىلغان ئىدىڭغۇ، دەپ سوئال قويۇش بىلەن جاۋاب بېرىپ تۇرىمىز.

تۆتىنچى، يالقۇن روزىنىڭ «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» ناملىق ماقالىسىدىكى «پىروفېسسورلۇق سالاھىيتى بىلەن ئالىي مەكتەپ مۇنبىرىدە دەرس ئۆتۈۋاتقان، بىر قانچە تەتقىقات كىتابىنىڭ ئاپتورى بولغان غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر» يگەن جۈملە ساغلام ھېسسىيات بىلەن ئېيتىلمىغان. ئۇنىڭغا ىنايە ئارىلىشىپ قالغان. مەلۇمكى، يالقۇن روزى يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «پىروفېسسورلۇق» نى مەنسىتمەيدىغانلارنىڭ باشلامچىسى سۈپىتىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈۋاتقانلارنىڭ بىرى. بۇ ماقالىنى ئېلان قىلىشتىن ئىلگىرىلا بۇ خىل ھېسسىيات قارىشىدىن بېشارەت بەرگەن. مەسىلەن، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «بىر پارچە خىشنىڭ سىرى» ناملىق ماقالىسىدا مۇساباييېفلار جەمەتىنىڭ ئۇيغۇر زامانىۋى مىللىي كارخانىچىلىقىدىكى باشلامچىلىق تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ كېلىپ، بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىدا مىللىي كارخانىچىلارنىڭ بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەندە نۇقتىئىنەزىرىنى دەلىللەش ئۈچۈن، ياپونلارنىڭ «100پىروفېسسور يېتىشتۈرگەندىن بىر كارخانىچى يېتىشتۈرگەن ئەلا» دېگەن بىر خىل قارىشىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىلىم ساھەسىنى قايمۇقتۇرغان ئىدى. مەنبە ئاساسىي بولمىغان بۇ خىل قاراش ياپونلارنىڭ ئومۇمىي قارىشىمۇ ياكى ئايرىم كىشىلەرنىڭ، بىر ياكى بىرقانچە ئالىجۇقا، تەنتەك تەتقىقاتچىسىنىڭ قارىشىمۇ بۇ يەردە ئۇنىڭغا باھا بېرىش ھاجەتسىز .شۇنىسى ئېنىقكى، پىروفېسسور بىلەن كارخانىچى ئىككىسى ئىككى ئۇقۇم. ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىنى ھەرگىز باسالمايدۇ. مەسىلەن، بىر زاۋۇتتا ئىشچىلا بولۇپ، تېخنىك، ئىنژېنېرلىرى بولمىسا زاۋۇت ماڭمايدۇ، دوختۇرخانىدا سېسترا بولۇپ، دوختۇر، ۋىراچلار بولمىسا كېسەلنى داۋالىغىلى بولمايدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەملىكىتىمىزدە، جۈملىدىن دۇنيادا (يەنە ياپونىيەدىمۇ) نەچچە ئون مىڭ ئالىي مەكتەپ بار. بۇلاردا يەنە نۇرغۇن پىروفېسسورلار بار. پىروفېسسورلار ئالىي مەكتەپنىڭ گۈلى. مۇبادا ئۇلارنى كېرەك قىلماي، ئادەتتىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇتۇش يۈرگۈزۈلسە ياكى كارخانىچىلارنى ئالىي مەكتەپكە ئېلىپ كېلىپ، دەرس ئۆتكۈزىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن. بۈگۈنكى زامانىۋى دۇنيانىڭ تەرەققىيات تەقەززاسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر مىللەتنىڭ پىروفېسسورلىرى بولۇش بىلەن بىرگە، كارخانىچىلىرىمۇ بولۇشى كېرەك. كارخانىچىلىرىلا بولۇپ، پىروفېسسورلىرى بولمىسا ئۇنداق مىللەتنى يېتىلگەن، ھاياتىي كۈچى بولغان مىللەت قاتارىدا سانىغىلى بولمايدۇ. كۆپلىگەن پىروفېسسورلىرى بولغان مىللەت بۈگۈنكى ئىلىم ـ پەن رىقابىتى ئىچىدە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىيالىشىغا ئىشەنچىسى بار بولغان مىللەت دېيىشكە بولىدۇ. يىلدا بىر قېتىم دۇنيا ئەھلىنى ھەيران قالدۇرۇۋاتقان نوبېل مۇكاپاتىنىڭ كەشپىيات مۇكاپاتىنى ئالدى بىلەن پىروفېسسورلۇق ئۇنۋانى ئالغان ئالىملار ئېلىۋاتىدۇ. «پىروفېسسور» دېگەنلىك بىلىم ئىگىسى دېگەنلىك بولىدۇ. بىر مىللەت، بىر خەلق، بىر رايون (ياكى دۆلەت) تارىخىدا، ماددىي تۇرمۇشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان، ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىدىغان كەسىپلەر، جۈملىدىن، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودىگەرلەر، كارخانىچىلار بولۇش ئەلۋەتتە زۆرۈر. بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، ئىلىم ـ پەن بىلەن قوراللانغان، بىلىم ئىگىلىگەن، مەنىۋى بايلىقى بولۇشنىڭ قىممىتى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

پىروفېسسورلۇق يالقۇن روزى كىنايە قىلىپ يۈرىدىغان ھەم ئاسانلا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان ئىلمىي ئۇنۋان ئەمەس. ئۇنىڭ تەلەپلىرى خېلىلا قاتتىق. ئۇنى ئاۋالىغان ئادەملەرلا ئالالايدۇ. بەزىلەر ئۆمرىدە تاغلار ئېشىپ، دېڭىزلارنى ھالقىسىمۇ، مىليون يۈەن پۇل سەرپ قىلسىمۇ مۇنداق شەرەپكە مۇيەسسەر بولالىشى مۇمكىن ئەمەس.بۇ خىل ئىلمىي ئۇنۋانىنى قانداق ئادەم ئالالايدۇ؟ بۇ يەردە پەقەت 2000 ـ يىللاردىن كېيىنكى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىنى ئېلىشقا قويغان تەلىپىنىڭ ئاددىي ئۆلچىمىنى بۇ ياشنىڭ سەمىگە سېلىپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا پىروفېسسورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانغا ئىلتىماس قىلغۇچى شۇ چاغقىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە ئالىي مەكتەپ ئوقۇتۇش مۇنبىرىدە ئىزچىل دەرس ئۆتكەن

بولۇش ۋە دەرس ئۆتۈش نورمىسى كەسپداشلىرى ئارىسىدا ئالدىنقى قاتاردا بولغان بولۇش، ماگىستىرانت يېتەكچىسى بولغان بولۇش، ئۆز كەسپىگە ئائىت ئىككى پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى دۆلەت بەلگىلىگەن يادرو ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان بولۇش(جۇڭگودا مىللىي تىلدا نەشر قىلىنىدىغان ۋە بۇ ئۆلچەمگە توشىدىغان ژۇرنال يوق)، كەسپىگە دائىر ئۆلكە-ئاپتونوم رايوندىن يۇقىرى بولغان بىردىن كۆپ تەتقىقات تۈرىگە مۇستەقىل يېتەكچىلىك قىلغان بولۇش، ئىلتىماس قىلىنغان يىل ئىچىدە كادىرلار نازارىتى باشقۇرۇشىدىكى چەت ئەل تىلى (ياكى خەنزۇ تىلى) ئىمتىھانى، كومپيۇتېر مەشغۇلات ئىمتىھانىدىن لاياقەتلىك كىنىشكىسى ئالغان بولۇش، ئۆزلۈكسىز مائارىپ تەربىيەلەش كۇرسىغا قاتنىشىپ، لاياقەتلىك كىنىشكىسى ئالغان بولۇش، خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھانىدىن سەككىزىنچى دەرىجىدىن يۇقىرى بولغان لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىنى ئالغان بولۇش ۋە باشقىلار. يەنە، قاتتىق بولغان سىياسىي، ئەخلاقىي ئۆلچەملىرىمۇ بار، ئەلۋەتتە.

يالقۇن روزىنىڭ بىر ماقالىدىكى ئىلگىرىكىلەر كەتكۈزۈپ قويغان سەۋەنلىكنى تەكرارلاپ قويغانلىقى سەۋەبلىك پىروفېسسور ئۇنۋانى بولغان بىر كىشىنىڭ شەخسىيىتىگە ھۇجۇم قىلىش ھەم مەسخىرە خاراكتېرىدىكى پىكىرنى ئېلان قىلىشى بىر خىل مەمەدانلىق، سەممىيەتسىزلىك ۋە ئەخلاقسىزلىق بولىدۇ، خالاس.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يالقۇن روزىغا بىر ئەمەلىي بولغان ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگۈم بار:

1994-يىلى كۈز ئايلىرىدا، مەرھۇم دادامنىڭ كېسىلىنى بېقىپ، يېزىدىكى ئۆيىمىزدە تۇرۇپ قالدىم. يېزا-سەھرادىكى ئاق كۆڭۈل، سەممىي كىشىلەردىن ھەر كۈنى دېگۈدەك 10-20 ئادەم كېلىپ دادامنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ تۇردى. ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ بېشىدىكى بىر كۈنى ئەتىگەندە شامپاشاھ دېگەن قوشنا كەنتتىن پاكىز، تەمبەل، يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان ئىككى نەپەر يوچۇن دېھقان يىگىتى ھارۋىسىنى يېتىلەپ، يوغان ئىككى سېۋەتكە ئۈزۈم، ئانار، ئەنجۈر قاتارلىق ئېسىل مېۋىلەرنى ئېلىپ نەچچە كىلومېتىر يولنى بېسىپ ھويلىمىزغا كىرىپ كەلدى. ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ، دادامنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزدۇق. تىنچلىق ئەھۋالى سوراشقاندىن كېيىن ئۇلار شۇنداق دېيىشتى: «بۇنىڭدىن ئەللىك يىللار ئىلگىرى ئوسمان قاسىم مۇئەللىم ئىككىمىزنىڭ دادىلىرىنى ئوقۇتۇپ، ئاغزىغا بىلىم سالغان ئىكەن. شۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن بىزمۇ ئوقۇپ، ساۋاتلىق دېھقانلاردىن بولدۇق. بالىلىرىمىزنىمۇ ئوقۇتىۋاتىمىز، دادىلىرىمىز ھايات چېغىدا ئوسمان قاسىم مۇئەللىمنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ئەسلەپ تۇراتتى. يېقىندا بىز ئوسمان قاسىم مۇئەللىمنىڭ ئاغرىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. دادىلىرىمىزنى تەربىيەلىگەن، دادىلىرىمىز ئۇستاز بىلگەن بۇ ھۆرمەت ئىگىسىنى يوقلاپ كېلەيلى، دەپ كېلىشىمىز.» مەن بۇ مېھمانلارنىڭ كەلگەنلىكىگە خۇشال بولدۇم، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ھېلىقى گەپلەرنى ئاڭلاپ، «بۇلار ئەخمەقمۇ نېمە» دېگەن ھاماقەتلەرچە خىيال چاقماق تېزلىكىدە كاللامدىن كەچتى، دەرھال كاللامنى سىلكىپ بۇ خىل چاكىنا خىيالدىن ئويغاندىم. چۈنكى، مەن ئۈرۈمچىدە، مەدەنىي چوڭ شەھەردە، ئالىي بىلىم يۇرتىدا يىگىرمە نەچچە يىل ياشاپ، بۇنداق ئەھۋالنى كۆرمىگەن ۋە ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. شۇنى خىيال قىلدىمكى، ئەللىك يىللار ئىلگىرى دادام ئۇلارنىڭ دادىلىرىغا باشلانغۇچ ساۋاتنى ئۆگەتكەن، دادىلىرىنى بىرەر مائاشلىق خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويمىغان، پەقەت ساۋاتلىق دېھقان قىلىپلا قويغان، خالاس. بۇ ئىككى ئوغۇل دادىلىرىغا ئېلىپبەنى ئۆگىتىپ قويغان بىر ئادەمنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ كەلگەنىدى. بەلكىم، بۇ يېزىلاردا شۇ كەمگىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «ئەسلىدىكى مەدەنىيەت»، «ساپ ئەخلاق»، «ئەنئەنىۋى ئادەت» جۈملىسىدىن بولسا كېرەك. بۇ خىل ھادىسىنى زامانىۋىلاشقان بۈگۈنكى كۈندە، يۇقىرى مەلۇماتلىقلار ئارىسىدا ئۇچرىتىماق تەس بولۇۋاتىدۇ ئەكسىچە، ئۇنىڭ تەتۈرىسىنى قىلىدىغانلار كۆپ چىقىۋاتىدۇ. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇپ چىققان پىروفېسسورلاردىن تەلىم ئالغان يالقۇن روزىنىڭ پىروفېسسورلارنى مەسخىرە قىلىدىغان قىلىقى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە غەيرىي تەسىر قوزغاپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بەشىنچى، يالقۇن روزىنىڭ «كەشپىيات»ىغا ئىلگىرى باشقا كىشىلەرمۇ،جۈملىدىن مەنمۇ دىققەت قىلىشقا باشلىغان. مەسىلەن، شەۋكەت ئابدۇرېھىم «قەشقەردە پەننىي مەكتەپلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدا 1985-يىلىدىكى ئىكساق يېڭى مائارىپىنىڭ نامىنى تىلغا ئالمىغان. 1998-يىلى نەشرگە تاپشۇرۇلۇپ، 2007 - يىلى 5-ئايدا نەشر قىلىنغان «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى» ( شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلغان) ناملىق كىتابىمنىڭ «مائارىپچىلىق» ماۋزۇسىدا ئۇيغۇر يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنىڭ 1885-يىلى باشلانغانلىقىغا بولغان گۇمانىمنى ئىپادىلىگەنىدىم. مەن ئۇ كىتابتا «1911-يىلى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسىغا كەلگەندە ئىلى ۋە كاشغەرلەردە يېڭىچە پەننىي مەكتەپلەردىن بىر قانچىسى قۇرۇلغان. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، 1907-1908-يىللىرى

ئىلىدا مۇسابايې جەمەتىنىڭ ئىلكىدە مەكتەپ بولغان. شۇ يىللاردا كاشغەر شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلاردا يېڭىچە مەكتەپلەر ئېچىلغان» دەپ ئېھتىيات بىلەن كۆرسەتكەنىدىم[14]. شۇ يىلى، شۇ ئايلاردا ئۈرۈمچىدىكى بىر رېستوراندا بولغان توي سورۇنىدا داستىخان ئۈستىدە پاراڭدىن-پاراڭ چىقىپ: «ئىكساق مائارىپىنىڭ باشلىنىش مەسىلىسىدە گۇمانلىق يەرلەر باردەك تۇرىدۇ، بۇنى قايتا تەكشۈرمىسەك بولمىغۇدەك، ئىلگىرى ھېسسىياتقا تايىنىپ يىل-ۋاقتى بۇرۇنغا سۈرۈلۈپ كېتىپتىكەن» دېگەنىدىم، شۇ سورۇندا ئولتۇرغان «ھەممە ئىشتا قارىغۇلارچە يەرلىك ئۈستۈنلۈك قوغلىشىدىغان»لاردىن بىرەيلەن قاتتىق تېرىكىپ، ماڭا ئەلپازىنى بۇزۇپ قارشىلىق كۆرسەتتى. كېيىن ئۇقسام، ئۇ بۇ ئىشنى باشقا يەرلەردە سۆزلەپ، مېنى «گېزەندە» كۆرسىتىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ تور بېكىتىم ۋە يانفون ئۇچۇرۇمغا بىرقانچە رەت ئۇچۇر كېلىپ، مۇشۇ ئىشقا باھانداپ، ماڭا قارىتىلغان ھاقارەتلىك سۆزلەر كۆرۈندى. بەزىلەر ھەتتا ئۇچرىشىپ قالغاندا ماڭا يۈز تۇرا ئاچچىق گەپلەر بىلەن زەربە بەردى. شۇ ئىشتىن كېيىن مەن سەل چۆچۈپ قالدىم ھەم بۇ مەسىلىدە بەزىلەرنى ئالدىراپ قايىل قىلغىلى بولمايدىكەن، دەپ قاراپ «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابىمدا ئاللىبۇرۇن ئۆزگەرتكەن نۇقتىلارنى ئىككى يىلدىن كېيىن ئېلان قىلغان «10-ئەسىردىن كېيىنكى ئۇيغۇر مەدرىسە مائارىپى ھەققىدە» ناملىق ماقالەمدە خېمىغا يېنىپ ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدۇم. مەن بۇنداق قىلىشتا، ئىلمىي ماقالىسى بولغان ئىكەن، مۇھاكىمىگە موھتاج بولىدۇ، كېيىنچە رەسمىي پاكىتلىق ماتېرىياللار چىققاندا توغرىلاپ كېتەرمەن، دېگەن مەقسەتنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم.

ئالتىنچى، «يېڭىچە مائارىپ چۈشەنچىسى» مەسىلىسىدە چەت ئەللىكلەرنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن مىزانى، قويۇپ بەرگەن «دىياگنوز»نى ئۆلچەم قىلىشنى ئاساس قىلىش خاھىشى مەسىلىسى. يالقۇن روزىنىڭ «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» ناملىق ماقالىسىنىڭ ئاساسىي چىقىش نۇقتىسىنى دەڭسەپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن بارلىق ھادىسىلەر ياكى ۋەقەلەرنى ئالدى بىلەن باشقىلار ياكى چەت ئەللىكلەر خاتىرىگە چۈشۈرۈپ بەرسە ياكى شۇلارنىڭ تەستىقىدىن ئۆتسە، ئۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدا— ئۇيغۇرلار مۇلاھىزە قىلىشى، تەتقىقات دائىرىسىگە ئېلىپ كىرىشى كېرەك ئىكەن. يالقۇن روزى بۇ خىل قاراشنى ماقالىسىدا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن ماقالىسىنىڭ ئىچكى قاتلىمىغا بۇ خىل مەنە يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېس قىلماق تەس ئەمەس. مۇبادا شۇنداق ئىدىيە تەكىتلىنىۋېرىلسە، ئۇنداقتا شىنجاڭدا يۈز بەرگەن باشقا بارلىق ۋەقە، ھادىسىلەرنىمۇ چەت ئەللىكلەرنىڭ باھالاپ، ئەستىقلاپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ خىل ئۇسۇل تارىخىي رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيلا قالماستىن، بەلكى، مۇمكىنلىكتىن تولىمۇ يىراق بولغان بىر خىل خىيالىي ھەرىكەت بولۇپ قالىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا، بىرەر پاكىتنى تېپىۋېلىپ، ھەممىنى شۇ بويىچە ئۆلچەشكە ئالدىراپ كەتمەسلىك لازىم.

يەتتىنچى، «يېڭى مائارىپچىلىق» ھەرىكىتىنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسى. «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» ناملىق ماقالىنىڭ ئاساسىي روھى ۋە باشقا مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك (يالقۇن روزى نەقىل ئالغان مىرقاسىم گۇسمانوۋ قاتارلىقلارنىڭ ماقالىسى ‹شۇ ژۇرنال، 25-بەت› مۇ شۇنىڭ ئىچىدە بولىدۇ، ئەلۋەتتە) بەزى ماقالە-ئەسەرلەرنىڭ روھى بويىچە «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى» تېگى-تەكتىدىن غەربتىن، تاتار جەدىتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدىن كەلگەن ئىكەن. بۇ خىل قاراش مۇتلەق قاراشمۇ؟ «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى» نىڭ بارلىق مەزمۇنى، ئىدىيەۋى قارىشى پۈتۈنلەي غەربتىن كەلگەنمۇ؟ بۇ نۇقتىنى يەنىلا تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزىرى بويىچە مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتمەي بولمايدۇ. ئىنسانىيەت مەدەنىيەت ھادىسىسىدىكى بىردەكلىك، ئورتاقلىقلار ھەققىدە توختالغان ف.ئېنگېلس مۇنداق دېگەن: «بىز ھازىرغىچە تەرەققىيات ھەممە يەردىمۇ ئەنە شۇ يول بىلەن كەتكەن، مۇئەييەن دەۋردە ياشىغان بارلىق خەلقلەرنىڭ تەرەققىياتى، ئۇلارنىڭ قەيەردە تۇرغانلىقلىرىغا قارىماستىن، خۇددى شۇ يولدىن كەتكەن دەپ ھېسابلىغان ئىدۇق.» («ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، 35-بەت، تاشكەنت «شەرق ھەققىتى» نەشرىياتى 1952-يىلى نەشرى)، ئەمدى لېۋىس ھېنرى مورگان مۇنداق دەپ يازغان: «ئىنسانىيەتنىڭ تېگى بىر بولغاچقا، ئۇلار ئەقىل-پاراسەتنىڭ بىردەك پىرىنسىپىغا، بىردەك ماددىي شەكىلگە ئىگە، شۇڭا ئوخشاش مەدەنىيەت ھالىتىدە ياشىغان ئىنسانىيەت تەجرىبىلىرىنىڭ نەتىجىسى بارلىق دەۋردە ۋە رايونلاردا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولىدۇ. ئىنسانىيەت ئەقىل-پاراستى پىرىنسىپى، ئىقتىدارىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ئازراق پەرقلەنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ غايە ئۆلچىمى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشى ئىزچىل بىردەك بولۇپ كەلدى. شۇڭا ئەقىل-پاراسەت پائالىيىتى ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ھەممە باسقۇچىدا ئوخشاش بولىدۇ.» («قەدىمكى جەمئىيەت»، ئىككىنچى قىسىم،

1158 ـ 1159، ـ بەتلەر). يۇقىرىقى ئىلمىي قاراشلارنى پۈتۈن دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىگە دەلمۇ ـ دەل ماسلىشىدۇ، دەپ ئېيتالمىساقمۇ، ئەمما، بىر رايون، بىر مەدەنىيەت ھالقىسىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە بولىدۇ. مائارىپ بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى» ھەم يېقىنقى زاماندا مەيدانغا كەلگەن مۇھىم بىر مەدەنىيەت ھەرىكىتى. «كونا (ئۇسۇلدىكى) مائارىپچىلىق» بىلەن «يېڭى (ئۇسۇلدىكى) مائارىپچىلىق» نىڭ پەرقى توغرىسىدا «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» ناملىق ماقالىدا چۈشەنچە بېرىلگەن. بۇ يەردە ئۇنىڭ پەرقى ۋە ئاساسىي ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ئارتۇقچە توختالمايمەن. بىراق، يالقۇن روزى، يەنە بىر قىسىم ئىزدەنگۈچىلەر، جۈملىدىن مەنمۇ (ئىلگىرى) تەنقىدىي تەلەپپۇز بىلەن تىلغا ئالىدىغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يولغا قويۇلغان «كونا(ئۇسۇلدىكى) مائارىپ» ياكى «دىنىي مائارىپ» ھەقىقەتەن ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتكە نىسبەتەن توسالغۇ بولۇپ كەلگەن، ياۋروپادا، جۈملىدىن تاتارىستاندا «يېڭىچە مائارىپ» يولغا قويۇلۇۋاتقان چاغلاردا بولسا، بۇ خىل مائارىپ شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا كاشىلا پەيدا قىلغان بىر خىل «قارا كۈچ» بولغانمۇ؟ بۇ، يالقۇن روزىنىڭ ماقالىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن مەندە پەيدا بولغان يېڭى بىر پىكىر بولۇپ قالدى. شۇنىسى ئېنىقكى، زامان، ماكان ۋە شارائىت تۈپەيلىدىن يېقىنقى زامانلارغا كەلگەندە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، مەدەنىيىتى شەرق ۋە غەرب بىلەن ماس قەدەملىك ھالىتىنى ساقلىيالمىغان، جۈملىدىن مائارىپچىلىقمۇ شۇنداق بولغان، ئەلۋەتتە. ۋاھالەنكى، يۇقىرىدا نەقىل ئېلىپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئېنگېلس، مورگانلارنىڭ بايانى بويىچە بولغاندا، ئۇنىۋېرسال پەرق كۆرۈنەرلىك بولسىمۇ، لېكىن ھەممە تەرەپلەردە پەرق بار دېيىلسە، تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. بولۇپمۇ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى «كونا(دىنىي) مائارىپ» كىشىلەرنىڭ ئەركىن ھەرىكىتى، ئەركىن پىكرىنى پۈتۈنلەي بوغۇپ قويغان بولۇشى ناتايىندەك تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز «مەدرىسە مائارىپى» (كونا مائارىپ) تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، «دىۋانى ھېكمەت»، «خەمسە نەۋايى»، «خەزائىنۇلمەئانى»، «دىۋانى زەلىلى»، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە»، «دىۋانى گۇمنام»، «دىۋانى نەۋبەتى»، «دىۋانى قەلەندەر»، «ھېكايەتى ئۇششاق» قاتارلىق ئەسەرلەرنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق جاۋاب بېرىپ ئۆتىمىز. بولۇپمۇ، ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ جاراڭلىق كۈيىنى تاراتقان ۋە گۇمنام، نەۋبەتى، مەشھۇرلار تەرىپىدىن يېزىلغان «ئۈچ مەشھۇر غەزەل»، مۇھەممەد سىددىق زەلىلى كۈيلىگەن سۇتۇق بۇغراخان مازىرى قاتارلىقلار بىزنى ئاجايىپ گۈزەل، ئۇلۇغلۇق، مۇقەددەسلىكتە تەڭدىشى يوق بولغان تەبىئەت ـ ۋەتەننى ئۇتلۇق قەلبىمىز بىلەن كۈيلەشكە، بارلىق ھېسسىياتىمىز بىلەن سۆيۈشكە، رېئال دۇنيادىن قانغۇچە لەززەت ئېلىشقا، ھوزۇرلىنىش ۋە بەختىنىڭ پەيزىنى سۈرۈشكە دالالەت قىلىپ كەلگەن. «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە تەتقىقاتچى (پىروفېسسور) لىيۇبىڭ مۇنداق دېگەن: ‹قۇتادغۇبىلىك› ئۆزىدىكى تارىخىي گۈزەللىك قىممىتىدىن باشقا، بۇ ئەسەر مەيدانغا كەلگەندە دۇنيادا پەقەت ھىندىستان، ئەرەب، ئىران، جۇڭگو (بۇ يەردە خەنزۇ ئەدەبىياتى كۆزدە تۇتۇلغان ـ نەقىلچىدىن) قاتارلىق ئەللەردە (ۋە ياپونىيەدە ـ نەقىلچىدىن) يازما ئەدەبىيات مەيدانغا كەلگەن، ھازىرقى تەرەققىي تاپقان باشقا مەملىكەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ قول يازما ئەدەبىياتى (بۇ يەردە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كۆزدە تۇتۇلغان ـ نەقىلچىدىن)لا بار ئىدى.» (لىيۇبىڭ «‹قۇتادغۇ بىلىك›نىڭ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسىنىڭ نەشر قىلىنغان ۋە تارقىتىلغانلىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1984 ـ يىللىق 4 ـ سانى،101 ـ بەت). پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مۇنداق يازغان: «‹قۇتاغۇبىلىك› 11 ـ ئەسىر شەرق ـ غەرب يازما ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە نۇرانە تەۋەررۇك ئەسەر سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى...غەربىي ياۋروپا خرىستىيان ئىلاھىيەتچىلىك چېركاۋ قوڭغۇراقلىرى ساداسى ئىچىدە تولىمۇ ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە ۋە دىنىي سوت شەكىللىنىش ئالدىدىكى روھانىيەتچىلىك ئۆكتىلىرى ۋەھىمىسىدە تەمتىرەپ يۈرمەكتە ئىدى. نورماندىيەلىكلەر برىتانىيەگە بېسىپ كىرىپ ئەمدىلا فېئودالىزمغا قەدەم قويغان بولۇپ، «ئادەت قانۇنى» دىن باشقا قانۇنشۇناسلىق دەستۇرلىرى بارلىققا كەلمىگەنىدى. فرانسۇزلارنىڭ ‹رولاند ناخشىلىرى›، ئىسپانىيەلىكلەرنىڭ ‹سىد›، نېمىسلارنىڭ ‹نېپلۇنگىن›، رۇسلارنىڭ ‹ئېگور پولكى ھەققىدە سۆز› قاتارلىق خەلق داستانلىرى تېخى مەيدانغا چىقىشتىن يىراق ئىدى.» («‹قۇتادغۇبىلىك› غەزىنىسى› 457 ـ، 458 ـ بەتلەر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى،1999 ـ يىل نەشرى)

ئەمدى «يۇسۇف خاس ھاجىپ بىلەن ماكياۋېللىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى توغرىسىدىكى ئىدىيەسى ئۈستىدە سېلىشتۇرما مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىنىڭ ئاساسىي روھى

بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ 11 ـ ئەسىردە ياشىغان، ماكياۋىللى (نىككولو ماكياۋىللى، 1469 ـ 1527 ـ يىللىرى) ئۇنىڭدىن 4 ئەسىر كېيىن «ياۋروپادا ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش ھەرىكىتى يۇقىرى پەللىگە يەتكەن، شەھەرلەر ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، فىرانسىيە، ئىسپانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە كۈچلۈك پادىشاھلىق مۇستەبىت ھاكىمىيەت قۇرۇلغان...» بىر چاغدا ئىتالىيەدە ياشىغان بولۇپ، ئۇنىڭ «ھۆكۈمدارلىق دەستۇرى» ناملىق كىتابى «ھېلمو بۈگۈنكى غەرب ئىدىيەسىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مەشھۇر ئون ئەسەرنىڭ بىرىدۇر.» (نىككولو ماكياۋىللى «ھۆكۈمدارلىق دەستۇرى» 4 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشرى) ئەنە شۇنداق كاتتا ئەسەر بولغان «ھۆكۈمدارلىق دەستۇرى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بەزى جايلىرىدا ئوخشاشلىق ئالامەتلىرى بولغان بولسىمۇ، پەرقلىق جايلىرى خېلى بار. مەسىلەن:

بىرىنچى، ھۆكۈمدارلارنىڭ ئەخلاقىي مىزانىغا رىئايە قىلىشى توغرىسىدىكى ئىدىيەسى ئوخشىمايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھۆكۈمدارلارنىڭ تىلى بىلەن دىلى بىردەك بولۇشىنى، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشىنى، خۇلق ـ مىجەزى ياخشى، مېھرىبان، كۆيۈمچان بولۇشتەك ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتكە ئىگە بولۇشىنى، شۇنداق قىلغاندىلا، دۆلەت ۋە خەلققە بەخت ـ سائادەت ياغدۇرغانلىقى، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىق، غاپىللىق، يالغانچىلىقنىڭ ھۆكۈمرانلارغا پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئالاھىدە توختالغان. ماكياۋىللى بولسا، ۋەدىسىدە تۇرۇش، ۋاپادارلىق، سېخىيلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، مېھرىبانلىق قاتارلىق خىسلەتلەرنىڭ بىر ھۆكۈمدار ئۈچۈن ئانچە مۇھىم ئەمەسلىكىنى، ۋەدىسىدە تۇرىدىغان، ئەخلاقىي مىزانغا رىئايە قىلىدىغان ھۆكۈمدارلارنىڭ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدىغانلىقىنى، ئەمما، ھۆكۈمدارلار خەلققە ئۆزىنى ئەشۇ خىسلەتلەرنىڭ ئىگىسىدەك كۆرسىتىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئىككىنچى، ھۆكۈمدارلارنىڭ پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشى توغرىسىدىكى ئىدىيەسى ئوخشىمايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرا ئەسىردە پادىشاھ، ۋەزىر ۋە باشقا ئورۇندا خادىملىرىنىڭ ئاچ كۆز، خىيانەتچى بولماسلىقىنى، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشىنى، ھەر ۋاقىت خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ماكياۋىللى بولسا ھۆكۈمدارلارنىڭ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىماسلىقىنى،ھەرقانداق ئىشتا پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشنىڭ ھاجىتى يوقلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

ئۈچىنچى، ئىككى مۇتەپەككۇر ياشىغان دەۋر ۋە ئۇلار ۋەكىللىك قىلىدىغان سىنىپى قاتلام ئوخشىمايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلار خانىدانلىقى خىلمۇخىل زىددىيەتلەرگە دۇچ كەلگەن ئوتتۇرا ئەسىردە شەرق مەدەنىيەت مۇھىتىدا ياشايدۇ. ئالىمنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى توغرىسىدىكى ئىدىيەسىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئالىم ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىق تۈزۈم ئاساسىدىكى قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەمنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، دەۋردىن ھالقىغان ئىلغار قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ماكياۋىللى ياۋروپادا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتى يۇقىرى پەللىگە يەتكەن، خىرىستىيان دىنىنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەت مۇھىتىدا ياشاپ، كۈچلۈك پادىشاھلىق تۈزۈم ئارقىلىق ئىتالىيەنىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇرژۇئازىيەنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. (تۇرسۇن توختى ماقالىسى، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2010 ـ يىللىق 1 ـ سانى ،33 ـ بەت).

دېمەك، قويۇق ئىسلام دىنى مۇھىتىدا ياشىغان ۋە ئىسلام مەدرىسە مائارىپى ئىچىدە تەربىيەلەنگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن، خىرىستىيان دىنى مۇھىتىدا ياشىغان ۋە يېڭىچە مائارىپنىڭ بىخلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغان بىر پەيتتە ياشىغان سىياسىيون ماكياۋىللىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ مۇتەپەككۇرنىڭ دۆلەت، خەلقنى باشقۇرۇش جەھەتتە ئەنە شۇنداق پەرقلىق ئىدىيەۋى قارىشى بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە، ئەينى زامان شارائىتىغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا قايسىسىنىڭ ئىلغار، قايسىسىنىڭ ئويلىنىشقا تېگىشلىك تەرەپلىرى بار، بۇنى بۇ يەردە مەن مۇھاكىمە قىلىپ يۈرمەيمەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوقۇرمەنلەر ئۆزلىرى باھالاپ چىقىپ ئىلمىي قارىيالايدۇ، دەپ قارايمەن.

18 ـ ئەسىردە،تارىم بوستانلىقىنىڭ غەربىدىكى ياركەنت مەدرىسەلىرىدە ئوقۇپ، قويۇق ئىسلام دىنى ئىدىيەسى بىلەن تەربىيەلەنگەن شائىر مۇھەممەد سىددىق زەلىلى ئۆزىنىڭ يۇرتىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ۋەقەگە يېتەكچىلىك قىلغان ئۇلۇغ ھۆكۈمدار سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مازىرىنى مەككە مۇكەررەمە بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغان.مەسىلەن،

«مەرھابا سۇلتان ساتۇقى بۇغراخانىم مەرھابا،
مەشھەدىڭنى مەككەئى مۇلكى ئەجەم دەرلەر رەۋا.»

كاشغەرلىك شائىر گۇمنام ، خوتەنلىك شائىر نەۋبەتى، ياركەنتلىك شائىر مەشھۇرى قاتارلىقلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىنى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ مۇقەددەس جاي دەپ تەسۋىرلەپ، ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ ئاجايىپ ئوتلۇق مىسرالارنى يېزىپ قالدۇرغان.

بۇ مىسرالارنى زامانداش ياۋروپا ئەدىبلىرىنىڭ چىركاۋنى، ۋاتىكاننى مەنستمەي يازغان شېئىرلىرىنى تېپىپ سېلىشتۇرما قىلىدىغان بولساق، رېئال دۇنياغا، مۇھەببەتكە نىسبەتەن ئىدىيەۋى قاراشلارنىڭ پەرقىنى ئېنىقلىۋالغىلى بولىدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام دىنى ئىدېئولوگىيەسى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان، ئەنئەنىۋى مەدرىسە مائارىپى ئاساس قىلىنىدىغان، ئاتالمىش «جاھالەت» تۇمانلىرى ئىجتىمائىي مۇھىتنى قويۇق ھالدا قاپلىۋالغان، بۇرۇقتۇملۇق كەيپىيات يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇۋاتقان بىر قاباھەتلىك زاماندا، «ئادەمشۇناس»لىق پىرىنىڭ ۋەكىللىرى ھېسابلىنىدىغان بىر تۈركۈم ئەدىبلەر جاراڭلىق، ئىسيانكارانە ئىدىيەگە، رېئالىزملىق، گۇمانىزملىق روھقا ئىگە بولغان شېئىرلارنى يېزىپ، رېئاللىققا يېقىندىن ياندىشىپ، جەمئىيەتنىڭ يۈزلىنىشىگە تەمكىنلىك بىلەن ھەمدەمدە بولۇپ، ئاۋامنىڭ ئىدىيەۋى خاھىشىغا ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلىپ كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەدەبىياتنى قورال قىلىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ روھىي قىياپىتىنى مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ ئىدىيەۋى قارىشى قىسمەنلىك جەھەتتىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دۇنياۋى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، زاماندىشلىرىنىڭ ئىدىيەۋى قارىشىدىن تۆۋەن دەپ قاراش ئادىللىق بولمىسا كېرەك.

تۆۋەندە«يېڭى مائارىپ تۈزۈمى» يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان غەربىي ياۋروپانىڭ تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى بىر ھادىسىنىڭ سېلىشتۇرمىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.«پەن-تېخنىكىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى جېك جىيۇەن ئەنگلىيەنىڭ «كۆمۈر بىلەن تۆمۈر تاۋلاش دەۋرىگە كىرىشى» ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «پار ماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى سانائەت ئىنقىلابىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. ئۇ باشقا ساھەلەرنىڭ پەن-تېخنىكا ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرگەن، كۆمۈر بىلەن تۆمۈر تاۋلاش ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان، ئەنگلىيە ئەڭ دەسلەپ ياغاچ كۆمۈرى بىلەن تۆمۈر تاۋلىغان، كېيىنچە، ياغاچ كەملىك قىلىشقا باشلىغان، 18-ئەسىرگە كەلگەندە،ئىشلەپچىقىرىشتا تۇرغۇنلۇق ھالەت كېلىپ چىققان. بىراق، شۋېتسىيە بىلەن رۇسىيەنىڭ مول ئورمان بايلىقى ئاساسى بولغاچقا، تۆمۈر تاۋلاش قولايلىق راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىپ، تۆمۈر ئېكسپورتىنى ئاساس قىلغان. شۋېتسىيە تۆمۈر بىلەن، رۇسىيە چويۇن بىلەن ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنى تەمىنلىگەن. ئەنگلىيە تۆمۈر ئېكسپورت قىلىدىغان دۆلەتتىن تۆمۈر ئىمپورت قىلىدىغان دۆلەتكە ئايلىنىپ قالغان، تۆمۈر ئىمپورتىغا تايىنىش بارغانسېرى گەۋدىلىنىشكە باشلىغان، ياغاچ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئەنگلىيە كوكس بىلەن تۆمۈر تاۋلاشتەك يېڭى تېخنىكىنى كەشىپ قىلغان...1784-يىلى ھىنرى كات ئارىلاشتۇرۇپ تاۋلاش ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلىپ، كوكس بىلەن تۆمۈر ۋە پولات تاۋلىغان، شۇنىڭدىن كېيىن تۆمۈر بىلەن پولاتنىڭ مىقدارى ئاشقان...» (شۇ كىتاب،167-بەت، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى،1987-يىلى نەشرى). ئۇنداقتا، شىنجاڭنىڭ تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسى قانداق ئىدى. ئېلىمىزنىڭ شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيە 386 — 534 - يىللار) دە ئۆتكەن تارىخچى لى داۋيۈەن «سۇ - ئېقىنلار تەزكىرىسى. دەريالارغا ئىزاھات » ناملىق كىتابىدا «ساكيامۇنى جەمەتىدىكىلەرنىڭ غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دېگەن كىتابتىن نەقىل ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «كۇسەننىڭ شىمالىغا 200 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا بىر تاغ بولۇپ، ئۇ يەردە كېچىلىرى ئوت ئۇچقۇنلىرى يالقۇنجاپ، كېچە - كۈندۈز ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىكەن. كىشىلەر بۇ تاغدىن تاشكۆمۈر قېزىپ، ئۇنىڭ بىلەن تۆمۈر تاۋلاپ 36 خانلىقنى تولۇق تەمىنلەيدىكەن» دېيىلگەن. «جۇڭگونىڭ قەدىمكى كۆمۈر ئېچىش تارىخى ناملىق كىتابتا، ئەمەلىيەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ (تاش)كۆمۈر بىلەن تۆمۈر تاۋلىغانلىقىغا دائىر ئەڭ بۇرۇنقى خاتىرە دەل يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كىتابتىكى خاتىرە شۇ دەپ كۆرسىتىلگەن. (شۇ كىتاب، «جۇڭگونىڭ قەدىمكى كۆمۈر ئېچىش تارىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەييارلىنىپ، كۆمۈر سانائىتى نەشرىياتى تەرىپىدىن بېيجىڭدا 1986-يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان). بۇ مەزمۇنلار ئىلىم ئەھلىنى ئويلاندۇرماي قالمايدۇ.

يېقىنقى زامان مەدەنىيىتى، جۇملىدىن مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئۇنىۋېرسال تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي قوللىنىشچانلىق خۇسۇسىيىتى جەھەتتىن غەرب ئەللىرىنىڭ باسقان قەدىمى تېزراق ۋە كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولغانلىقى ئەمەلىيەت. بۇنى زامان ۋە ماكان قاتارلىق بىر قاتار پەلسەپىۋى كاتېگورىيەلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ، جاۋابقا ئېرىشكىلى بولىدۇ. مەلۇمكى، زامان ۋە ماكان ماددىي مەۋجۇدىيەتنىڭ تۈپ شەكلى. ف.ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «...بارلىق مەۋجۇدىيەتنىڭ تۈپ شەكلى ماكان بىلەن زامان؛ زاماندىن تاشقىرى مەۋجۇدىيەتمۇ، ماكاندىن تاشقىرى مەۋجۇدىيەتمۇ ئوخشاشلا ئىنتايىن بىمەنە ئىش.» («ديۇرىڭغا قارشى»،1972-يىلى، مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى،91-بەت). ماكان بىلەن زامان ماددىدىن ۋە ماددىي جەرياندىن ئايرىلغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، ماددىدىن تاشقىرى ماكانمۇ، زامانمۇ قۇرۇق ئابستراكتسىيەدىنلا ئىبارەت، خالاس. دېمەك،

ماتېرىيالىزملىق قاراش بويىچە ئېيتقاندا، «ماكان بىلەن زامان بىزنىڭ ئېڭىمىزنىڭ سىرتىدا، ئېڭىمىزغا باغلىق بولمىغان ھالدا ئوبيېكتىپ رەۋىشتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بىزنىڭ بىلىشىمىز بولسا،ئوبيېكتىپ ماكان بىلەن زامانغا كۈندىن ـ كۈنگە لايىقلىشىپ بارىدۇ. ئۇلارنى كۈندىن ـ كۈنگە توغرا ھەم چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرىدۇ». («ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1972 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى،332 ـ بەت). بۇنىڭدىن شۇنداق بىر تەھلىلىي خۇلاسىغا كېلەلەيمىزكى، «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى» پۈتۈنلەي غەربتىن، تاتار جەدىتچىلىك ھەرىكىتىدىن كەلگەن دېيىش، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مائارىپچىلىق ئەنئەنىسىنىڭ ئېسىل مەزمۇنىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغانلىق بىلەن باراۋەر. «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى» نىڭ ئىلمىي، توغرا تەرىپى مۇنداق بولۇشى كېرەك: ئۇنىڭ ماھىيىتى يەنىلا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە خېمىرتۇرۇچ ھالىتىدە ساقلانغان. ھادىسە جەھەتتىن بولسا، سىرتنىڭ، غەربنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. نېگىزلىك پەرق قەيەردە دېيىلسە، ئۇنى پەقەت زامان ۋە ماكان، مۇقەررەرلىك ۋە تاسادىپىيلىق، چەكلىكلىك ۋە چەكسىزلىك قاتارلىق پەلسەپىۋى كاتېگورىيەلەر ئارقىلىق تېخىمۇ ئېنىق بولغان جاۋابقا ئېرىشتۈرۈشىمىزدە.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى قاچاندىن باشلانغان» ناملىق ماقالىدە يالقۇن روزى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ھەرىكىتىنىڭ باشلانغان ۋاقتى ۋە سەۋەبىنى ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يورۇتقان. مەن بۇنى تارىخشۇناسلىق، ئىلمىيلىك ۋە ئومۇمىيلىق جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈرىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى دەلىللەش باھانىسىدا دەۋەلغان بەزى ئارتۇقچە زورۇقۇشلىرىغا، مەمەدانلىق بىلەن ئېيتىلغان پىكىرلىرىگە تەتقىدىي پىكىر بېرىش يوللۇق، ئۇنىڭغا تولۇقلىما قىلىش ئورۇنلۇق دەپ قارايمەن ھەم ئۆز قارىشىمنى يۇقىرىقىدەك ئوتتۇرىغا قويىمەن.

## نەقىل مەنبەلىرى ۋە ئىزاھلار

[1] ف.ئېنگېلس «ديۈرىڭغا قارشى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1972 ـ يىلى ئۇيغۇر كونا يېزىق نەشرى 44 ـ بەتكە قارالسۇن.

[2] بۇ توپلام ئىكساق باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 ۋە 110 يىللىقىنى خاتىرىلەش تەييارلىق قىلىش ئىشخانىسى تەرىپىدىن، 1985 ـ يىلى، 1995 ـ يىلى ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا تۈزۈلۈپ، ئىككى قېتىم بېسىلغان. ئىككىنچى قېتىمدا بولسا تولۇقلاپ، يوغىنىتىلىپ بېسىلغان.

[3] ئاپتورى غەيرەت سەلەي، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىنىڭ 1991 ـ يىلى 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

[4] «قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ 1 ـ قىسمى 170 ـ بەتكە قارالسۇن.

[5] بۇ كىتاب دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى يېتەكچىلىكىدە تەييارلىنىپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1989 ـ يىلى خەنزۇچە، 1990 ـ يىلى ئۇيغۇرچە، 2009 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تۈزىتىلگەن نۇسخىسى نەشر قىلىنغان

[6] بۇ كىتاب 1992 ـ يىلى 12 ـ ئايدا خەنزۇچە ۋە 1993 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۇيغۇرچە بېسىلغان، ئۇنى قەشقەر ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتى تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات گۇرۇپپىسى تەييارلىغان.

[7] ئاپتورى ئىبراھىم نىياز، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1989 ـ يىلى 3 ـ سان 74 ـ، 75 ـ بەتلىرىگە قارالسۇن.

[8]بۇ كىتابنى نۇرمۇھەممەد زامان يازغان بولۇپ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدىن 1995 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. بۇ خىل مەزمۇن شۇ كىتابنىڭ 34 ـ بېتىدە تىلغا ئېلىنغان.

[9]تۆمۈر داۋامەت مەسئۇللىقىدا يېزىلغان، مىللەتلەر نەشرىياتى 1999 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، شۇ كىتاب، غەربىي شىمال قىسمى، 243 ـ بەتكە قارالسۇن.

[10] چېن شىڭيۈەن، ماۋېنخۇا، شۆ زوڭجېن قاتارلىقلار يازغان، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپ تارىخى»نى يېزىش ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپ تارىخى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلۈپ، گۇاڭدۇڭ مائارىپ نەشرىياتى، يۈننەن مائارىپ نەشرىياتى، گۇاڭشى مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن 1998 ـ يىلى 12 ـ ئايدا خەنزۇچە نەشر قىلىنغان، شۇ كىتاب 1 ـ توم 235 ـ بەتكە قارالسۇن.

[11] «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» 4 ـ سان، 1980 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا بېسىلغان.

[12] «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 39 ـ سان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995 ـ يىلى نەشرى

[13] بۇ ماقالە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ 1997 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان

[14] بۇ نۇقتىغا باشقىلارمۇ دىققەت قىلغان. مەسىلەن، ي.ياسىنىنىڭ «تىجەندە يېڭى مائارىپنىڭ بارلىققا كېلىشى» ناملىق ماقالىسىنى بۇنىڭغا مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ماقالە «تىجەندىكى مەرىپەت ئىزلىرى» ناملىق كىتابقا كىرگۈزۈلۈپ، 2007 ـ يىلى ئاتۇش شەھىرى ئازاق يېزا تىجەن باشلانغۇچ مەكتەپ تەرىپىدىن بېسىلىپ چىققان.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى.




# ھامۇت ئەھەدى: مىللىي خاسلىق — جۇڭگو بالېتىنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشىدىكى ئاچقۇچ

تەھرىر ئىلاۋىسى: ھامۇت ئەھەدى، ئۇيغۇر، 1946-يىلى قومۇلدا زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئالتە يېشىدا يەنى 1952-يىلى دادىسى مەھمۇت ئەھەدى، ئاپىسى زەينەپخان ھوشۇرلار بىلەن شائخەيگە بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى شائخەيدە ئوقۇغان. 1965-يىلى شائخەي مۇزىكا ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن ۋە ئاتاقلىق ناخشىچى ۋېن كېجيېڭ، جوۋ شاۋيەنلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. 1970-يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ، نەنجىڭ ھەربىي رايونىنىڭ فرونت ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىدە ۋە بېيجىڭ تۆمۈر يول ئىدارىسى سەنئەت ئۆمىكىدە ناخشىچى، دىراما ئارتىسى بولغان، 1984-يىلى 12-ئايدا شائخەي شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، ئۇسسۇل - مۇزىكا باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. بۇ مەزگىلدە شائخەي شەھرىگە ۋاكالىتەن كۆپ قېتىم ئۆمەك تەشكىللەپ، مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل مۇسابىقىلىرىگە قاتناشقان. «شائخەيدە باھار» ناملىق كونسېرت كېچىلىكىنى ئۇدا بىر قانچە يىل تەشكىللىگەن، ھەمدە «1987-يىللىق شائخەي خەلقئارا سەنئەت بايرىمى»نى تەشكىللەش ۋە لايىھەلەشكە قاتناشقان. 1988-يىلى شائخەي بالېت ئۆمىكىگە باشلىق بولغاندىن كېيىن، مىللىي بالېت تىياتىرى «ئاق چاچلىق قىز»، كىلاسسىك بالېت تىياتىرى «ئاق قۇ كۆلى»، «دونكىخوت»، «گىسسېل» قاتارلىقلارنى سەھنىگە ئېلىپ چىققان ھەمدە بالېت ئۆمىكىنى باشلاپ، كانادا، يېڭى زېلاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە زىيارەتتە بولغان. 1993-يىلى 10-ئايدا يەنە شائخەي شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ، ئۇسسۇل - مۇزىكا باشقارمىسىغا باشلىق بولغان. بۇ جەرياندا «شائخەي سەنئەت بايرىمى»، «شائخەي خەلقئارا سەنئەت بايرىمى»، «تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو شائخەي خەلقئارا سەنئەت بايرىمى»، «شائخەي ئۇسسۇل - مۇزىكا ئېيى»، «ھەپتە ئاخىرىدىكى خالىسانە مۇزىكا كېچىلىكى» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى تەشكىللەش ۋە لايىھەلەشكە قاتناشقان. «ئايدا»، «چوغلۇق قىز»، «فائۇست»،

تەرجىمە كۆزنىكى

*«سەرگەردان گوللاندىيەلىكلەر»، «رومىيو ۋە جۇلىيتتا»، «كارمېن» قاتارلىق تىياتىرلارنىڭ شائخەي تىياتىر ئۆمىكى، شائخەي سىمفونىيە ئۆمىكى، ئىتالىيەنىڭ فىلورېنسا تىياتىر ئۆمىكى، فىرانسىيەنىڭ مارسېل تىياتىر ئۆمىكى، گېرمانىيەنىڭ رېيىن تىياتىر ئۆمىكى ۋە ئەنگلىيەنىڭ خان جەمەتى تىياتىر ئۆمىكى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھەمكارلىقىدا شائخەيدە ئوينىلىشىنى تەشكىللەش ۋە لايىھەلەشكە قاتناشقان. ھامۇت ئەھەدى 2000 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شائخەي بالېت ئۆمىكىگە قايتا يۆتكىلىپ كەلگەندىن تاكى ھازىرغىچە ئۆمەك باشلىقى بولۇپ ئىشلىمەكتە.*

*ھامۇت ئەھەدى شائخەينىڭ بالېتنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشكە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان تالانتلىق سەنئەتكار ۋە قابىل رەھبەر. ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى جۇڭگونىڭ دۇنياغا تەسىر كۆرسەتكەن پۇلدار، ئەقىلدار شەخسلىرى تونۇشتۇرۇلىدىغان «جۇڭگولۇقلارنىڭ دۇنياسى» دېگەن ژۇرنالدا، شۇنىڭدەك شائخەي، خېنەن قاتارلىق جايلاردىكى گېزىتلەردە كۆپ قېتىم تونۇشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە تېخى دېگەندەك تونۇش ئەمەس. ژۇرنىلىمىزنىڭ 2011 ـ يىللىق 1 ـ سان مۇقاۋا 2 ـ بەتكە ئۇنىڭ سۈرىتى ۋە قىسقىچە نەتىجە ئۇچۇرىنى بەرگەندىن كېيىن نۇرغۇنلىغان ئوقۇرمەنلەردىن تېلېفون كېلىپ مەزكۇر تۆھپىكارنىڭ تەپسىلىي تەرجىمھالى بىلەن تونۇشۇشنى تەلەپ قىلدى. ئوقۇرمەنلىرىمىزنى شائخەيدەك بىر چوڭ شەھەردە تۆھپە يارىتىۋاتقان بۇ ئەزىمەتنىڭ ئۇتۇقلىرىدىن ئاز ـ تولا خەۋەردار قىلىش نىيىتىدە، ھامۇت ئەھەدى تونۇشتۇرۇلغان زىيارەت خاتىرىلىرىدىن بىرنى تەرجىمە قىلىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سۇندۇق.*

شائخەي بالېت ئۆمىكىنىڭ مەشىق زالى، بىر توپ قىز ـ يىگىتلەر پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا دەسسىشىپ بالېت ئويناۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ يېنىك ھەم نەپىس ئۇسسۇللىرى ماركوپولونىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدىكى ئېچىنىشلىق، ئەمما رومانتىك ھەم گۈزەل بىر مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسىنى قايتا نامايان قىلىۋاتاتتى. يېقىملىق مۇزىكا بىزگە يۇەن خاندانلىقىنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

مەشىق زالىنىڭ سىرتىدا قىرانىغا يەتكەن، ساغلام بىر كىشى ئۇلارغا مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. بۇ كىشى بالېتقا ئالاھىدە ئىشتىياق باغلىغان بىر زات، يەنى شائخەي بالېت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ھامۇت ئەھەدى ئىدى. قىشنىڭ مۇشۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مۇخبىرىمىز ھامۇت ئەپەندىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ مۇھەببەت رىشتىسىنى شائخەي بالېت ئۆمىكىگە نېمە سەۋەبتىن چىڭ باغلىغانلىقىنى ئۇققان ئىدى.

## «يېگانە گۈل» دىن «ھەممە گۈللىرى تەكشى ئېچىلغان» گۈلزارغىچە

ئەينى ۋاقىتتا شائخەي بالېت ئۆمىكىنىڭ يېگانە گۈلى ـ «ئاق چاچلىق قىز»دىن باشقا تىياتىر يوق ئىدى. نۆۋەت بىلەن ئوينىلىدىغان كلاسسىك تىياتىرلىرىدىن توققۇزى بار بولدى. بۇ جەرياندا شائخەي بالېت ئۆمىكى خەلقئاراغا ماسلىشىشنىڭ يېڭى يولىنى ئىزدىشىپ بەرپا قىلغان ئىدى. بولۇپمۇ يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان، «ئاۋۋال تىياتىرلارنىڭ نەشىر ھوقۇقىغا ئېرىشىش، ئاندىن ئۇنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىش» تەك خەلقئارالىق قائىدە بويىچە ئىش كۆرۈپ، دۇنياۋى سەۋىيەدىكى سېنارىستلار ۋە رېژىسسورلار بىلەن ھەمكارلاشتى ھەم نۇرغۇن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

مۇخبىر: شائخەي بالېت ئۆمىكى 30 يىللىق شانلىق مۇساپىنى بېسىپتۇ. سىز بالېت ئۆمىكىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى يىغىنچاقلاپ سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز.

ھامۇت ئەھەدى: بولىدۇ، 1979 ـ يىلدىن بۈگۈنگە قەدەر شائخەي بالېت ئۆمىكى 30 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى، بۇ 30 يىللىق مۇساپىنى ئۈچ باسقۇچقا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بىرىنچىسى، «ئاق چاچلىق قىز» قاتارلىق ئاددىيراق تىياتىرلارنى ئورۇنلاش باسقۇچى؛ ئىككىنچىسى، چەت ئەل تىياتىرلىرىنىڭ نەشىر ھوقۇقى ۋە ئورۇنلاش ئىجازىتىگە ئېرىشىش ھەمدە چەت ئەل تىياتىرلىرىنى تاللاپ كىرگۈزۈش باسقۇچى. يەنى 1996 ـ يىلدىن ئېتىبارەن، ئۆمىكىمىز ياپونىيەنىڭ سوڭشەن بالېت ئۆمىكى تەييارلىغان «شاپتۇل قىسقۇچ» ناملىق تىياتىرنى ئويناش ئىجازىتىگە ئېرىشتى، 2001 ـ يىلى ئۆمىكىمىز «ئاق قۇ كۆلى»نىڭ ئەنگلىيە نۇسخىسىنى كىرگۈزۈپ، خەلقئارا بىلەن بىردەكلىشىشكە باشلىدى؛ ئۈچىنچىسى، ئۆزىمىزگە خاس ۋەكىللىك ئەسەرلەرنى يارىتىش باسقۇچى، يەنى «لياڭ شەنبو ۋە جۇ يىڭتەي»نى سېنارىيەلەشتۈرگەندىن ئېتىبارەن ئۆمىكىمىز مۇستەقىل ئىجادىيەت يولىغا مېڭىپ، چەت ئەللەرنىڭ تىياتىرلىرىنى كىرگۈزۈش بىلەن بىللە، ئۆزىگە خاس ۋەكىللىك ئەسەرلەرنى يارىتىشقا باشلىدى.

مۇخبىر: ئەينى ۋاقىتتا «ئاق چاچلىق قىز» دىن ئىبارەت «يېگانە گۈل»ى بار بۇ ئۆمەك بۈگۈنكى كۈندە ھەممە گۈللىرى تەكشى ئېچىلغان گۈلزارغا ئايلىنىپتۇ. بۇ جەرياندا خەلقئاراغا ماسلىشىشنىڭ يېڭى يولىنى قانداق بەرپا قىلغان ئىدى؟

ھامۇت ئەھەدى: شائخەي بالېت ئۆمىكىنىڭ يېڭىلىق يارىتىشى 1998 ـ يىلدىن باشلانغان. بۇ چاغدا شائخەي تىياتىرخانىسى ئەمدىلا پۈتكەن بولۇپ، شائخەي بالېت ئۆمىكى «ئاق قۇ كۆلى» ناملىق تىياتىرنى ئويناشقا تەكلىپ قىلىنغان ئىدى. بىراق، شائخەي بالېت ئۆمىكى «ئاق قۇ كۆلى»نى رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ

بىرەسىمى نۇسخىلىرىغا ئاساسەن رېپېتىتسىيە قىلىپ كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۆمەكنىڭ ئارتىسلىرى كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن، تىياتىرخانا ئاخىرى شاڭخەي بالېت ئۆمىكىدىن ۋاز كېچىپ، «ئاق قۇ كۆلى»نى جۇڭگو بالېت ئۆمىكىنىڭ ئورۇنلىشىغا تاپشۇرغان ئىدى. بۇ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز كاچاتلىغاندەك بىر ئىش بولغان ئىدى. 2001 ـ يىلى شاڭخەي بالېت ئۆمىكى 60 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىپ، ئەنگلىيە دۆلەتلىك بالېت ئۆمىكىنىڭ سەنئەت نازارەتچىسى دېرېك دېئىننى «ئاق قۇ كۆلى» نىڭ ئەنگلىيە نۇسخىسى ئاساسىدا رېژىسسورلۇق قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى، ھەممە مۇشۇ نۇسخا بويىچە 3 يىلدا 50 مەيدان ئويۇن قويۇش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. شۇنداق قىلىپ، «ئاق قۇ كۆلى» غەرب كىلاسسىك تىياتىرلىرى ئىچىدە خەلقئارالىق قائىدە بويىچە مەبلەغ سېلىپ كىرگۈزۈلگەن تۇنجى ئەسەر بولۇپ قالدى. شۇندىن كېيىن، غەربنىڭ تىياتىرلىرىنى خەلقئارالىق قائىدە بويىچە كىرگۈزۈش ئۇدۇم بولۇپ قالدى. 2002 ـ يىلى «كوپپېلىيا» ۋە «پەرى» نىڭ فىرانسىيە نۇسخىسىنى، 2004 ـ يىلى «رومېيو ۋە جۇلىئەتتا»نىڭ ئەنگلىيە نۇسخىسىنى، 2005 ـ ۋە 2007 ـ يىللىرى ۋاللانكىننىڭ يېڭى كىلاسسىزملىق بالېت تىياتىرى «سېرېنادا»، «چوڭ ۋالىس» قاتارلىقلارنى كىرگۈزدى.

مۇخبىر: شاڭخەي بالېت ئۆمىكى ھازىر تىياتىرلارنىڭ مەزمۇنىنى ۋە ئورۇنلاش ماھارىتىنى خەلقئاراغا پائال ماسلاشتۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش يولىدا ئاكتىپ ئىزدىنىش بىلەنلا قالماي، يەنە فىرانسىيەنىڭ « پېررو كادېن» دېگەن داڭلىق ماركىسىنى ياراتقان شىركەت بىلەن ھەمكارلىشىپتۇ. بۇ ھەمكارلىقنىڭ قانداق يوسۇندا بولغانلىقىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ بېرەمسىز؟

ھامۇت ئەھەدى: 2008 ـ يىلى شاڭخەي بالېت ئۆمىكى فىرانسىيەنىڭ «پېرروكادېن» دېگەن داڭلىق ماركىسىنى ياراتقان شىركەت بىلەن ھەمكارلىشىپ، تىياتىر ئىجادىيىتى ۋە تىياتىر بازىرىنى ئېچىش جەھەتلەردە زور ئىلگىرىلىدى، بۇنىڭ بىلەن، ئاۋۋال تىياتىرنى ئىشلەش، ئاندىن ئۇنى بازارغا سېلىشتەك كونا قېلىپ تەلتۆكۈس بۇزۇپ تاشلىنىپ، تىياتىر بولۇشتىن بۇرۇنلا ھەمكارلاشقىدىغان شىركەتلەرنى ئىزدەيدىغان بولدۇق. نەتىجىدە، تىياتىر ساھەسىدىكى كۆپ مەنبەلىك سودا ھەمكارلىقنى ئىشقا ئاشۇردۇق. ئالايلۇق، بىز ھازىر رېپېتىتسىيە قىلىۋاتقان «ماركوپولونىڭ ئاخىرقى بۇرچى» دېگەن تىياتىر ئەنە شۇ «پېرروكادېن» بىلەن بولغان ياخشى ھەمكارلىقىمىزنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ تىياتىرنىڭ ئىجاد قىلىنىشىنى «خەلقئارالاشقان» دېيىشكە بولىدۇ، يەنى ئۇنىڭ رېژىسسورى فىرانسىيە پارىژ تىياتىرىنىڭ چولپان ئارتىسى ھەم داڭلىق ئۇسسۇل لايىھەلىگۈچىسى، ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەك ۋە ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى لايىھەلەشكە «پېررو كادېن» يېتەكچىلىك قىلغان، ئۇنىڭ مۇزىكىسىنى كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن كومپوزىتور دەنىئول ۋولكدانگون ئىشلىگەن. مانا بۇ بىزنىڭ بالېت تىياتىرى ساھەسىدىكى يېڭى بۆسۈشلىرىمىزنىڭ بىرى.

## «جۇڭگونىڭ خاسلىقى» ئەڭ زور رىقابەت كۈچىگە ئىگە

بالېت سەنئىتى غەربنىڭ ئىجادىيىتى، نۇرغۇنلىغان كىلاسسىك تىياتىرلارمۇ غەرب ئەللىرىدىن كەلگەن. شۇڭا مەملىكىتىمىزدە ئىشلەنگەن «ئاق چاچلىق قىز»غا ئوخشاش نۇرغۇن تىياتىرلار گەرچە كىلاسسىك ئەسەرگە ئايلىنىپ، نەچچە مىڭ قېتىم ئوينالغان بولسىمۇ، «ئەجنەبىيچە باليتلار»نىڭ رىقابىتىگە زادىلا تاقابىل تۇرالماي كەلدى. شاڭخەي باليت ئۆمىكى ئەسلىدە «ئاق چاچلىق قىز» ناملىق مىللىي باليت تىياتىرى گۇرۇپپىسى» بولۇپ، 1979 ـ يىلى شاڭخەي باليت ئۆمىكى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. شاڭخەي باليت ئۆمىكى ئۆزىنىڭ كىلاسسىك تىياتىرلىرىنىڭ بولۇشىنى، «ئاق چاچلىق قىز»غا ئوخشاش كىلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشىنى ئارزۇ قىلىپ كەلدى.

مۇخبىر: «ئاق چاچلىق قىز» شاڭخەي باليت ئۆمىكىنىڭ غوللۇق ئەسىرى، ئۇ سانسىزلىغان كىشىلەرنى تەسىرلەندۈرگەن ۋە ھاياجانغا سالغان، شۇنداقلا نەچچە ئەۋلاد جۇڭگولۇق بىلەن تەڭ ئۆسۈپ يېتىلگەن. بۇ ھازىرمۇ شاڭخەي باليت ئۆمىكىنىڭ كۆزىر تىياتىرى، ھەر قېتىم ئوينالغاندا ئۇنىڭ تاماشىبىنلىرى زاللارغا سىغماي قالىدۇ. سىزنىڭچە بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ھامۇت ئەھەدى: «ئاق چاچلىق قىز» 40 يىللىق مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتتى، شاڭخەي باليت ئۆمىكى 1979 ـ يىلى «ئاق چاچلىق قىز» نامىدىكى مىللىي باليت تىياتىر گۇرۇپپىسى» ئاساسىدا قۇرۇلغاندىن بۈگۈنگە قەدەر ئۇنى 2000 مەيداندىن كۆپرەك ئورۇنلىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «ئاق چاچلىق قىز» مەملىكىتىمىزدە ھازىرغىچە ئەڭ كۆپ ئوينالغان تىياتىر.

بۇ ئەسەرنىڭ كىلاسسىك تىياتىر دېيىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇنىڭدا چەت ئەل باليتنىڭ بىرمۇنچە ئېلېمېنتلىرى بولۇش بىلەن بىللە، خەلق ئارىسىدىكى نۇرغۇن مىللىيچە ئۇسسۇللارنىڭ، ئەنئەنىۋى ئەلنەغمە ـ تىياتىرلارنىڭ ھەممە جانبازلىق ماھارىتىنىڭ بىرمۇنچە دېتاللىرىمۇ بار، شۇنداقلا، رېئالىزم بىلەن رومانتىزم ناھايىتى ياخشى بىرلەشتۈرۈلگەن. ئالايلۇق، ئۇنىڭ مۇزىكىسىدا «چىقىدۇ شىمالدىن غۇر ـ غۇر شاماللار»، «قىزىل لېنتا» دېگەندەك ناخشىلارنىڭ ئاھاڭلىرى ساقلانغان، شىمالىي جۇڭگو رايونىدىكى خەلق ناخشىلىرى، خېبېي ۋە شەنشى ئۆلكىلىرىدىكى يەرلىك ناخشىلارنىڭ كۈيلىرى مۇجەسسەملەنگەن. شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ مۇزىكىسى يەللىك چالغۇلار، كامانچىلىق چالغۇلار ۋە

مىللىي چالغۇلارنىڭ كىرىشتۈرۈلۈشى بىلەن ئورۇنلانغان، نەتىجىدە، پۈتكۈل تىياتىر روشەن مىللىي ئۇسلۇبقا ۋە قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە قىلىنىپ، كەڭ تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلغان.

مۇخبىر: سىز جۇڭگونىڭ خاسلىقى ئەڭ زور رىقابەت كۈچىگە ئىگە دېگەننى ئىزچىل تەكىتلەپ كەپسىز. ئۇنداقتا، شائىخەي بالېت ئۆمىكى ئۆز تىياتىرلىرىدا جۇڭگونىڭ خاسلىقىنى قانداق ئىپادىلەپ كەلدى؟

هامۇت ئەھەدى: 2001 ـ يىلى بىز «لياڭ شەنبو ۋە جۇيىڭتەي»نى قايتا ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن ئىدۇق، ھازىر ئۇ «ئاق چاچلىق قىز» دىن قالسىلا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئەڭ كۆپ ئوينالغان ئىجادىي تىياتىرلاردىن بولۇپ قالدى. 2006 ـ يىلى بىز «پوكىسلىق يىللار» ناملىق تىياتىرنى ئىجاد قىلىپ ئورۇنلىدۇق. ئۇ جۇڭگو ۋە فىرانسىيەنىڭ سەنئەتكارلىرى بىرلىكتە ياراتقان چوڭ تىپتىكى زامانىۋى بالېت تىياترى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر دېتالى، سۈژىتى ھەتتا سېنارىيەسىنىمۇ شائىخەي بالېت ئۆمىكى ئىجاد قىلغان. لېكىن ئۇنى ئورۇنلايدىغان چاغدا، بىز فىرانسىيەنىڭ مۇنەۋۋەر سەنئەتكارلىرىنى يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلدۇق. بۇ تىياتىر ئورۇنلىنىشى بىلەنلا پۈتكۈل بالېت ساھەسىنى زىلزىلىگە سالدى، ئۇنىڭدىكى چامچا كىيىپ بالېت ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشلەر كىشلەرنى تاڭ قالدۇرۇپ، «ھەقىقەتەنمۇ جۇڭگوغا خاس بولۇپتۇ» دېيىشكەن ئىدى.

دەرۋەقە، ئۇسسۇلدا ئەگەر مىللىي خاسلىق بولمىسا، ئۇ ناھايىتى تېزلا كۆمۈلۈپ قالىدۇ. بىز ھازىر ئۆز ئىجادىيىتىمىزنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە، ئىجادىيىتىمىزدە مىللىي خاسلىق ۋە يەرلىك پۇراقنى ئىپادىلەشكە كۈچەۋاتىمىز. مانا مۇشۇنداق خاسلىققا ئىگە بولغان ئەسەرلا كىلاسسىك ئەسەر بولالايدۇ، شۇنىڭدەك، جۇڭگو بالېتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرەلەيدۇ. ئەگەر باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى تەقلىد قىلىپ ئويناۋەرسەك، ئۇ قانداقمۇ جۇڭگو بالېتى ھېسابلانسۇن؟

مۇخبىر: ئارتىسلارنى باشلاپ چەت ئەللەرگە ئويۇن قويغىلى بارغاندا، سىزگە ھەممىدىن چوڭقۇر تەسىر قىلغان نەرسە نېمە؟

هامۇت ئەھەدى: ماڭا ھەممىدىن چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى چەت ئەللىكلەرنىڭ جۇڭگو بالېتىنى ئېتىراپ قىلغىنى ۋە ياقتۇرغىنى بولدى.

2002 ـ يىلى 9 ـ سېنتەبىردە، «ئاق چاچلىق قىز» بىلەن فىرانسىيە نۇسخىسىدىكى كىلاسسىك بالېت تىياترى «كوپپىلىيا»نى ئامېرىكىدا سەييارە ئورۇنلىدۇق. ئۆمىكىمىزدىكى 67 كىشى ئامېرىكىنىڭ 21 ئىشتاتىدىكى 40 شەھەردە جەمئىي 46 مەيدان ئويۇن قويۇپ، 50 مىڭدىن ئارتۇق تاماشىبىننىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. «ئاق چاچلىق قىز» ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۇنجى ئورۇنلانغاندا 32 قېتىم چاۋاك چېلىندى. ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتىغا بارغاندا 2700 كىشىلىك زال ئادەمگە لىق تولدى. جۇڭگولۇقلاردىن بىرى چەت ئەللىكلەرنىڭ «ئاق چاچلىق قىز»نى شۇ قەدەر ياقتۇرغانلىقىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئەتراپتىكىلەرنى چۆچۈتۈۋېتىشتىن ئەنسىرەپ، يىغىسىنى ئاران بېسىۋالغان ئىدى.

مۇخبىر: سىزنىڭچە جۇڭگو بالېتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى نەدە؟

هامۇت ئەھەدى: مىللىي خاسلىقىمىزنى يارىتىشتا. چۈنكى، مىللىي خاسلىقىمىز بولغاندىلا ئالاھىدىلىكىمىز روشەن بولىدۇ. ئەلۋەتتە چەت ئەللىكلەرنىڭ «ئاق چاچلىق قىز» ۋە «قىزىل ئاياللار قوشۇنى»غا ئوخشاش مىللىي پۇرىقى كۈچلۈك تىياتىرلىرىمىزنى ئۆگىنەلىشى ۋە ئورۇنلىيالىشى تەس، شۇڭا جۇڭگونىڭ بالېت تىياتىرلىرىدا ئورتاق تەركىبلەرمۇ بولۇشى، بولۇپمۇ كىيىم ـ كېچەك، دېكوراتسىيە قاتارلىقلارنى ئانچە ـ مۇنچە خەلقئارالاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

«مېنىڭ كېلىشىم بالېتقا بەكلا قىزىققانلىقىمدىن بولدى»

هامۇت ئەھەدى شىنجاڭدا تۇغۇلغان ئۇيغۇر، ئۇ، ئالتە يېشىدا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن شائىخەيگە كەلگەن ۋە يۇرتىنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان چوڭ شەھەرنىڭ تۇرمۇشىنى باشلىغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا، ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەممىسى كۆزى يوغان، قاڭشارلىق، سەنئەتخۇمار بۇ ئۇيغۇر بالىسىغا بەكلا ئامراق ئىدى. ھەر قېتىملىق سىنىپ باشلىقى سايلىمىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ تەبىئىي تالانتى ۋە ئىناۋىتى بىلەن سايلىناتتى. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇ شائىخەي مۇزىكا ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، ۋېن كېجيېڭ، جوۋ شاۋيەنلەرنىڭ قولىدا تەربىيەلەندى ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سەنئەت مۇساپىسىنى باشلىدى.

مۇخبىر: سىز شائىخەي مۇزىكا ئىنستىتۇتىدا ناخشا كەسپىدە ئوقۇپتىكەنسىز، ناخشىچى بولۇشنى ئارزۇ قىلغان ئىكەنسىز. شۇنداق تۇرۇقلۇق قانداق قىلىپ بالېتقا ئىشتىياق باغلاپ قالدىڭىز؟

هامۇت ئەھەدى: دەرۋەقە، مەن ئالىي مەكتەپتە ناخشا كەسپىدە ئوقۇغان، ناخشىچى بولۇشنى بەكلا ئارزۇ قىلغان. بىراق، ئارزۇ ـ ئارمانلارنىڭ بەزىسى ئەمەلگە ئاشماي قالىدىكەن. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئاۋۋال ھەربىي سەنئەت ئۆمەكلىرىدە، ئاندىن شائىخەي شەھەرلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىدا ئىشلىدىم. بۇرۇن بالېتنى ياخشى كۆرۈپ كەتمەيتتىم، 1998 ـ يىلى رەھبەرلىك مېنى شائىخەي بالېت ئۆمىكىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىمەكچى بولدى. ئۇ چاغلاردا مەن بالېتنى چۈشەنمەيتتىم، شۇڭا بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن

چىقالارمەنمۇ دەپ ئەنسىرەپ، كۆپ ئىككىلەندىم. رەھبەرلىك ماڭا ئۈچ ئاي ئىدىيە خىزمىتى ئىشلىدى، نائىلاج ماقۇل بولدۇم. كېيىن، ئويلىمىغان يەردىن باليېتقا ئىشتىياق باغلاپ قالدىم ۋە ئۇنىڭدىن زادىلا قىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم.

مۇخبىر: ئاڭلىسام، ئايرىلىپ بالېت ئۆمىكىدىن ئايرىلىپ، شائىخەي شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىدە ئۇسسۇل - مۇزىكا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپسىز، بۇ مەزگىلدىمۇ باليېتنى رىشتىڭىزنى ئۈزمەپسىز، شۇنداقمۇ؟

ھامۇت ئەھەدى: شۇنداق، ئۆزۈم ئۆمەكتىن ئايرىلغان بولسامۇ، باليېتقا بولغان مۇھەببىتىم كۆڭلۈمنى ئۆمەككە چىڭ باغلاپ قويغان ئىدى. شۇ كۈنلەردە مەيلى مەملىكەت ئىچى ياكى سىرتىدا بولاي، بالېت تىياتىرى ئوينالسىلا، قالدۇرماي كۆرۈپ تۇردۇم.

ئۆيۈمدە بالېت تىياتىرلىرىنىڭ ئۈن - سىن ماتېرىياللىرى ناھايىتى كۆپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم يىغقان. شۇنداق دېيەلەيمەنكى، بۇ ماتېرىياللار ھەتتا شائىخەي بالېت ئۆمىكىنىڭ ئامبىرىدىكىدىنمۇ كۆپ.

مۇخبىر: شائىخەي بالېت ئۆمىكىگە قايتىپ كېلىشىڭىز باليېتقا ئالاھىدە مۇھەببەت باغلىغانلىقىڭىزدىن بولغانمۇ؟

ھامۇت ئەھەدى: بالېت ئۆمىكىگە قايتىپ كېلىشىمنىڭ سەۋەبى ئىككى: بىرى، شائىخەي شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئورگان ئىسلاھاتى قىلغاندا، رەھبەرلىك مېنى ئۆمەك باشلىقى بولۇشقا دەۋەت قىلدى؛ يەنە بىرى، ئۆزۈممۇ باليېتنى مېھرىمنى ئۈزەلمىدىم.

مېنىڭ دۆلەت مەمۇرى دېگەن سالاھىيەتتىن ۋاز كېچىپ، بالېت ئۆمىكىگە كەلگەنلىكىم نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىدى، ئائىلەممۇ بۇنىڭ ئىچىدە. باليېتقا بەك چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغانلىقىمدىن بولسا كېرەك، بالېت ئۇسسۇلىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى ماڭا شۇ قەدەر گۈزەل تۇيۇلىدۇ ۋە مېنى ھەرۋاقىت جەلپ قىلىدۇ. شۇڭا، مەن بالېت ئۆمىكىگە قايتا كەلدىم.

مۇخبىر: سىز باليېتقا شۇنچىلىك ئاشىق تۇرۇپ، قىزىڭىزغا نېمە ئۈچۈن بالېت ئۆگەتمىدىڭىز؟

ھامۇت ئەھەدى: ئۆز قىزىقىشىم بويىچە بولغاندا، قىزىمنىڭ باليېتچى بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. لېكىن، ئاتىلىق سالاھىيىتىم بىلەن، ئۇنى بالېت ئۆگىنىشكە قىستىمىدىم، چۈنكى بالېت بەك جاپالىق.

بالېت ئۆمىكىدە ئۇزاق ئىشلىدىم، باليېتچىلارنىڭ قانچىلىك جاپا تارتىدىغانلىقى ۋە تەر تۆكىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن. ئۆمەك باشلىقى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن، باليېتچى قىز - يىگىتلىرىمىزنىڭ جاپالىق ئەجرىگە ئاپىرىن! مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغىنى ئۇلارنىڭ ئۆز ماھارەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشىغا تېخىمۇ ئوبدان سەھنە ھازىرلاپ بېرىش.

زىيارەت جەريانىدا مۇخبىرىمىز ھامۇت ئەھەدى ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىدىكى ئۈستەلدە بىر باليېتچى قىزنىڭ مىس ھەيكىلىنى كۆرگەن. بۇ كىچىككىنە ھەيكەل مۇخبىرىمىزغا گويا باليېتچىلار پۈت ئۇچىدىكى نەپىس ھەرىكەتلىرى ۋە يېنىك قەدەملىرى بىلەن بالېت سەنئىتىنىڭ كارامىتىنى نامايان قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلغان. ھامۇت ئەھەدىنى مەپتۇن قىلغان نەرسىمۇ دەل مۇشۇ بولسا كېرەك.

---

ئۇۋلى ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «جۇڭگولۇقلارنىڭ دۇنياسى» ژۇرنىلىنىڭ 2010 - يىلى 3 - سانىدىن ئارسلان ئابدۇللا تەرجىمىسى.

تىلماچ: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى

## ئىنسانىيەت «مىراس» قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە نەزەر

«مىراس» قەدىمىي سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ دەسلەپكى ئۇقۇمى ئەجدادلار قالدۇرغان مال - مۈلۈك دېگەنلىكتۇر. مەزكۇر ئەنئەنىۋى مىراس پەقەت بىر خىل خۇسۇسىي ماددىي بايلىقتىنلا ئىبارەت.

19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىدىن كېيىن، «مىراس»نىڭ مەنىسىدە ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىش بولدى. بەزىلەر ئەجدادلار قالدۇرغان مۇھىم تارىخ - مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە ئاممىۋى مۈلۈكنى «مىراس» دەپ قارايدىغان بولدى. مانا بۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىدۇر. ئۇ بىر خىل ئاممىۋى، مەدەنىي بايلىق بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئورتاق سۆيۈشى، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىشىغا موھتاج.

بۇ يېڭى «مىراس» قارىشىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە پۈتۈن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر سەۋەبچى بولغان.

قەدىمدىن تارتىپ بۈگۈنگىچە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدە ئىككى قېتىم ئۆزگىرىش بولغان، بىر قېتىم بېلىقچىلىق - ئوۋچىلىق مەدەنىيىتىدىن دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىگە ئۆزگەرگەن. ئەينى چاغلاردا ئىنسانلار مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشنى بىلمەيتتى، شۇڭلاشقا بېلىقچىلىق - ئوۋچىلىق مەدەنىيىتىدىن ھېچنېمە قالمىغان ئىدى. يەنە بىر قېتىمقىسى يېقىنقى دەۋردە دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىدىن ھازىرقى زامان سانائەت مەدەنىيىتىگە ئۆزگەرگەن.

www.uyghurkitap.com

مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىش داۋامىدا، يېڭى ۋە كونا شەيئىلەرنىڭ ئالمىشىشى ئىنتايىن رەھىمسىز بولغاچقا، كىشىلەر يوقاپ كېتىۋاتقان شەيئىلەرنىڭ ئىچكى مەدەنىيەت قىممىتى ۋە مەنىۋى قىممەتنى تېزلا بايقىۋالالمايدۇ. بەزى مىراسلار مەۋسۇمنىڭ ئالمىشىشىغا ئەگىشىپ غايىب بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كىمكى مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ قىممىتىنى بالدۇرراق تونۇپ يەتسە، شۇ قىممەتلىك مىراسنى ساقلاپ قالالايدۇ. جەلپكار مول مەدەنىيەت مىراسلارغا ئىگە پارىژ ۋە رىم تارىخىي مەدەنىيەتلىرى ئەنە شۇنداق ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن قوغداپ قېلىنغان.

يېڭى «مىراس» قارىشىنى ئەڭ بۇرۇن ئىپادىلىگەن كىشى فىرانسىيەلىك يازغۇچى ھىيۇگو بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بۇزغۇچىلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلايلى»دېگەن داڭلىق ئەسىرىدە، ئەينى چاغلاردا فىرانسىيە شەھەر تارىخىنى ھە دەپ بۇزغۇچىلارنى غەزەپلىك سۆزلەر بىلەن ئەيىبلەپ، كۆكرەك كېرىپ چىقىپ فىرانسىيەنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىنى قوغدىغان ئىدى. ئۇ «مەشھۇر ئاسارئەتىقىلەرگە قارىتا قانۇن تۈزۈش كېرەك. سەنئەت ئۈچۈن، فىرانسىيەنىڭ مىللىي خاسلىقى ئۈچۈن، ەسلىنىدىغانلار ئۈچۈن، ئىنسانىيەت ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئەسەرلىرى ئۈچۈن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ كوللېكتىپ ئۇتۇقلىرى ئۈچۈن، بۇزۇۋېتىلسە ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان نەرسىلەر ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك مۇقەددەس نەرسىلەر ئۈچۈن قانۇن چىقىرىش كېرەك...» دېگەن ئىدى.

بۇ ئەسەر 1832 ـ يىلى يېزىلغان. ئۇ دەل فىرانسىيەنىڭ سانائەتلىشىشى باشلىنىۋاتقان چاغلىرى ئىدى. ئۇنىڭ مەدەنىيەتكە بولغان سەزگۈرلۈكى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى بىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ، قايىل قىلدۇرىدۇ ۋە تەسىرلەندۈرىدۇ؛ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى مۇساپىسىدىكى ئالدىن سېزەرلىك ۋە ئالغا ئىنتىلىشچانلىق بىلەن يېزىلغان بۇ ئەسەردە يېڭى «مىراس» قارىشى شۇنچىلىك ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

تارىختىن قارىغاندا، يېڭى «مىراس» قارىشىنى ئەڭ دەسلەپتە مەلۇماتلىق زاتلار قەيسەرلىك بىلەن ئىپادىلەپ كەلگەن ئىدى. مۇشۇ كىشىلەرنىڭ قەتئىي بوشاشماي تىرىشىشى ئارقىسىدا تەدرىجىي ھالدا كەڭ دائىرىدە بىردەك ئېتىراپ قىلىنغاچقا، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا دائىر قانۇن ـ نىزاملار شەكىللەنگەن. فىرانسىيەنىڭ تۇنجى «تارىخىي ئۆي ـ ئىمارەتلەر قانۇنى» يازغۇچى مېلىمېينىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا تۈزۈلگەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئەنگلىيە، ئىتالىيە، فىرانسىيە، ياپونىيە، كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ئوخشىمىغان دائىرىدىكى «مىراس» قوغداشقا دائىر قانۇنلار ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلدى.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدا، دۇنياۋىلىشىشنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ، مەدەنىيەت مىراسلىرى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ، يېڭى «مىراس» قارىشىنى كەڭ كۆلەمدە قوبۇل قىلىشقا تۈرتكە بولدى. فىرانسىيەلىك تارىخشۇناس پىيېر نورلا «فىرانسىيەنىڭ مىراسلارنى تونۇش جەريانى» دېگەن ئەسىرىدە «ئۆتۈپ كەتكەن 20 يىل مابەينىدە (20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىنى كۆرسىتىدۇ)، «مىراس»نىڭ ئۇقۇمى كېڭەيدى، ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش بولدى. كونا قاراشتا مىراس ئاتا ـ ئانىسى پەرزەنتلىرىگە قالدۇرغان مال ـ مۈلۈك دەپلا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ئىدى، يېڭى ئۇقۇمدا بولسا جەمئىيەت بىر پۈتۈن ۋارىسلىق قىلىدىغان نەرسىلەر دەپ قارىلىدىغان بولدى» دېگەن ئىدى. 1972 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى «دۇنيا مىراس ئەھدىنامىسى» ۋە «ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە تەبىئىي (ناتۇرال) مىراسلارنى قوغداش توغرىسىدىكى تەۋسىيە»نى ئېلان قىلدى. بۇ ئىنسانلارنىڭ «مىراس» قارىشى جەھەتتە ئورتاق تونۇشقا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئورتاق ھەم ئاڭلىق ھالدا «مىراس» قوغداش شۇنىڭ بىلەن باشلاندى.

ئەمما، 1972 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «دۇنيا مىراس ئەھدىنامىسى» ئاساسلىقى ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا قارىتىلغان، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى تېخى نەزەرگە ئېلىنمىغان. غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئادەتتە كۆرگىلى ھەم تۇتقىلى بولمايدۇ. ئەمما بىزنى پەرۋىش قىلىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ھايات مەدەنىيىتى بولۇپ، ھەر قايسى مىللەتنىڭ ئۆزگىچە بەلگىسى، ئۇلارنىڭ ئورتاق تونۇشى، يىقىنچانلىقى ۋە ئۇيۇشقاقلىقىنى بىۋاستە ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ھەر قايسى مىللەتنىڭ ماھىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ ھەمدە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىللىقىنى ئەڭ يارقىن نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

ياپونىيە ــ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ئەڭ ئاۋۋال دىققەت ـ ئېتىبارى بىلەن قارىغان دۆلەت. ياپونىيە ھۆكۈمىتى 1950 ـ يىلى ئېلان قىلغان «مەدەنىيەت مۈلكىنى قوغداش قانۇنى»دا «شەكىلسىز مەدەنىيەت مۈلكى» ئۇقۇمىنى تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە

قانۇن شەكلى بويىچە ئۇنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلىگەن. كورىيەلىكلەردىمۇ بۇنداق قاراش خېلى بۇرۇنلا بولغان. ئۇلار 1962- يىلىلا «مەدەنىيەت مۈلكىنى قوغداش قانۇنى»نى ئېلان قىلغان، ھەم 1967-يىلىدا جياڭلىڭ تاغزۇڭزا چاغىنىنى كورىيەنىڭ «مۇھىم شەكىلسىز مەدەنىيەت مۈلكى» قاتارىغا كىرگۈزگەن. ئۇلارنىڭ بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، قوغداشنى ئاساس قىلغان بۇ ئىلغار «مىراس» قارىشى بارا - بارا دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ بىلىشى ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، 1997- يىلىغا كەلگەندە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ - پەن - مەدەنىيەت تەشكىلاتى «ئىنسانلارنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىنى باھالاش قانۇنى»نى تۈزۈپ چىقتى، ئالتە يىلدىن كېيىن يەنە «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش توغرىسىدىكى خەلقئارا ئەھدىنامە»نى ماقۇللىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ قالغان يېرىمىنىمۇ ئۆزىنىڭ قوغداش دائىرىسىگە كىرگۈزدى.

«مىراس» مەزمۇنىنىڭ ماددىي، شەكىللىك، تۇرغۇن ھالەتتىن غەيرىي ماددىي، شەكىلسىز، مەنىۋى ئېكولوگىيە جەھەتلەرگە كېڭەيتىلىشى ھازىرقى زامان ئىنسانلىرىنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى ئىختىرا قىلىشقا بولغان تونۇشىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلاشقانلىقىنى نامايان قىلدى. ئىنسانلار غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ھەسسىلەپ قەدىرلەش ۋە قوغداش ئۈچۈن زامانىۋى مۇكەممەل بولغان «مىراس» قارىشىمۇ شەكىللەندى.

ئومۇمىي خەلقنىڭ مەدەنىيەتنى قوغداش ئېڭىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1984- يىلدىن باشلاپ فىرانسىيە مەدەنىيەت مىراسلىرى كۈنىنى تەسىس قىلدى. كېيىن مەدەنىيەت مىراسلىرى كۈنى ياۋروپادا ئومۇملاشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ياۋروپانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، چوڭ شەھەرلەردىن كىچىك بازارلارغىچە كىشىلەر تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن بۇ كۈننى رەڭگارەڭ ۋە جانلىق - تەسىرلىك ئۆتكۈزۈپ كەلمەكتە. دۇنياۋىلىشىش پەيدا قىلغان مەدەنىيەتنىڭ خۇسۇسىيەت جەھەتلەردە ئوخشىشىپ كېتىش دولقۇنىدا، مەدەنىيەت مىراسلىرى كۈنى ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەل خەلقىنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىگە بولغان پەخىرلىنىشى ۋە ئۆزىنى بىلىش ئېڭىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى.

2006-يىلدىن باشلاپ جۇڭگو ھەر يىلى 6-ئاينىڭ ئىككىنچى شەنبە كۈنىنى دۆلىتىمىزنىڭ «مەدەنىيەت مىراسلىرى كۈنى» قىلىپ بېكىتتى. بۇ كۈننىڭ بېكىتىلىشى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ۋە ئىستراتېگىيەلىك يىراقنى كۆرەرلىكىنى نامايان قىلدى، ھازىرقى بىر ئەۋلاد جۇڭگولۇقلارنىڭ مەدەنىيەت ئاڭلىقلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. دۇنيا ئىقتىسادى يۇكسەك گۈللەنگەن جۇڭگوغا موھتاج، جەمئىيەت ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىگەن ۋە ماس تەرەققىي قىلغان زامانىۋى جۇڭگوغا تېخىمۇ موھتاج، ئۇ تارىخىي مەدەنىيىتىنى قەدىرلەيدىغان دۆلەت مۇقەررەر ھالدا دۇنيانىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ.

---

فېڭ جىسەي ئىمزالىقىدىكى بۇ يازما «خەلق گېزىتى»نىڭ 2007- يىل 6-ئىيۇن سانىدىن ئېلىنغان ئابلا تەرجىمىسى. تىلماچ: مەركىزىي مىللەتلەر تەرجىمە ئىدارىسىدا.

## 21- ئەسىردە جۇڭگودا نېمە ئەڭ كەمچىل

### — مۇرۇڭ شۆسۇنىڭ يېڭى ئەسىرى «جۇڭگودا كەمچىل بولغان بىر خىل دورا»نى ئوقۇغاندىن كېيىن

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم لاۋجيۇنىڭ QQ دىكى ئىسمى بىردىنلا مۇرۇڭ شۆسۇنگە ئايلىنىپ قاپتۇ، مەن ئۇنىڭدىن ئىسمىنى نېمىشقا ئۆزگەرتكەنلىكىنى سورىسام، ئۇ: مۇرۇڭ شۆسۇن «جۇڭگودا كەمچىل بولغان بىر خىل دورا» ناملىق يېڭى بىر راست ئىشلار خاتىرىسى يېزىپتۇ، يازغاندىمۇ ئاجايىپ ياخشى يېزىپتۇ، ۋاقتىڭ بولسا ئوقۇپ كۆرگىن، دېدى.

بۇ گەپكە ئاساسەن، مەن ئۇنى ئوقۇۋىدىم، ئۇ ئەسەر مېنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇردى.

1960-يىلى ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ فېڭياڭدىكى ۋۇدىيەن كوممۇناسىدا ۋاڭ شەنشېڭ ئىسىملىك بىر دوختۇر بار ئىكەن. ئۇ چاغلار دەل ئاچارچىلىق مەزگىلى بولغاچقا، نۇرغۇن ئادەملەر ئىششىق، خۇن چېكىلىش (ھەيز توختاش) ۋە بالىياتقۇ تۆۋەنلەپ كېتىش كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغان، كوممۇنا كادىرلىرى ۋاڭ دوختۇرنى تېپىپ، داۋالاشنى ئۆتۈنگەن، ئۇ، كېسەللەرنى كۆرۈپ

www.uyghurkitap.com

داۋالىيالمايدىغانلىقىنى ئېيتقان، سەۋەبى «بىر خىل دورا كەمچىل ئىكەن.»

ئۇ ئېيتقان كەمچىل دورا دەل ئاشلىق ئىكەن.

50 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىر خىل ئىجتىمائىي كېسەللىك پەيدا بولۇپ، ئۇزاققىچە داۋالىسىمۇ ساقايمىدى، بۇنىڭدىكى سەۋەبمۇ بىر خىل دورىنىڭ كەمچىل بولغانلىقى بولۇپ، بۇ خىل دورا «ئومۇمىي ساۋات» ئىدى.

«جۇڭگودا كەمچىل بولغان بىر خىل دورا» ماۋزۇلۇق بۇ ئەسەر مۇرۇك شۆسۇننىڭ 2009-يىلى جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ شاڭراۋ دېگەن يېرىدىكى بىر شاخلىتىپ سېتىش شايكىسى ئىچىدە 23 كۈن يوشۇرۇن يۈرۈپ، ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلىرىگە ئاساسەن يېزىلغان ئەمەلىي خاتىرە خاراكتېرىدىكى بىر ئەدەبىي ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىشەنچلىك مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 2010-يىلىغا كەلگەندە، جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى شاخلىتىپ ساتقۇچىلارنىڭ سانى خېلىلا كۆپەيگەن، ھەممە ئۇلارنىڭ سانى يەنە داۋاملىق ئاشقان، كىشىلەر ئۇنى بىر «سېسىق ئالما» دەپ قاراپ، ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن سېسىغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلمىغان ھەم ئۇنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە سېسىغانلىقى بىلەنمۇ كارى بولمىغان. ئەڭ ئاخىرىدا مۇرۇك شۆسۇن: «مانا بۇ — شاخلىتىپ سېتىشقا لايىق كېلىدىغان زېمىن، مانا بۇ — شاخلىتىپ سېتىشقا لايىق كېلىدىغان دۆلەت، شاخلىتىپ ساتقۇچىلارنىڭ ھەممىسىدە ئومۇمىي ساۋات كەمچىل بولۇشتىن ئىبارەت بىر ئورتاق نۇقتا بار. ھازىر جۇڭگودا، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەيۋاتقان بىر خىل ئىجتىمائىي كېسەللىك بار بولۇپ، بۇنىڭ دورىسى دەل ئومۇمىي ساۋاتتۇر، بۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ» دەپ قارىغان.

18-ئەسىردە توماس فەنئېن «ئومۇمىي ساۋات» ناملىق بىر كىتاب يازغان، بۇ كىتابنىڭ مۇھىملىقى 1776-يىلىدىكى «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» دىن قېلىشمايدۇ، ئازراق مۇبالىغە قىلىپ ئېيتقاندا، دەل مۇشۇ كىتاب ئامېرىكىنىڭ 200 نەچچە يىللىق گۈللىنىپ روناق تېپىشىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ھالبۇكى ھازىرقى جۇڭگودا، شاخلىتىپ سېتىش ھەدەپ «زىيانكەشلىك» قىلىۋاتقان شارائىتتا، كىشىلەردە ئەڭ كەمچىل بولۇۋاتقىنى دەل ئاشۇ ئومۇمىي ساۋاتتىن ئىبارەت.

ئومۇمىي ساۋات كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرالىسىمۇ، لېكىن ئۇ كەم بولسا بولمايدۇ. مەن بۇ كىتابنىڭ بەزى ساۋاتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئويغىتىپ، شاخلىتىپ سېتىشقا جىددىي قارايدىغان قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن، ئۇنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسلىككە سېلىشقا، كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىشقا بولمايدۇ، رېئاللىققا توغرا قاراش كېرەك، بىزنىڭ تۈزۈمىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىزدىن ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى تەكشۈرۈش، ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تەھلىل قىلىش، ئاندىن مۇۋاپىق ھەم ئىنسانىي تۈيغۇغا مول بولغان تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاداشقانلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش، جىنايەتچىلەرنى جازالاش كېرەك. شاخلىتىپ ساتقۇچىلارنىڭ قىلغىنى يامان ئىش، بىراق ئۇلارنىڭ كۆپ ساندىكىسى يامان ئادەملەردىن ئەمەس. ئۇلار شەپقەتسىز جازاغا ئەمەس بەلكى مېھرىبانلىققا موھتاج. جازالىنىشقا تېگىشلىكى دەل ئاشۇ رەزىل ئالدامچىلىقنىڭ ئۆزى، بولۇپمۇ ئاشۇ رەزىل ئالدامچىلىقنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە ئەۋج ئېلىشىغا سەۋەبچى بولغان ئىجتىمائىي كەيپىياتتىن ئىبارەت.

«مەن ئۈمىدنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن. بۇ ئۈمىد ناھايىتى ئاددىي، ئۇ بولسىمۇ: ئومۇمىي ساۋات قۇياش نۇرى ئاستىدا ئايلانسۇن، كەمبەغەل ۋە ئاجىزلار كۈلپەتتىن قۇتۇلسۇن، رەزىللىك ھەربىر ئاق كۆڭۈل قەلبتىن يىراقلاشسۇن.»

مۇرۇك شۆسۇن مۇشۇنداق ئويلىغان، مېنىڭچە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاق كۆڭۈل كىشىلىرىمىزمۇ مۇشۇنداق ئويلايدۇ.

---

(تەھرىرنىڭ ئىزاھاتى: «جۇڭگودا كەمچىل بولغان بىر خىل دورا» (مۇرۇك شۆسۇن ئەسىرى) «خەلق ئەدەبىياتى»نىڭ 2010-يىلى 10-سانىدا ئېلان قىلىنغان)

ليۇ بو ئىمزالىقىدىكى بۇ يازمىنى «جامائەت خەۋپسىزلىكى گېزىتى»نىڭ 2010-يىل 10- دېكابىر سانى 7-بەت باش ئىستونىدىن زۇنۇن باقى تەرجىمە قىلغان.

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ تارقىتىلىدۇ. كىتاب-ژۇرنال تىجارەتچىلىرىنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.

كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر «غالىبىيەت» يولى 100- نومۇر، ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 — 0991



# مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسىپلىرى

ئەكرەمجان ئەركىن

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسىپلىرى بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلدى. بۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا بارلىققا كەلگەن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى، شۇنداقلا خەلقئارالىق مەدەنىيەت، ئىقتىساد ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنىڭ كۈنسايىن زورايغانلىقىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى. مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسىپلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ۋە قۇدرەت تېپىشى كىشىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە كۆز قاراشلىرىنى يېڭىلىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ، مەدەنىيەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈردى ھەم ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. ئەمما، مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋامىدا، مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسىپلىرىنى بىلەن مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە بولغان تونۇش تازا بىردەك بولۇپ كەتمىگەنلىكتىن بەزى ئېغىش ۋە ئۇقۇشماسلىقلار يۈز بەردى، بۇ مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسىپلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسىز. شۇڭا، مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيەسى، سىياسەت - تەدبىر ۋە كەلگۈسى پىلانىنى تۈزۈشتە، مەدەنىيەت بىلەن مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسىپلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ھەمدە ئىلمىي تونۇش ھاسىل قىلىش ناھايىتى زۆرۈر.

مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسىپلىرى بىلەن مەدەنىيەتنىڭ ئۆز ئارا باغلىنىشى، پەرقى بار. مەنتىق جەھەتتىن ئېيتقاندا، مەدەنىيەت تەۋەلىك ئۇقۇمى ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە دائىرىسى مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسىپلىرىنىڭكىدىن كەڭ بولىدۇ؛ مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسپى تۈر ئۇقۇمى بولۇپ، مەدەنىيەت دائىرىسىگە كىرىدۇ، يەنى ئۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىك شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر قىسمى، بۇ بىر قىسىم مەدەنىيەتنى تىجارەت خاراكتېرلىكى مەدەنىيەت دەپ ئاتاشقا بولىدۇ، ھازىر ئۇنىڭ دائىرىسى بارغانسېرى كېڭەيمەكتە، ئۇ ئاساسلىقى كۆڭۈل ئېچىش كەسپى (چەت ئەللەردىكى كۆڭۈل ئېچىش كەسپىنىڭ تەبىر دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئويۇن قويۇش، كىنو قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەملىكىتىمىزدە، كۆڭۈل ئېچىش كەسپى دېگەندە ئاساسلىقى غەزەلخانا، تانسىخانا، تۇنەكخانا قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ)، ئويۇن قويۇش كەسپى، كىنو - تېلېۋىزىيە كەسپى، نەشرىياتچىلىق، ئىنتېرنېت تورى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسىپلىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنمايدىغان بىر قىسىم كەسىپلەرنى غەيرىي تىجارەت خاراكتېرلىكى مەدەنىيەت دەپ ئاتاشقا بولىدۇ، بۇ ئاساسلىقى مەجبۇرىيەت مائارىپى، ئىلىم - پەن تەتقىقاتى (جۈملىدىن ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى ۋە تەبىئىي پەندىكى ئۇللۇق تەتقىقات)، ئەدەبىيات - سەنئەت ھەم كۇتۇپخانا، مۇزېي، مەدەنىيەت يۇرتى قاتارلىق جامائەت پاراۋانلىقى خاراكتېرلىكى مەدەنىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئىككى قىسىم مەدەنىيەت ھەمىشە دېگۈدەك بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كېتىدىغان بولغاچقا، ئۇنى تامامەن ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. ئەمما، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەتنى ئىقتىسادىي كەسىپ نۇقتىسىدا تۇرۇپ، بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇ بىزنىڭ مەدەنىيەت بىلەن مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسىپلىرىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇشتىكى ئاساسىي مەۋقەيىمىز بولۇشى كېرەك.

مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمىنى، يەنە كېلىپ ناھايىتى زور بىر قىسمىنى ئىقتىسادىي كەسىپ سۈپىتىدە يولغا قويۇش ئارقىلىق پايدىغا ئېرىشكىلى، بەزىدە ھەتتا يۇقىرى پايدىغا ئېرىشكىلى بولىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىقتىسادىي كەسىپ بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقمىقى مۇقەررەر. شۇنىڭغا ئاساسەن، مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسپىگە مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسىپ دەپ تەبىر بېرىشكە بولىدۇ. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئارام ئالىدىغان بوش ۋاقتى بارغانسېرى كۆپىيىپ، مەدەنىيەت ئىستېمالىغا بولغان ئېھتىياجىمۇ كۈنسايىن ئاشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسىپلىرى كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئېھتىياجى ۋە ئىستېمالىنى قاندۇرۇش ئارقىلىق جەمئىيەت ئۈچۈن زور

مەدەنىيەت ۋە بازار

ئىجتىمائىي بايلىق توپلاش ۋە جۇغلاش، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كۆپەيتىش، قىممەت يارىتىش، ئىستېمالغا تۈرتكە بولۇش، باج مەنبەسى ھاسىل قىلىشتەك مۇھىم روللارنى ئويناپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. شۇڭا، مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسپلىرى نۇرغۇن دۆلەتلەردە «قۇياشلىق كەسىپ»، «تۈۋرۈك كەسىپ» ياكى «ئىسسىز سانائەت»، «بىلىم سانائىتى» دەپ تەرىپلەنمەكتە.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسپلىرى ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىر ئىقتىسادشۇناسلىق ئۇقۇمى. مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسپلىرىگە مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ ۋە بۇ خىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ تۈپ مەقسىتى ياكى باشقىچە ئېيتقاندا، ئاساسىي مۇددىئاسى پايدا ئېلىشتىن ئىبارەت. ئەگەر پايدا ئالغىلى بولمايدىغان بولسا، ئۇلار مەبلەغ سېلىپ، مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسپلىرىنىڭ ھەر قانداق بىرخىلى بىلەن شۇغۇللانمايدۇ. ئالايلۇق، دۇنيادا بىرەر خوجايىن مەبلەغ سېلىپ بىرەر كۇتۇپخانا ياكى تىياتىرخانا قۇرغان ئەمەس (ئەگەر بەزىلەر پۇل ئىئانە قىلىپ مۇشۇ خىلدىكى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، بۇ يەنە باشقا گەپ). مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسپى بويىچە تىجارەت قىلغۇچىلار تىجارەت داۋامىدا جەزمەن ئىقتىسادىي قانۇنىيەت ۋە بازار قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كۆرمىسە بولمايدۇ. گەرچە بىز مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئادەتتىكى ماددىي مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمدىن ئىبارەت ھەر ئىككىلا تەرەپتە مول ھوسۇلنى قولغا كەلتۈرۈشنى تەكىتلەيدىغان بولساقمۇ، بىراق، ئەمەلىيەت داۋامىدا بۇنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرماق كۆپ ھاللاردا ئاسانغا چۈشمەيدۇ. چۈنكى، بۇ ئىككى ئۈنۈم ھەم بىردەك، ھەم بىر ـ بىرىگە قارىمۇ ـ قارشى. مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسپلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا ئۇلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارى كۆپىنچە ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە تېخىمۇ بەكرەك قارىتىلىدۇ. ئالايلۇق، غەزەلخانا، تانسىخانا قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدىكى شەھۋانىي مۇلازىمەت ۋە ئۈن ـ سىن بويۇملىرى بازىرىدىكى قانۇنسىز نەشر بويۇملىرىنىڭ ئەۋج ئېلىش ھادىسىسى دەل مانا شۇ ئىقتىسادىي مەنپەئەتنىڭ تۈرتكىسىدە پەيدا بولغان، تۈزەش تەس بولغان يامان كېسەل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

گەرچە مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسپلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئوبيېكتىپ جەھەتتە، ئوخشاش بولمىغان قاتلامدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، مەدەنىيەت ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىگە مۇئەييەن دەرىجىدە تۈرتكە بولغان بولسىمۇ، بىراق مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسپى بىر خىل ئىقتىسادىي ھەرىكەت بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۆزىدىكى بەزى نۇقسان ۋە ئىللەتلەردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئەگەر ھەر قانداق مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسپلىرى پۇل تېپىش ۋە پايدا ئېلىشنىلا قوغلىشىدىغان بولسا، بۇ مەدەنىيەتنىڭ ھەم جەمئىيەتنىڭ پاجىئەسى بولىدۇ. ئۇنداقتا، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، جەمئىيەتنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا ئىلگىرىلىتىش ئۈچۈن، مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسپلىرىدىن پەيدا بولىدىغان يامان تەسىرنى قانداق قىلغاندا تۈگەتكىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭدا، مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسپلىرىگە دائىر سىياسەت، قانۇن ـ نىزاملارنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولغاندىن سىرت، دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسپلىرى سۈپىتىدە يولغا قويۇشقا بولمايدىغان قىسمىنى، يەنى غەيرىي تىجارەت خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەتنى ياخشى باشقۇرۇش ۋە كۈچەپ تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

ئەگەر تىجارەت خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسپلىرىنىڭ تۈپ ماھىيىتى بىر خىل ئىقتىسادىي ھەرىكەت، بازار ھەرىكىتى، سودا ھەرىكىتى دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئىقتىسادىي كەسىپ ئۇسۇلىدا يولغا قويۇشقا بولمايدىغان، غەيرىي تىجارەت خاراكتېرىدىكى مەدەنىيەت يەنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەجبۇرىيەت مائارىپى، ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەم كۇتۇپخانا، مۇزېي، مەدەنىيەت يۇرتى قاتارلىقلارنىڭ مەدەنىيەت خۇسۇسىيىتى ۋە ماھىيىتى ئۇنىڭ ئىجادىيلىق ۋە ئاممىۋىلىق خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇ پۇقرالارنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق ساپاسىنى ۋە ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى ئۆزىنىڭ تۈپ مەقسىتى قىلىدۇ. بۇ خىلدىكى مەدەنىيەت ئەڭ ماھىيەتلىك، ئەڭ مۇھىم مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، بىر دۆلەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، بىر مىللەت ئىلغارلىقىنىڭ جېنى، شۇڭا ئۇنى دۆلەت مەبلەغ سېلىش يولى ياكى دۆلەت مۇناسىپ سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى تۈزۈش يولى بىلەن لايىقىدا يۆلىشى ۋە يېتەكلىشى لازىم . مەدەنىيەت بىلەن مەدەنىيەت ئىقتىسادىي كەسپلىرىنىڭ تۈپ پەرقى ماناشۇ، بۇ يەنە ھۆكۈمەت ۋە مەدەنىيەت كارخانىلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەسئۇلىيىتى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.

---

ئاپتور: شىنجاڭ سىرك ئۆمىكىدە

**دەيمۇ، دېمەيمۇ**



# بىز دۇچ كەلگەن «دەۋر»لەر

تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم تايماس

دەۋر ھەققىدە سۆزلەشكە توغرا كەلگەندە، ئەنۋەر مەتسەيدى ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2006 - يىللىق 3 - سانىغا بېسىلغان «ئالتۇن دەۋردىن سولياۋ دەۋرگىچە» ناملىق ماقالىسىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەزكۇر ماقالىدە ئىنسانىيەت ئورتاق باشتىن كەچۈرگەن تارىخىي دەۋرلەر «ئالتۇن دەۋر»، «كۈمۈش دەۋر»، «تۇچ دەۋرى»، «قەھرىمانلىق دەۋرى»، «قارا تۆمۈر دەۋرى» ۋە «سولياۋ دەۋرى» قاتارلىق ئالتە دەۋرگە بۆلۈنگەن ھەمدە قايىل قىلارلىق پاكىت - مۇلاھىزىلەر ئارقىلىق، ئاشۇ ئالتە دەۋرنىڭ بىر - بىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ماھىيەتلىك تەرەپلىرى ئىخچام شەرھلەنگەن.

تىلىمىزدىكى «دەۋر» ئاتالغۇسى باشقا كۆپلىگەن ئاتالغۇلارغا ئوخشاش كەڭ ۋە تار مەنىلەرگە ئىگە. كەڭ مەنىدىن ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى تارىخىي باسقۇچلاردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، ئىنسانىيەت ئورتاق باشتىن كەچۈرگەن مەلۇم بىر تارىخىي باسقۇچنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن دەۋرلەر، بىزگە ھەم ئورتاق بولسىمۇ، لېكىن بىز دۇچ كەلگەن تار مەنىدىكى دەۋرنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولۇشى ناتايىن. كونكرېتراق ئېيتقاندا، ئەنۋەر مەتسەيدى ئەپەندى ئوتتۇرىغا قويغان كەڭ مەنىدىكى ئالتە دەۋر بىز ۋە ئەجدادلىرىمىزغا ئورتاق دېسەكمۇ، بىز دۇچ كەلگەن تار مەنىدىكى دەۋرلەرنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق دېيەلمەيمىز.

گەپنى يىغىپ جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى «كوپېراتسىيەلىشىش»، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» ... قاتارلىق پۈتۈن جۇڭگو مىقياسىدا ئون نەچچە يىللاپ ئېلىپ بېرىلغان مىسلىسىز چوڭ سىياسىي ھەرىكەتلەردىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ، لېكىن، بۇ ئاددىي يازمىمىزدا ئۇ مىسلىسىز چوڭ تېمىلارنى پىشقان سىياسىيونلارغا قالدۇرۇپ، پەقەت تۇرمۇشىمىزدا ئومۇمىي تۈس ئالغان ھادىسىلەر ھەققىدىلا پىكىر يۈرگۈزىمىز.

1. يالتىراق دەۋرى. ئەنۋەر مەتسەيدى ئەپەندى

ماقالىسىدا رەت تەرتىپى بويىچە شەرھلەپ ئۆتكەن ئالتە دەۋرنىڭ ئاخىرقىسى «سولىياۋ دەۋرى» بولۇپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە، جۈملىدىن بىزگىمۇ ئورتاق بولغان بۇ دەۋرنى مېنىڭچە «يالتىراق دەۋرى» دەپ ئاتىساق تېخىمۇ ئوبرازلىق، تېخىمۇ مۇۋاپىق. چۈنكى، تىل ئىستېمالىمىزدا يالتىراق بىلەن سولىياۋ مەلۇم پەرقلەرگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن، بىرىنچىدىن ماددىي ئاساسى يەنى خۇرۇچى جەھەتتىن ئېيتقاندا ئىككىلىسى بىر جىسىم؛ ئىككىنچىدىن «سولىياۋ» دېيىلگەندە ئىلگىرىكى تىل ئىستېمالىمىزدىكى «پىلاستىماسسا» دەپ ئاتالغان جىسىم ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار كۆز ئالدىمىزغا كەلسە، «يالتىراق» دېيىلگەندە ھەم يالتىراق ماددىي بۇيۇملار، ھەم مەنىۋىيەتتىكى «يالتىراق» دەپ سۈپەتلىنىدىغان ساختا نەرسىلەر كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. ئۆزى يالتىراپ تۇرىدىغان، قارىماققا سۈزۈك كۆرۈنىدىغان، باھاسى ئەرزان، ئەمما ئاسان كاردىن چىقىدىغان ۋە ئادەم ئورگانىزمىغا زىيانلىق بولغان ساختا نەرسىلەر ئۈزۈكسىز كۆپىيىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە «سولىياۋ» دېگەن سۆزدىن كۆرە «يالتىراق» دېگەن سۆز بىلەن سۈپەتلەنسە تېخىمۇ مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن.

نەگە قارىساق يالتىراق بۇيۇملار كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. بۈنى ئاز دەپ ئازراقلا شامال چىقىپ قالسا، مەيلى شەھەر كوچىلىرى، مەيلى يېزىلاردا بولسۇن، يالتىراق خالتا، يالتىراق يوپۇق دېگەندەك نەرسىلەر گويا «مېنى كۆر!» دېگەندەك كۆز ئالدىمىزدا ئۇچۇپ يۈرىدۇ. ماگىزىن ۋە كوچا ـ كويلاردىن نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالساق، ئاددىيسى بىر كويلۇق نان، بەش مولۇق گازىردىن تارتىپ قىممەت باھالىق كىيىم ـ كېچەكلەرگىچە يالتىراق خالتىلارغا قاچىلىنىدۇ.

يېزىلاردىكى ئەھۋال بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر بولۇپ، دەسلەپتە يالتىراق يوپۇق يېپىپ زىرائەت تېرىش كېۋەز بىلەنلا چەكلەنگەن بولسا، كېيىنچە بۇغداي ـ قوناق قاتارلىق ھەممىلا زىرائەتكە كېڭەيتىلدى. كۆكتاتلار ئۈچۈن ياسالغان پارنىكلارنى قوشساق، يېزىلاردا يالتىراقسىز بىرەر پارچىمۇ ئېتىز قالمىدى، دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇستاز ئەدىب ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى «ياخشى» ناملىق مەشھۇر غەزىلىدە «كېرەكمەس يالتىراق شۆھرەت بىلەن مەستانە غاپىللار» دەپ يازغىنىدەك، مەنىۋىيەتتىكى يالتىراقلىق ئالدى بىلەن شۆھرەتپەرەسلىكتە ئىپادىلىنىدۇ. ئاندىن ھەشەمەتچىلىك، مەنمەنچىلىك، ھوقۇقپەرەسلىك ۋە خۇشامەتچىلىكلەر... دە نامايان بولىدۇ. ۋاھالەنكى، بىر پارچە ماقالىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ تۈگىتىش مۇمكىن بولمىغاچقا، «يالتىراق»لىقنىڭ يەنە تۈرلۈك ئىپادىلىرى «يالتىراق دەۋر»نىڭ شاھىتلىرى ئەقىللىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەپەككۇرىغا قالدۇرۇلدى.

2. قويمىچىلىق دەۋرى. «قويمىچى» دېگەن بۇ سۆز، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرى، 90ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا تىل ئىستېمالىمىزدا پەيدا بولغان بولۇپ، «ئالدامچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى»، «چوڭ ئالدامچى»، «ئالدامچىلىق بىلەن كىشىلەرنى ئوڭدا قويغۇچى» دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە. تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ تارىخىنى ۋاراقلىساق بۈگۈنكى تىل ئىستېمالىمىزدىكى «قويمىچى» لارغا تەڭداش بولغان چوڭ ئالدامچىلارنىڭ ئۇلاردا نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا مەۋجۇت بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئەمما ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز مەيلى شامانىزم، بۇددىزم ياكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرلەردە بولسۇن، «ئىنسان ياشىغان ھەربىر كۈنى، قىلغان ھەربىر ئىشى ئۈچۈن هامان ھېساب بەرگۈچىدۇر» دېگەن ئەقىدە ـ ئېتىقادتا ياشىغاچقا گەرچە شۇ زامانىدىمۇ ئالداش ـ ئالدىنىشلار بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئالداش ـ ئالدىنىشلار بۈگۈنكى «قويمىچىلىق دەۋرى» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن.

بىز دۇچ كەلگەن قويمىچىلىق دەۋرىنىمۇ ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى بولمىش ئاشۇ تەرەققىياتنىڭ يەنە بىر خىل ئۇندۇرمىسى، دېسەك ئارتۇق كەتمەس.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 1980ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرى، 1990ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا «XX شىركىتى» دېگەن خاس ئىسىملار پەيدا بولدى. خۇسۇسىي كارخانا ـ شىركەتلەر ئەمدىلەتىن قۇرۇلۇپ كەڭ ئاۋام شىركەتلەر توغرىسىدا تېخى ئەتراپلىق چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولالمىغان پەيتتە، بەزى پۇرسەتپەرەس ئالدامچىلار «شىركەت» نامىدا ئالدامچىلىقنى باشلىۋەتكەن. كونكرېتراق ئېيتقاندا، «شىركەت» نامىدىكى تامغا ـ تالونلارنى سومكىسىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، ئىسمى بار، جىسمى يوق شىركەتلەرنىڭ تامغىسى ئارقىلىق قۇرۇق توختاملارنى ئىمزالاپ نۇرغۇن كوللېكتىپ ۋە شەخسنى ئوڭدا قويغان. دەسلەپتە كىشىلەر يېڭىدىن پەيدا بولغان بۇ شىركەتلەرنى «XX شىركىتى» دەپ ئاتىغان بولسا، كېيىنچە ئوڭدا قويۇلغان كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ شىركەتلەر «قويمىچى» دېگەن بۇ يېڭى ئاتالغۇنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتى.

قويمىچىلار دەسلەپتە پەيدا بولغاندا، قويمىچىلىق

www.uyghurkitap.com

ئۇسۇلنىڭ تۈرى ئاز، ئاددىي، سان جەھەتتىمۇ ساناقلىقلا ئىدى، لېكىن 10 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە چوڭ شەھەرلەردىن ناھىيە بازارلىرىغىچە ھەممىلا يەردە «قويمىچىلار» پەيدا بولدى. ئۇلار چارە- ئۇسۇللىرىنى تېز «ئىسلاھ» قىلىش بىلەن بىرگە، «كەسپىي بىلىمى»نى پۇختىلاپ كېتىۋېتتى. ھەتتا پۇل مۇئامىلە ساھەسىگە بىۋاستە بۆسۈپ كىرىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى بانكىلارغا خىرىس قىلدى. باشقىلىرىنى قويۇپ، كەمىنە مۇئەللىپنىڭ ئانا يۇرتى بولغان تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى نوپۇسى 200 مىڭ بولغان بىر ناھىيە بازىرىدا يۈز بەرگەن قويمىچىلىقنىڭ مىساللىرىمۇ يېتەرلىك.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90- يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە قاتنىشى قولايسىز، چەت- ياقا بۇ ناھىيەدە، ئاۋۋال بىر ئايال يۇقىرى ئۆسۈم بېرىشكە قىزىقتۇرۇش ئارقىلىق خىزمەتداشلىرى ۋە تونۇش- بىلىشلىرى ئارىسىدا مەبلەغ يىغىشقا باشلىدى. يەنى 30% لىك يۇقىرى ئۆسۈمنى يەمچۈك قىلىپ، «قارماق» نى ئەتراپقا كۆپلەپ تاشلىدى. دەسلەپتە سىناپ بېقىش پوزىتسىيەسىدە بولغانلار 10 مىڭ كوي پۇل ئېلىپ كىرسە، 3000 كويىنى ئۆسۈم ئورنىدا قولىغا نەق تۇتقۇزۇپ، 10 مىڭ كويغا ھۆججەت يېزىپ بەردى. كىشىلەر پۇلنىڭ دېرى قىلچە كەملەپ كەتمىگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ، نەچچە مىڭ كويلاپ نەق ئۆسۈمگە ئېرىشىۋاتقانلىقىغا گول بولۇپ، تۇشمۇ تۇشتىن بانكىدىكى پۇللىرىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا مەبلەغ قوشۇشتى. ئارىدىن بەزى سەزگۈر كىشىلەر قاپقانغا دەسسەپ سېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن يىغىلغان مەبلەغنى نەگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى تىڭتىڭلىغان بولسىمۇ، «بۇ دېگەن سودىدىكى مەخپىيەتلىك، ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ» دېگەن جاۋابقا ئېرىشتى. ئاستىرتتىن كۆزىتىپ يۈرگەنلەر ئۇنىڭ ھەپتە- ئون كۈندە بىر قېتىم چوڭ سومكىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ، «ساقچى»نىڭ ھەمراھلىقىدا ۋىلايەت مەركىزىگە بارىدىغانلىقىنى بايقاپ، ئارقىسىدىن بېرىپمۇ بېقىشتى. ئەمما ئۇ ئەگەشكۈچىلەر كىرەلمەيدىغان ئەڭ ئېسىل بىنالارغا كىرىپ غايىب بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىشلىرى تېخىمۇ سىرلىقلىشىپ، كىشىلەر ئارىسىدا «ئۇ شېنجېندىكى بىر چوڭ شىركەتنىڭ خوجايىنى بىلەن شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىۋېتىپتۇ...» دېگەندەك سۆز- چۆچەكلەر پەيدا بولدى.

دەسلەپكى بىر- ئىككى يىلدا ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، مەبلەغ قوشقانلار پۇل لازىم بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ قايتۇرۇۋېلىشقا كىرسە، ھۆججەتكە ئاساسەن نېرى- بېرى سەۋەب كۆرسەتمەي پۇلنى تولۇق قايتۇرۇپ بەردى. كىشىلەر 10 مىڭ كوي پۇلنى بىر ئاي قويسا، 13 مىڭ كوي بولۇپ قولىغا قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، ئىشەنچىسى ھەسسىلەپ ئېشىپ، پۇل قويىدىغانلار كۈندىن- كۈنگە كۆپەيدى. ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالىدىغان ئىشچى- خىزمەتچىلەر، ھال- كۈنى قەدىرئەھۋال بولغان تىجارەتچىلەرلا ئەمەس، ھەركۈنى تونۇرغا بېشىنى نەچچە قېتىم تىقىپ بىر نانىنى 5 مودىن ساتىدىغان ناۋايلار، قىشىن- يېزىن تالادا ئولتۇرۇپ ئاياغ ياماپ، بىر قېتىمدا ئاران بىر- ئىككى كويدىن پۇل تاپىدىغان موزدۇزلار، ھەتتا پەرزەنتلىرىنى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئۆي- جايلىرىنى سېتىپ پۇل يىغقان تۇل خوتۇنلارمۇ 10 مىڭ كوي پۇلنى 13 مىڭ كوي قىلىش ئۈچۈن، ھېلىقى «قويمىچى»نىڭ ئۆيىگە بەس- بەستە قاتراشتى. بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئەھۋال شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، پۇل قويىدىغانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن، ئۇ ئايالنىڭ خورىكى ئۆسۈپ، ئاز پۇلنى ئالمايدىغان، پۇلنى كۆپرەك ئەكەلگەن ھالەتتىمۇ نېزىقاپ تەستە ئالىدىغان يەرگە يەتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا پۇل بېرىدىغانلار نۇرغۇن سوۋغا- سالام بىلەن كىرىشكە ئادەتلەندى.

ناھىيەلىك خەلق بانكىسى بانكىدا پۇل ئامانەت قويىدىغانلارنىڭ كۆرۈنەرلىك ئازىيىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئەكسىچە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بۇرۇن قويغان ئامانەت پۇللىرىنىمۇ ئېلىۋېلىپ، ھېلىقى ئايالنىڭ ئۆيىگە قاتراۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىپ، ئەھۋالنى ناھىيە رەھبەرلىرىگە ئىنكاس قىلغان بولسىمۇ، دېگەندەك ئېتىبارغا ئېرىشەلمىدى. ئاۋام ئارىسىدا بىر قىسىم ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭمۇ پۇل قويغانلىقى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، شۇ كەمگىچە گۇمانىي قاراشتا بولۇپ، تېخى پۇل قويۇش سېپىگە قوشۇلماي كەلگەنلەرمۇ سەپكە خاتىرجەم قوشۇلۇپ، يانچۇقىدا پۇلى يوقلار ئۇرۇق- تۇغقانلىرىدىن قەرز ئېلىپ پۇل قويىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

قويمىچىلارغا پۇل قويغۇچىلار شىددەت بىلەن كۆپىيىپ، كارخانا، ئىدارە- ئورگانلارنىڭ بوغالتىر- كاسسىرلىرىمۇ بۇ «سەپكە» قېتىلىپ، كوللېكتىپ ھەم ھۆكۈمەت ھېسابىدىكى پۇللارنى مەخپىي ئاجرىتىپ، مىليون- مىليونلاپ قويمىچىغا قويغانلىقتىن، بەزى ئورۇنلاردا ئىقتىسادىي كىرىزىس كۆرۈلۈپ، ئەھۋال ھەل قىلمىسا بولمايدىغان خەتەرلىك باسقۇچقا يەتتى. قويمىچىلار دەسلەپتە پۇل ئىگىلىرى «پۇل لازىم بولۇپ قالدى» دەپ

www.uyghurkitap.com

بارسا، ھۆججەتكە ئاساسەن پۇلنى قايتۇرغان بولسا، كېيىن ھەرخىل باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن ئۆسۈمنى بېرىپلا دىرىنى قايتۇرمىدى. دەسلىپىدە سوۋغا ـ سالام بىلەن پۇل قويغانلار، مانا ئەمدى سوۋغا ـ سالام بىلەنمۇ پۇللىرىنى قايتۇرۇۋالالماي، جىددىيلەشتى. نەچچە ئاي، ھەتتا نەچچە يىلغىچە پۇلىنىڭ دىرىنى قايتۇرۇۋالالمىغان پۇل قويغۇچىلار قويمىچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ، گىلەم ـ پىلەم، ماشىنا ـ موتو ھەتتا ئۆي ـ زېمىنلىرىنى تارتىۋېلىشقا باشلىدى. ۋىلايەت مەخسۇس خىزمەت گورۇپپىسى ئەۋەتىپ، ئاۋۋال تىزىملىك تۇرغۇزۇپ قويمىچىلارنى بىر ـ بىرلەپ ئېنىقلىدى. ئېنىقلاش ئارقىلىق، قويمىچىلىقنى ھەممىدىن بۇرۇن باشلىغۇچىنىڭ يىغقان ئومۇمىي مەبلىغى 72 مىليونغا يەتكەنلىكى ئايان بولدى. ئۇنىڭ بىر ئېغىز ئۆيى پۇل قويغۇچىلار ئېلىپ كەلگەن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن لىق تولغان بولۇپ، بىرەر قېتىممۇ ئۇچىسىغا ئارتىشقا نۆۋەت تەگمىگەن داڭلىق ماركىلىق ئېسىل كىيىم ـ كېچەكلەرگە قاراپ، خىزمەت گورۇپپىسىدىكىلەرمۇ ھاڭ ـ تاڭ قېلىشتى.

قويمىچىلار قولغا ئېلىنىپ قانۇنسىز مەبلەغ توپلاش ۋە ئالدامچىلىق جىنايەتلىرى ئۈچۈن، ئايرىم ـ ئايرىم ھۆكۈم ئېلان قىلىندى. قانۇنسىز توپلىغان مەبلىغى 72 مىليونغا يەتكەن باش قويمىچىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ ئىككى يىل كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىشقا، قالغانلىرىغا جىنايىتىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ، 10 يىللىق، 8 يىللىق ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن قاماق جازاسى بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن گەرچە نەپسى بالا قويمىچىلار جاجىسىنى يېگەن بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ قويغان پۇللىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى.

قويمىچىلار گەرچە ئالدىنقى ئەسىردىكى 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا پەيدا بولۇپ، 90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا قانۇن تورىغا چۈشۈپ جاجىسىنى يېگەن بولسىمۇ، لېكىن بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «قويمىچىلىق دەۋرى» تېخى ئاياغلاشقىنى يوق. نۆۋەتتىكى رېئاللىقىمىزدا، قانۇنىي جازادىن قورقۇپ، ئاشكارا قويمىچىلىق قىلىدىغانلار كۆپ بولمىسىمۇ، چىرايلىق ياغلىما سۆزلەر، ۋەدە ـ قەسەملەر ئارقىلىق كىشىلەرنى ئالداپ، ئىقتىسادىي نەپكە ئېرىشىۋاتقانلارنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ئالدامچىلىقنىڭ ھەممىسى قويمىچىلىق كاتېگورىيەسىگە تەۋە. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، كاززاپ تىجارەتچىلەرنىڭ ساختا مالنى جىك كۆرسىتىپ سېتىشىدىن تارتىپ، دوختۇرخانىلارنىڭ ناتوغرا كەسپىي ئىستىلىغىچە، شۇنداقلا دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئىش بېجىرگۈچىلەرنىڭ بىر قېتىمدىلا پۈتىدىغان ئاددىي ئىشنى تۈتامى يوق سەۋەبلەر بىلەن نەچچە ھەپتە، نەچچە ئاي ئارقىغا سوزۇشلىرىغىچە بولغان شەكلى تۈرلۈك بولسىمۇ، ماھىيەتتە كىشىلەرگە ماددىي ۋە مەنىۋى زىيان يەتكۈزىدىغان قىلمىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىر خىل «قويمىچىلىق» دېيىشكە بولىدۇ.

**3. ئېلان دەۋرى.** ئېلان ئەسلىدە ئۇقتۇرۇش مەنىسىدىكى ئۇقۇم. قەدىمدىن تارتىپ ھاكىمىيەت ئورگانلىرى پۇقرالار ۋاقىپلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردا ئېلاننى بىرخىل ۋاستە قىلىپ كەلگەن ئىدى، لېكىن بۈگۈنكى دەۋرگە كەلگەندە، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى خاراكتېرى يوقىلىپ، مال سېتىشتىكى خاس ۋاستىگە ئايلىنىپ كەتتى. زاۋۇت ـ كارخانىلار، شىركەتلەر، خۇسۇسىي تىجارەتچىلەر، ھەقنى دېگەندە خوجايىنلار مالنىڭ سۈپىتى بىلەن كۆكلىشى لازىم ئىدى. خوجايىنلارنىڭ دادلىرىدىن بىلىمىزكى، قايسى مالغا كۆپرەك ئېلان بېرىلسە، خېرىدارلار شۇنى كۆپرەك سېتىۋالىدىكەن. ئەكسىچە، مال سۈپىتى ياخشى بولسىمۇ، ئېلان بېرىلمىسە، ئۇنداق ماللارنى توپا باسىدىكەن. مانا بۇ بىز دۇچ كەلگەن «ئېلان دەۋرى» نىڭ يالدامىسى.

ئېلاننىڭ ئەۋج ئېلىشىغا كەلسەك، ئۇنى زامانىۋىلىشىش، يەر شارىلىشىش دولقۇنىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، نۆۋەتتىكى ئېلانلاردا مىللىي خاسلىق ئەكس ئېتىپ تۇرسىمۇ، بۇ خىل خاسلىق تامامەن بۈگۈنكى دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، «ئاقماس ماتا، زورلاپ ساتا» دېگەن ماقالنى ئېسىمىزگە سالىدۇ. ئەجدادلىرىمىز مەيلى سودا، مەيلى باشقا ئىشلاردا بولسۇن، «ياغاچ قازاندا بىرلا قېتىم ئاش پىشىدۇ» دېگەن ئەقىدىگە ئەمەل قىلىپ، ساختىپەزلىك، ساپساپچىلىق، كۆز بوياmچىلىقلاردىن يىراق تۇرۇپ، ھالال، دۇرۇس ياشاشقا ئادەتلەنگەن. جۈملىدىن، سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىدا، قۇرۇق پەستاندىن ئۇت چىقىرىپ ئەمەس، بەلكى مالنىڭ سۈپىتى بىلەن جاھاندارچىلىق قىلغان. بەزى ئائىلىلەردە ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىپ كېلىنىۋاتقان گىلەم، جۇمبۇل، ئاپتۇۋا ـ چىلاپچا، تون ـ يەكتەك، قاپارتما نەقىشلىك كات ساندۇق، ساپال چىراغ، چورۇق ... قاتارلىق قەدىمىي بۇيۇملارنىڭ زامان ـ زامانلارنىڭ رەھىمسىز سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، ھېلىھەم پىتىدىن چۈشمەي تۇرۇشى، يوقىرىقى پىكرىمىزنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. دېمەك، ئېلان ئەسلىدە بىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىمىزدە بولمىغان، بۈگۈنكى زاماندا پەيدا بولغان بىرخىل يېڭى ھادىسە، بۇ يېڭى ھادىسە تۇرمۇشىمىزغا ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىن تەسىر كۆرسەتمەكتە.

ئېلانلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىمىزغا بولغان تەسىرىگە كەلسەك، پۈتكۈل جەمئىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئېلانلار ئۇچۇرنى راۋانلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىستېمال پىسخىكىسىنى غىدىقلاپ، سودا- تىجارەتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. بۈگۈنكى رېئاللىقتا ياشاۋاتقان مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئېلاندىن بىزار بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى كۆپ كارخانا- شىركەتلەرنىڭ تۈرلۈك- تۈمەن مەھسۇلاتلىرى، نۆۋەتتە ئېلان بىلەن بازار تاپماقتا. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بازارلارنى جانلاندۇرۇپ سودىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، شىركەت- كارخانا ۋە ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ بەلگىلىك پايدىغا ئېرىشىشىدە، شۇنداقلا دۆلەت چۈشۈرگەن باج ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇنلىنىشىدا، ئېلاننىڭ رولىغا كۆز يۇمالمايمىز، ئەلۋەتتە.

ئەمما ساختا مەھسۇلاتلارنى بولۇشىغا ماختاپ، ساددا خېرىدارلارنى قايمۇقتۇرۇپ، ساختا مالنى جىلىك مال ئورنىدا سېتىش، خېرىدارلارنى ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچراتماي قالمايدۇ. ئالدىنقى بەتلەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، نۆۋەتتە ئاۋام ئارىسىدا ئېلاندىن بىزار بولۇش تۇيغۇسىنىڭ كۈچىيىشى، دەل ئەنە شۇ سەۋەبتىندۇر.

ئەمدى ئېلاننىڭ مەنىۋى تەسىرىگە كەلسەك، بۇ تەسىرنى قول بىلەن تۇتقىلى ياكى سان- سېپىرلار ئارقىلىق ئىستاتىستىكىلاپ چىققىلى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ سالمىقى ماددىي تەسىرىدىن ئېشىپ چۈشسە چۈشىدۇكى، ھەرگىز كەم ئەمەس. چۈنكى كوچا- كويلارغا چىقساق ھەركۈنى كۆزىمىزگە چېلىقىدىغىنىنىڭ تولىسى ئېلان؛ كۆزىمىزنى ئۇنىڭدىن قاچۇرساق ئاللىكىملەرنىڭ قولىمىزغا مەجبۇرىي تۇتقۇزۇپ قويىدىغىنىمۇ ئېلان؛ ھېرىپ ئۆيگە كىرىپ، بىردەم بولسىمۇ ھاردۇق ئالاي دەپ تېلېۋىزورنى ئاچساق يەنە ئېلان؛ قانالنى باشقىغا يۆتكەپ باقساقمۇ ئېلان؛ ئېلانلارنى كۆزىمىز كۆرمىسۇن دەپ كۆزىمىزنى يۇمۇپ، رادىيونى ئاچساق ئېلان؛ ئېلان، ئېلان...

ئېلانلارنىڭ ئاۋامنى بىزار قىلىشىدا ئۇنىڭ خۇددى ۋابادەك يامراپ كېتىۋاتقانلىقى بىلەن بىرگە، تېخىمۇ موھىمى ئۇنىڭ تېتىقسىز، مەنتىقسىز، يۈزسىز ... بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىدا دېيىش مۇمكىن. ئازراقلا دىققەت قىلغان ئادەم ھېس قىلىدۇكى، كارخانا- شىركەتلەر ئىشلەپچىقارغان تۈرلۈك- تۈمەن مەھسۇلاتلارنىڭ كۈندىن- كۈنگە كۆپىيىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، تىلىمىزدىكى ۋە دىلىمىزدىكى ئىخلاس، ئەقىدە، ساداقەت، دىيانەت... دېگەندەك ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىز ئۇنتۇلۇشقا يۈزلىنىۋاتىدۇ.

ئېلانلارنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتكە ۋابادەك يامراپ، دەۋرىمىزنىڭ خاس ئالاھىدىلىكى بولالىشىدا دەۋرىمىزدە ياشاۋاتقان ھەربىر پۇقرانىڭ تېگىشلىك «تۆھپىسى» بار دېسەك خاتا بولماس. چۈنكى، بىز دۇچ كەلگەن ئېلان دەۋرىنى باشقا بىر دەۋردىكى كىشىلەر بىزگە سوۋغا قىلغان ئەمەس. تېخىمۇ ئوچۇق ئېيتقاندا، ناۋادا مۇشۇ دەۋردە ياشاۋاتقان ھەربىر ئادەم، مال سېتىۋالغاندا ئېلانغا قاراپ ئەمەس، بەلكى مالنىڭ سۈپىتىگە قاراپ سېتىۋېلىشقا ئادەتلەنگەندە، تېتىقسىز، مەنتىقسىز، يۈزسىز ئېلانلار ھازىرقىدەك يامراپ كەتمىگەن بولاتتى. شۇنىسى ئېنىقكى، ھەرمىنۇتى نەچچە ئونمىڭ، ھەتتا نەچچە يۈزمىڭ كويغا توختايدىغان قىممەت باھالىق بۇ ئېلانلارنىڭ پۇلىنى قارىماققا ئېلان بەرگەن خوجايىنلار تۆلىگەندەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە چىقىملارنىڭ ھەممىسى مەھسۇلات باھاسىغا قوشۇۋېتىلىدۇ. دېمەك، ئاۋام بىزار بولۇۋاتقان ئاشۇ ئېلانلارنىڭ پۇلىنىمۇ خېرىدارلار مال ئالغاندا بىلىپ- بىلمەي تۆلىۋېتىدۇ. دېمەك ئېلان قانچە كۆپ بولسا، ئېلان قىلىنغان مالنىڭ باھاسى شۇنچە ئاشىدۇ. بەزى سەنئەتكارلىرىمىز ئاشۇ تېتىقسىز، مەنتىقسىز، يۈزسىز ئېلانلارنى قامچىلاپ ئۆتكۈر ئېتۇتلارنى سەھنىلەرگە ئېلىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن، بىز كۈلۈشنىلا بىلىپ، ئېلانغا ئالدانماسلىقنى تېخىچە بىلەلمەي كېلىۋاتىمىز. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىز دۇچ كەلگەن ئېلان دەۋرىنىڭ خېلى بىر مەزگىلگىچە بازار تېپىشىدا گەپ يوق.

4. كېسەللىك دەۋرى. قايسىبىر ژۇرنالدىن: «نۆۋەتتە ھۆسن تۈزەش ئورنى دەپ ئاتىلىۋاتقان پەردازخانىلارنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشى ۋە ئاياللارنىڭ ئاشۇ پەردازخانىلارغا ھارماي قاتىرىشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟» دېگەن سوئالغا: «بۇ ئەھۋال ئاياللارنىڭ بارغانسېرى سەتلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، ئۇنداق بولمىغان بولسا، پەردازخانىلار ئاۋاتلىشىپ كەتمىگەن بولاتتى» دەپ جاۋاب بېرىلگەن بىر يۇمۇرنى كۆرگىنىم ئېسىمدە. بۇ بىر يۇمۇر بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئاچچىق كىنايە يوشۇرۇنغان. شۇنىڭغا ئوخشاش، نۆۋەتتە تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى قاپلاپ كەتكەن ئېلانلارنى ئاڭلىغان ئادەممۇ «ھازىر ساغلام ئادەم قالمىدىمۇ نېمە؟» دېگەن ئويغا كەلمەي قالمايدۇ.

شۇنداق، لوگىكىلىق تەپەككۇر نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئەگەر ساغلام كىشىلەر كېسەل كىشىلەردىن كۆپ بولغان بولسا، دورا ئېلانلىرى ھازىرقىدەك بازار تاپالمىغان بولاتتى. يالغۇز بۇلا ئەمەس، كېسەل بولمىغان تەقدىردىمۇ، دوختۇرخانىلارغا كېسەل يوقلاپ بارغان

www.uyghurkitap.com

ھەرقانداق ئادەم، بالنىستلاردا يېتىپ كەتكەن كېسەللەرگە، ئامبۇلاتورىيەدە كېسەل كۆرستىش ئۈچۈن نۆۋەت ساقلاپ تۇرغان كىشىلەرگە قاراپ، ساغلام ئادەم ھەقىقەتەن ئاز قاپتۇ، دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

كەمىنە مۇئەللىپ تەرجىمە قىلغان «ئۈرۈقلارنى قۇتقۇزۇۋالايلى!» سەرلەۋھىلىك بىر ماقالىدە ئېچكىرىدىكى مەلۇم تەتقىقات ئورنى كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى ھېسابلانغان ئىستۇدېنتلارنىڭ ئۈرۈق سۈپىتىنى تەكشۈرۈپ كۆرمەكچى بولۇپ، 387 نەپەر پىدائىينىڭ ئۈرۈقىنى ئېلىپ تەكشۈرگەندە، ئۇلارنىڭ ئۈرۈقىنىڭ لاياقەتسىزلىك نىسبىتى40% چىققان. مۇنداقچە ئېيتقاندا ھەر 10 ئىستۇدېنتنىڭ تۆتى ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىقتىدارىدىن بۇرۇنلا ئايرىلغان. قاتلاممۇ قاتلام بەدەن تەكشۈرتۈشلەردىن ۋە تۈرلۈك ئىمتىھانلاردىن ئۆتۈپ ئالىي مەكتەپلەرگە بارغان، ئارزۇسىغا يېتىپ شىجائىتى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان بۇ سەرخىل ياشلارنىڭ 40% نىڭ ئۈرۈقى لاياقەتسىز چىقسا، جەمئىيەتتىكى قالغان كىشىلەرنى نېمە دېگۈلۈك؟!

ھەممىمىزنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك، چەكسىز ئۈمىدـ ئىشەنچ، مىسلىسىز زور داغدۇغا بىلەن يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويۇپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي، يەنى 2003 ـ يىلى باھاردا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان سارىس كېسىلى كىشىلەرنىڭ ھاياتىغا ئېغىر تەھدىت سالدى. ئۇنىڭدىن 15 ـ 20 يىل ئىلگىرى ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە تارقالغان يۇقۇملۇق جىگەر كېسىلى كۆپچىلىكنىڭ ئېسىدە بولۇشى مۇمكىن: جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەممىلا يېرىگە تارقالغان، يۇقۇشى تېز، داۋالاش قىيىن بولغان بۇ كېسەلدە ئاددىي پۇقرالارلا ئەمەس، ھەتتا شۇ چاغدا قۇرۇلغان «قەشقەر ۋىلايەتلىك يۇقۇملۇق جىگەر كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قوماندانلىق ئىشتابى» نىڭ باش قوماندانى، خەلقپەرۋەر ۋالىي مەرھۇم ئەيسا شاكىرمۇ ھاياتىدىن ئايرىلدى. پارتىيەـ ھۆكۈمەتنىڭ جىددىي تەدبىر قوللىنىشى، سەھىيە ساھەسىدىكى بارلىق خادىملارنىڭ بىرىنچى سەپكە ئاتلىنىپ، كېچەـ كۈندۈز جاپالىق كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە، بۇ رەھىمسىز يۇقۇملۇق كېسەل تىزگىنلىنىپ، ئۇنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىغا سېلىۋاتقان تەھدىتى تۈگىتىلگەن بولسىمۇ، بىراق يەنىلا نۇرغۇن ئادەم مۇشۇ نەس كېسەلنىڭ دەردىنى تارتتى.

پارتىيەـ ھۆكۈمەتنىڭ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىشى، سەھىيە خادىملىرىنىڭ يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن بەجانىدىل تىرىشىشى ئارقىسىدا، خولېرا، مېنىڭگىت، يۇقۇملۇق جىگەر كېسىلى، سارىس، قۇش زۇكىمى... قاتارلىق خىلمۇ خىل خەتەرلىك يۇقۇملۇق كېسەللەر ئۈنۈملۈك تىزگىنلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن دۇنيادا تېخىچە داۋاسى تېپىلمايۋاتقان ئەيدىز كېسىلىنىڭ تەھدىتى دەۋرىمىزدە كۈنسېرى جانلانماقتا. ئەيدىز بىلەن يۇقۇملانغۇچىلار سانىنىڭ يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىشى، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جۇڭگو بويىچە ئەيدىز بىلەن يۇقۇملانغانلار سانىدا 2 ـ رەتكە «تەرەققىي قىلىشى»، يوشۇرۇن تەھدىتنىڭ نەقەدەر زور ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

تۇرمۇشىمىزدا يېڭى ـ يېڭى كېسەللەرنىڭ پەيدا بولۇپ تۇرۇشىمۇ نۆۋەتتە بىزنىڭ ھەقىقەتەن «كېسەللىك دەۋرى» دە تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. «سۆيگۈسىزلىك كېسىلى» ئەنە شۇ يېڭى پەيدا بولغان كېسەللەرنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، گەرچە مېدىتسىنا ساھەسى جىسمانىي ۋە روھىي ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ خىل كېسەللىكنى رەسمىي ئېتىراپ قىلىپ داۋالاش كاتېگورىيەسىگە تېخى كىرگۈزمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى «ئۇچقاندەك» دەپ تەرىپلىنىدىغان دۇنياۋى تەرەققىياتنىڭ ھارام تۇغۇندىلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. خەنزۇچە ماتېرىياللاردا «爱无能» (سۆيگۈسىزلىك كېسىلى) دەپ ئاتالغان بۇ خىل كېسەللىك، ئالدىنقى قۇرلاردا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەندەك ھەم جىسمانىي ھەم روھىي ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، جىسمانىي ئامىل دېگىنىمىزدە مۇھىت ۋە يېمەكـ ئىچمەكنىڭ بۇلغىنىشى، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە ئوراپ قاچىلاش ئىش ھالقىلىرىدا ئانىلىق ھورمۇن تىپىدىكى دورىلارنىڭ كۆپلەپ ئىشلىتىلىشى نەتىجىسىدە، ئۇرۇقلار چېكىنىپ ئەرلىك ئىقتىدار ئاجىزلىشىدۇ. ئۇيغۇرچە ماتېرىياللاردا ئانچە چېلىقىپ كەتمىسىمۇ، ئىنگلىزچە ۋە خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن نۆۋەتتە چوڭ شەھەرلەردە ئىككى جىنسلىق ئادەملەرنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقى، تېخى بۇنى ئاز دەپ، جىنس ئۆزگەرتىش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇپ ئايالغا ئۆزگىرىۋاتقان ئاتالمىش «ساھىبجاماللار» نىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. روشەنكى، بۇ خىل كىشىلەردىكى سۆيگۈـ مۇھەببەتنى ئەلمىساقتىن بۇيان نورمال ئادەملەر ئارىسىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تەبىئىي سۆيگۈـ مۇھەببەت بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

«سۆيگۈسىزلىك كېسىلى» نىڭ تېخىمۇ مۇھىم بولغان يەنە بىر تەبىرى روھىي ئامىللار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىغاندا، ئىنسانىي ئىنسان قىلىپ تۇرىدىغان چىن سۆيگۈـ مۇھەببەتنىڭ

يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى پايدا ـ مەنپەئەت، گۇمان، ئىشەنمەسلىك ۋە باشقا ئەخلاقسىزلىقلارنىڭ ئىگىللىشى، «ساغلام ئادەم» دېگىلى بولمايدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنى پەيدا قىلدى. ئاشۇ خىلدىكى كىشىلەر «سۆيگۈسىزلىك كېسىلى» گە گىرىپتار بولغان بايقۇشلار بولۇپ، كۆز ئالدىدا بىر ئادەم خەتەرگە يولۇقۇپ ئۆلۈم تەھدىتىگە ئۇچراۋاتسا قىلچە كارى بولمايدىغان؛ ئەل ـ ۋەتەننىڭ مەنپەئەتىدىن ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىدىغان؛ قان ـ قېرىنداشلىرىنى، ھەتتا ئۆزىنى مېھرى ـ مۇشەققەتتە بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆلتۈرۈشتىن يانمايدىغان ئاتالمىش «ئىنسان» لارنى كىممۇ ساغلام دېيەلىسۇن؟! ئۇلارنىڭ ئاشۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىشىدىكى تۈپكى سەۋەب دەل ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئىنسانىي سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ ئۆلگەنلىكىدە بولۇپ، ئۇلارنى ساغلام ئادەم دېگىلى بولمىغان ئىكەن، ئەلۋەتتە كېسەل ئادەم بولغان بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىك بۈگۈنكى دۇنيادا گويا يۇقۇملۇق كېسەلگە ئوخشاش ھەممىلا يەرگە يامراپ، بىز تىلغا ئالغان «كېسەللىك دەۋرى» نىڭ مەزمۇنلىرىنى تېخىمۇ بېيىتماقتا.

5. جەرىمانە دەۋرى. كارخانا ـ شىركەتلەردە، كان ـ زاۋۇتلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر كېچىكىپ قالسا ياكى مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ مەھسۇلات سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزسە، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققىنى مۇۋاپىق مىقداردا تۇتۇپ قېلىش، يەنى جەرىمانە قويۇش، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرگە ئۇيغۇن بولغان توغرا تەدبىر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى ئۇلار ياراتقان ئىقتىسادىي قىممەتكە قاراپ بەلگىلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كېچىكىپ قېلىشى ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىشى مۇقەررەر يوسۇندا ئىقتىسادىي قىممەتكە تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئەمما ئىدارە ـ جەمئىيەتلەردە ئىشلەيدىغان دۆلەت مەمۇرلىرى، مەكتەپ، دوختۇرخانا قاتارلىق كەسپىي ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان كەسپىي خادىملار، جىنىنى ئالقانغا ئېلىپ ... ئاران باقىدىغان خۇسۇسىي تىجارەتچىلەر ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلالمايۋاتقان دېھقانلاردىن خالىغانچە ھەسسىلەپ جەرىمانە ئېلىش ـــ نۆۋەتتە بىزنىڭ ھەقىقەتەن «جەرىمانە دەۋرى» دە تۇرۇۋاتقانلىقىمىزدىن دېرەك بېرىپ تۇرۇپتۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، يۇقىرىقى قۇرلاردىن ھەرگىزمۇ «جەرىمانىنى كان ـ كارخانا، زاۋۇت ـ شىركەتلەردە ئىشلەيدىغانلاردىن ئېلىش، ئىدارە ـ جەمئىيەتتىكى دۆلەت مەمۇرلىرى ۋە باشقا كەسپىي ئورگانلاردا ئىشلەيدىغانلاردىن جەرىمانە ئالماسلىق» دەيدىغان مەنە چىقمايدۇ. دېمەكچىمەنكى، جەرىمانە دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن ـ نىزاملىرى بويىچە ئېلىنىشى، قانۇنىي ئاساسى يوق ئەھۋال ئاستىدا ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ خالىغانچە جەرىمانە ئېلىپ، قانۇننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىدىغان، جۈملىدىن جەرىمانە ئېلىش ھوقۇقى يوق ئورگان ۋە شەخسلەرنىڭمۇ ھە دېسىلا جەرىمانە ئېلىپ، پۇقرالارنى خالىغانچە قاقتى ـ سوقتى قىلىدىغان قىلمىشلارغا چەك قويۇلۇشى كېرەك.

2008 ـ يىلى كۈزدە، يېقىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەلۇم بىر ناھىيەنىڭ ئۆلكە يولىدا كېتىۋېتىپ، يول بويىدا كەنت كادىرلىرىنىڭ ئاتالمىش «ئىش ئۈستى نەق مەيدان يىغىنى» ئېچىۋاتقانلىقىنى كۆردى. يىغىن يول بويىدىكى كۈزگى بۇغداي تېرىلغان ئېتىزلىقتا ئېچىلىۋاتقان بولۇپ، تۇرقىدىن كەنت كادىرلىقى چىقىپ تۇرغان بىر ئادەم قىردا ئولتۇرغان بىر توپ دېھقانغا چىڭقىلىپ سۆزلەۋاتاتتى:

ـــ يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇسىنىڭ سۈپىتىگە چوقۇم كاپالەتلىك قىلىش تۇرسا، مانا ھەممىڭلار كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، X خاننىڭ ئېتىزلىقىغا تىراكتورنىڭ چاقىنىڭ ئىزى چىقىپ قاپتۇ. شۇڭا 200 كوي جەرىمانە قويساق، «پۇل يوق» دەۋاتىدۇ. پۇل يوق دەپ كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇسىنىڭ سۈپىتىگە دەخلى يەتكۈزسەك يۇقىرىدىن باھالاپ سېلىشتۇرۇشقا كەلگەندە نېمە دەيمىز. شۇڭا قوي ساتامدۇ، قەرز ئالامدۇ، قانداق قىلسا قىلسۇن جەرىمانىنى چوقۇم نەقلەشتۈرۈشنى بۇيرۇغان ئىدۇق. ئۇ ھازىر مەھەللىگە پۇل تېپىپ كەلگىلى كەتتى. قالغانلارغىمۇ ئىبرەت بولسۇن، كىمنىڭ ئېتىزىغا تىراكتور چاقىنىڭ ئىزى چىقىپ قالسا، ياكى قىر ـ قاتلار تاناپقا كەلتۈرۈلۈپ تۈپتۈز سېلىنىپ، ئوت ـ چۆپلەر پاك ـ پاكىز ئادالانمىسا، بىزنى جەرىمانە ئالدى، دەپ رەنجىمەڭلار! ...

ھايال ئۆتمەي، ئورۇقلۇقىدىن يۈز سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان، قارىداپ كەتكەن چىرايى بىلەن ئاپپاق چېكە چاچلىرى روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغان 50 ياشلار چامىسىدىكى بىر مەزلۇم قىر بىلەن ئۇدۇللاپ كېلىپ، ھېلىقى كەنت كادىرىنىڭ قولىغا پۇرلىشىپ كەتكەن ئىككى يۈز كوي پۇلنى تۇتقۇزدى...

ئاشۇ مىنۇتلاردا كەمىنە مۇئەللىپنىڭ كاللىسىدا ئەكس ئەتكەن ھەققانىي سوئاللار ھېلىمۇ جاۋاب كۈتمەكتە: ئەجەبا تىراكتور بىلەن تېرىلغان ئېتىزلىقتا، تىراكتور چاقىنىڭ ئىزى قالماي، ئايروپىلان ياكى پويىز چاقىنىڭ ئىزى قېلىشى كېرەكمىدى؟ تىراكتور بىلەن تېرىلغان ئېتىزلىققا تىراكتور چاقىنىڭ ئىزى چىقىپ قاپتۇ، دەپ دېھقاندىن جەرىمانە

ئېلىش، بىچارە دېھقاننى ئوچۇق ـ ئاشكارا قاقتى ـ سوقتى قىلغانلىق بولماي نېمە؟...

يالغۇز بۇلا ئەمەس. ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنىڭ ھەربىر كونكرېت تۈرلىرىدە، ھەتتا كەنت كادىرلىرى ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا قىلىدىغان ئاتالمىش «يوقلىما» لارغا كېچىكىپ قالغاندا، بىچارە دېھقان ھامان جەرىمانە تۆلەشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەمما دېھقان ياۋاش، بىقۇۋۇل بولغىنى بىلەن روھي مەجرۇھلاردىن ئەمەس. دېھقان ئۆز بېشىغا كەلگەن ئەلەملەرنى ئاچچىق كىنايىلىق يۇمۇر قىلىپ تۈزۈپ، دەردىنى چىقىرىشنى بىلىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەلۇم بىر ناھىيەسىنىڭ مەلۇم كەنتىدە ئەمەلىيەتتىن ئۆتۈپ كەڭ تارقالغان تۆۋەندىكى يۇمۇرنى بۇنىڭ تىپىك مىسالى دېيىش مۇمكىن:

كەنت كادىرلىرى بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە كېلىپ:

ــ خالاجايىڭ ئۆلچەملىك بولماپتۇ، جەرىمانە تۆلە!ــ دېگەنىكەن. جەرىمانىنى تۆلەۋېرىپ جېنىدىن تويغان دېھقان دەپتۇ:

ــ ئۈچ ئاينىڭ ئالدىدا كېلىپ «ئېتىزلىقتىكى ئۇساڭ چالا بولۇپ قاپتۇ، جەرىمانە!» دەپ ئېلىشتىڭ؛ ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا «تېرىغان كېپىزىڭ ئالا بولۇپ قاپتۇ، جەرىمانە!» دەپ ئېلىشتىڭ؛ بىر ئاينىڭ ئالدىدا «موزىيىڭ چوڭىيىپ كالا بولۇپ قاپتۇ، جەرىمانە!» دەپ ئېلىشۋاتاتتىڭ، مانا ئەمدى «خالاجايىڭ تالادا بولۇپ قاپتۇ، جەرىمانە!» دەپ كېلىشىپسەن. تايىنلىق «ئوغلۇڭنىڭ بىرنېمىسى چوڭىيىپ... بولۇپ قاپتۇ، جەرىمانە!» دەپ ئېلىشمامسەن؟!

يېقىندا ئەسىرگە كىرىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، قالايمىقان جەرىمانە قويۇشنى چەكلەش ھەققىدە ئالاقىدار ئورگانلار ئۇقتۇرۇش ـ بەلگىلىمىلەرنى ئېلان قىلدى. ھەتتا قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ شۇ چاغدىكى باش ۋالىيسى كامىل ئابدۇللا، ۋىلايەت بويىچە چاقىرىلغان 3 دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا «كىمىكى دېھقاندىن جەرىمانە ئالىدىكەن، ئۇنىڭ قولىنى سۇندۇرۇۋېتىمەن!» دەپ جاكارلىدى. دېھقاندىن ئېلىنىۋاتقان جەرىمانىنىڭ پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى بولماستىن، بەلكى يەرلىك ئەمەلدارلار ئۆز ئالدىغا يۈرگۈزۈۋاتقان يەرلىك سىياسەت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن خەلق شائىرى روزى سايىتمۇ «تۆلىمەڭلار جەرىمانىنى!» دەپ شېئىر يېزىپ، جاراڭلىق خىتاب قىلدى. ئەمما قانۇن ساۋاتلىرىنى دېگەندەك چۈشىنىپ بولالمايدىغان ئاددىي پۇقرالارنىڭ ساددىلىقىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان يەرلىك ئەمەلدارلار، جەرىمانە ئېلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

6. رەسمىيەت دەۋرى. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ بىرنەچچە يىل ئىلگىرىكى سانىغا تەرجىمە قىلىپ بېسىلغان بىر فېلىيەتونىدا، كەلگۈسىدىكى كىشىلەرنىڭ دەۋرىمىزنى تەتقىق قىلىپ، «قەغەز قوراللار دەۋرى» دەپ نام بەرگەنلىكى قەيت قىلىنغان بولۇپ، بۇ يەردىكى مەسخىرىلىك مەنىدە ئېيتىلغان «قەغەز قوراللار دەۋرى» ئەمەلىيەتتە «رەسمىيەت دەۋرى» نى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، بۈگۈنكى كۈندە تۇغۇلۇپ نوپۇسقا ئېلىنىشتىن تارتىپ، تاكى ئۆلۈپ گۆرگە كىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق ئىشلار رەسمىيەت ئارقىلىق بېجىرىلىدۇ. ۋاھالەنكى، رەسمىيەتلەرنىڭ ھەممىسى قەغەزگە يېزىش ـ تىزىملاش ئارقىلىق پۈتىدۇ. قاراپ باقىدىغان بولساق، رەسمىيەتلەر بېجىرىلىدىغان مەمۇرىيەت ئورگانلىرىلا ئەمەس، ھەتتا ماددىي مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا تايىنىپ جان باقىدىغان كارخانا ـ شىركەتلەردىن تارتىپ، سودا ـ تىجارەت بىلەن جان باقىدىغان ئاشخانا، دۇكانغىچە قۇرۇق رەسمىيەتچىلىكنىڭ ئىپادىسى بولغان ھەرخىل قائىدە ـ تۈزۈملەر يېزىپ چاپلانغان قەغەزلەر بىلەن تولۇپ كەتكىنىنى؛ كوچا ـ كويلاردىكى كومپيۇتېرخانىلاردا ھەرخىل ئانكېت، كىملىك ۋە نوپۇس دەپتەرلىرىنى نەچچە نۇسخىدىن كۆپەيتىپ، قوللىرىغا پاتقۇزالماي چىقىپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغانلىقىنى؛ ئۆيىگە كىرىپ تارتمىلارنى ئاچساق، نوپۇس دەپتىرى، ئوقۇش پۈتكۈزۈش گۇۋاھنامىسى، ئۇنۋان كىنىشكىسى، داۋالىنىش، سوغۇرتا ۋە باشقا ھەرخىل كىنىشكىلەرنىڭ سىغماي قالغانلىقىنى؛ يانچۇقىمىزنى ئاختۇرساق، كىملىك، ئەزالىق كىنىشكىلىرىدىن باشقا، ھەتتا بىر بانكا تارقاتقان بىرنەچچە خىل كارتىنى كۆرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ قەغەزلەر بىلەن قورشالغان مۇستەھكەم رەسمىيەت تورى ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىمىزنى چوڭقۇر ھېس قىلماي قالمايمىز.

رەسمىيەت دەۋرى يالغۇز بىز ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈنمۇ ئورتاق ھادىسە بولۇپ، تەخىرسىز تەرەققىياتنىڭ تۈرتكىسىدە يېڭى ئىش، يېڭى شەيئىلەر كۆپلەپ مەيدانغا چىقىۋاتقان ۋە ئىش ھالقىلىرى ئۈزۈلۈكسىز ئىنچىكىلىشىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مۇۋاپىق قائىدە ـ تۈزۈملەر، جۈملىدىن رەسمىيەتلەر بولمىسا، ئىشلار قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ، ھەتتا باشباشتاقلىق، ھۆكۈمەتسىزلىك يامراپ، ئويلىمىغان ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىشىمۇ مۇمكىن. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، رەسمىيەتنى بۈگۈنكى مەدەنىي دۇنيانىڭ بىر بەلگىسى

www.uighurkitap.com

دېيىشكە بولىدۇ.

ئەمما، ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى تەرىپىدىن جەمئىيەتنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن تۈزۈلگەن زۆرۈر رەسمىيەتلەرنى كونكرېت بېجىرىشتە، بەزى ئورۇن ۋە ئايرىم شەخسلەرنىڭ سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن، خۇددى «دوپپىسىنى ئەكەل دېسە، كاللىسىنى كېسىپ كەپتۇ» دېگەندەك بولۇۋاتقان ئىشلار ئاز ئەمەس. قايسى ژۇرنالنىڭ قايسى يىللىق سانى ئېكەنلىكى ئېسىمدە قالمىغان بولسىمۇ، بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئوقۇغان بىر ماقالىدە ئېچكىرى ئۆلكىلەردىكى مەلۇم بىر شەھەردە بىر كادىر پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىسىدا ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، شۇ يېزىغا كەتكەن. دەسلەپتە ئۇنىڭ پېنسىيە مائاشى يېزىدىكى ئۆيىنىڭ ئادرېسى بويىچە ئايمۇ ئاي ئەۋەتىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، كېيىن پېنسىيونېرلارنىڭ مائاشىنى ئەۋەتىشتە، ساقچىخانىلارنىڭ ئىسپاتى بولۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىققاندىن كېيىن، ھېلىقى پېنسىيونېر نەچچە ئايغىچە مائاشىنى ئالالماي، ئاخىرى شەھەرگە ئۆزى كېلىشكە مەجبۇر بولغان. ئەمما ئۇنىڭ مائاشىنى ۋاكالىتەن تارقىتىدىغان بانكا: «ساقچىخانىنىڭ ئىسپاتىنى ئېلىپ كەلمەپسىز» دەپ مائاشىنى بېرىشكە ئۇنىمىغان. پېنسىيونېر، ساقچىخانا مەسئۇلى نەچچە ئايلىق كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەچكە، ئىسپات خەتكە تامغا باستۇرالمىغانلىقىنى، شۇڭا ئۆزىنىڭ كىملىك ۋە نوپۇس دەپتەرلىرىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتسىمۇ، لېكىن بانكا تەرەپ: «پېنسىيەگە چىققانلار ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، تۇغقانلىرى ئۇنىڭ مائاشىنى ئېلىپ خەجلەۋېرىدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا سىزنىڭ ئۆلۈپ كەتمىگەنلىكىڭىز ھەققىدە ساقچىخانىنىڭ ئىسپاتى بولمىسا، مائاشىڭىزنى بېرەلمەيمىز» دېگەن. پېنسىيونېر «مەن ئۆلگەن بولسام، بۇ يەرگە كېلەلمىگەن بولاتتىم. ئالدىڭلارغا كېلىپ گەپ قىلىۋاتقىنىمنىڭ ئۆزى، مېنىڭ تېخى ئۆلمىگەنلىكىمنىڭ ئىسپاتى ئەمەسمۇ؟ كىملىكتىكى رەسىم بىلەن مېنىڭ تۇرقۇمنى سېلىشتۇرۇپ باقساڭلارلا ئىش پۈتمەمدۇ؟!» دېسىمۇ، بانكا تەرەپ: «رەسمىيەت بويىچە ئىش قىلمىساق بولمايدۇ، ساقچىخانىنىڭ ئىسپاتى بولمىسا، مائاشىڭىزنى بېرەلمەيمىز» دەپ يەنىلا رەت قىلغان. مانا بۇ بىز دۇچ كەلگەن بۈگۈنكى رەسمىيەت دەۋرىنىڭ ئەڭ يارقىن كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بىرى.

مەنتىق جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىر ئادەمنىڭ ئۆلمىگەنلىكىگە ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئارتۇق ئىسپات بولمايدۇ. يەنى بىر ئادەمنىڭ نەپسى تېخى توختىمىغان، يۈرىكى سوقۇۋاتقان بولسا، ئۇ ئۆرە تۇرالمايدىغان ھوشسىز ھالەتتە بولغان تەقدىردىمۇ ھايات ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۆزىنىڭ نوپۇس دەپتىرى ۋە كىملىكىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزى مېڭىپ كەلگەن ئادەمنىڭ ھاياتلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يەنە ساقچىخانىنىڭ ئىسپاتىنى تەلەپ قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ ساقچىخانىنىڭ ئىسپاتى ۋاستىلىق ئىسپات بولۇپ، ناۋادا ئىسپات يېزىپ تامغا باسقۇچى بىر نەپسانىيەتچى بولسا، ئۇنىڭغا ئاز-تولا پارا بېرىلسىلا، ئۆلگەن ئادەمنىمۇ ھايات دەپ ئىسپات يېزىپ بېرىشى تامامەن مۇمكىن. بۇ يەردە ئىككى خىل ئىسپات بولۇپ، بىرى قىلچە مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان، مەنتىقە يۈزدە-يۈز ئۇيغۇن بولغان بىۋاستە ئىسپات. يەنە بىرى ۋاستىلىق سۈنئىي ئىسپات. ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بىز دۇچ كەلگەن بۈگۈنكى رەسمىيەت دەۋرىدە، تەبىئىي بولغان بىۋاستە ئىسپات ئېتىراپ قىلىنماي، ۋاستىلىق سۈنئىي ئىسپات تەلەپ قىلىنىدىغان بولدى.

بىز دۇچ كەلگەن رەسمىيەت دەۋرىنىڭ مىساللىرى بىر نەچچە ئېغىز سۆز بىلەن تۈگىمەيدۇ. باشتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بىر بوۋاق تۇغۇلۇپ نوپۇسقا تىزىملانغاندىن باشلاپ، تاكى ئۆلۈپ گۆرگە كىرگىچە بولغان ئارىلىقتا قېچىپمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان سان-ساناقسىز رەسمىيەتلەرنىڭ ئىسكەنجىسى ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر بولغاچقا، قالغان تەپسىلاتلارنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆز ئەمەلىي كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىپ يېتەلىشىدە گەپ يوق.

7. قەرز دەۋرى. ئىجتىمائىي ھاياتتا ھەرخىل ئىقتىسادىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، باشقىلاردىن پۇل قەرز ئېلىپ، كېيىن قايتۇرۇپ بېرىش، ئەلمىساقتىن بۇيان بار ئىش. ئەمما ئاپتونوم رايونىمىزدەك كەڭ تېررىتورىيەگە ئىگە بىر زېمىندا ياشايدىغان ئىجتىمائىي توپنىڭ، مەيلى دېھقان ياكى دۆلەتنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ قەرزدار ھالەتتە ياشىشىنى، شۇ زېمىندىكى كىشىلەر ئۈچۈن «قەرز دەۋرى» دەپ ئاتاش ئارتۇق كەتمىسە كېرەك.

بىز دۇچ كەلگەن دەۋرلەرگە «قەرز دەۋرى» نىڭ قوشۇلۇشىدىكى يەنە بىر ئوبيېكتىپ سەۋەب شۇكى، دېھقانلىرىمىز يەر تېرىپ جان بېقىش ئۈچۈن قەرز بولسا، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ۋە كەسپىي خىزمەتچىلىرى ئۆي سېتىۋېلىش ئۈچۈن بانكىلارغا قەرزدار بولۇشتى. ئەسلەپ باقىدىغان بولساق، تېخى 15 يىلنىڭ ئالدىدا دۆلەت

www.uyghurkitap.com

ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى دۆلەت بىر تۇتاش سالدۇرغان ئۆيلەردە ھەقسىز دېگۈدەك ئولتۇراتتى. گەرچە يىلدا ياكى ھەر پەسىلدە ئۆي ئىجارىسىنى مائاشتىن تۇتۇۋالسىمۇ، لېكىن بىر ئۆينىڭ ئايلىق ئىجارىسى ئاران نەچچە مو بولۇپ، تىلغا ئېلىپ ئولتۇرغۇچىلىكمۇ يوق ئىدى. لېكىن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا يۈز بەرگەن «ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسى» نىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆي ئىسلاھاتى يولغا قويۇلۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئەرزان ئىجارىلىق ئۆيلىرى ئومۇميۈزلۈك بىكار قىلىنىپ، ئۆيلەر خۇسۇسىيلاشتۇرۇشقا يۈزلەندۈرۈلدى. نەتىجىدە بىر ئايدا ئائىلە بويىچە ئاران نەچچە مىڭ كوي مائاش ئالىدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ نەچچە يۈزمىڭ كوي قىممىتىدىكى تاۋار ئۆيلەرنى سېتىۋېلىشقا قۇربى يەتمىگەنلىكتىن، مائاش كارتىلىرىنى بانكىلارغا رەنىگە قويۇپ قەرز ئېلىپ ئۆي سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ، پەقەت دېھقانلارلا ئەمەس، بەلكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭمۇ مۇتلەق كۆپ قىسمى بانكىلارغا قەرزدار بولۇپ قالدى.

شەرق بىلەن غەربنىڭ تەپەككۇر ئەندىزىسى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى قەرزگە بولغان كۆز قارىشىنى مىسال ئالساق، شەرقنىڭ تەپەككۇر ئەندىزىسى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە، قەرزدار بولۇشتىن قورقۇش، ئىمكان بار قەرز ئالماسلىق، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئۆمۈر بويى تېجەشلىك بولۇپ پۇل يىغىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا سەرپ قىلىش ياكى ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىغا مىراس قالدۇرۇش پسىخىكىسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. غەربنىڭ پسىخىكىسى ئەكسىچە بولۇپ، ئىمكانىيەت بولسىلا قەرز ئېلىپ، چەكلىك ۋە قىممەتلىك ھاياتنى باي ـ باياشاتلىق ئىچىدە خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈش، ئالدىنقى ئۆمرىدە ئىقتىسادىي ئاساسنى پۇختىلاپ، كېيىنكى ئۆمرىدە قەرز تۆلەش پسىخىكىسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. بۇ خۇددى «ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ئەلا» دېگەندەكلا بىر گەپ بولۇپ، بۈگۈنكى جەمئىيەتتە ئەتىكى نېسى «قۇيرۇق» نى كۈتۈۋېرىپ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەن كىشىلەر، ئاخىرى «ئۆپكە» بولسىمۇ نەقنى تاللاشقا يۈزلەندى. نەتىجىدە قەرزدار بولۇشتىن قورقۇش پسىخىكىسى ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلىشىپ، ئىمكانىيەت بولسىلا قەرز ئالىدىغانلار ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. ھەتتا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە «باي»، «زەردار» دەپ قارالغان كىشىلەرمۇ ئىمكانىيەت تاپسىلا بانكىلاردىن كۆپلەپ قەرز ئالدى. بۇ خىل روھىي ھالەت بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ «قەرز دەۋرى» گە كىرىشىنى مەلۇم مەنىۋى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن قەرز دەۋرى بىزگە كەڭ «قۇچاق ئاچتى».

8. مودا دەۋرى. «مودا دەۋرى» دېگەن بۇ ئۇقۇمنى بىزگە دەسلەپ دۇنياغا داڭلىق كىنو پېشۋاسى چارلىز چاپلىننىڭ شۇ ناملىق مەشھۇر كومېدىيەلىك فىلمى ئارقىلىق كىرىپ كەلگەن دېسەك خاتا بولماس.

مودا ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان مەڭگۈلۈك تېمىلارنىڭ بىرى بولسىمۇ، لېكىن بىر زامان، بىر ماكان ئۈچۈن مودا بولغان نەرسىلەرنىڭ، ئىككىنچى بىر زامان ياكى ماكان ئۈچۈنمۇ مودا بولالىشى ناتايىن. خۇددى ئەينى چاغدا دۇنيا ئۈچۈن ئاساسلىق مودا بولغان سانائەتلىشىشمۇ، كېيىنكى تارىخىي تەرەققىياتلار داۋامىدا باشقا مەزمۇندىكى يېڭى مودىلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولغىنىغا ئوخشاش، بىز دۇچ كەلگەن «مودا دەۋرى» مۇ تۈرلۈك تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچلىرىنىڭ كونكرېت تەسىرى ئاستىدا ئۈزلۈكسىز تۈردە مەزمۇن ۋە شەكىل ئۆزگەرتىپ بۈگۈنكى ھالەتكە يەتكەن.

بۈگۈن بىز دۇچ كەلگەن «مودا دەۋرى» نىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ئالدىنقى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن كۆپ موللاشقانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلالايمىز. كىيىم ـ كېچەك جەھەتتىن ئېيتقاندا، پادىچىلار شىمى ۋە پەش ـ ئېتەكلىرى سۆرىلىپ تۇرىدىغان غەربچە توي كۆڭلەكلىرىنىڭ خېلى يىللاردىن بۇيان مودا بولۇۋاتقىنى ئاز كېلىپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىندىكى يېپىلمايدىغان قىسقا كۆپتىلار بىلەن زوكزىيىپ ئولتۇرسا كاسىسىنىڭ ئېرىقچىسى مانا مەن دەپ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قىسقا ئاغلىق شىملار شەھەر قىزلىرى ئارىسىدا مودا بولۇشقا باشلىدى. چاچنى بىرنەچچە خىل رەڭدە بوياپ ئالا ـ بۇلماچ قىلىۋېلىش، بىنالاردا ئىت بېقىش، مۇراسىم مەستانىلىقى... قاتارلىقلار نۆۋەتتە شەھەرلەردە مودا بولۇۋاتقان بولسا، يېزىلاردا بىنا ئۆي قىزغىنلىقى ... قاتارلىقلار مودا بولماقتا.

مودا بىرخىل رىتىمدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان تۇرمۇشتىكى بۇرۇقتۇرمىلىقلار نىسبەتەن يېڭىچە تۇيغۇ بەخش ئېتىپ، مودا قوغلاشقۇچىلارغا ئازدۇر ـ كۆپتۇر مەنىۋى خوشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. رىقابەت بىلەن تولغان رەھىمسىز تۇرمۇشتىن خۇشاللىق تاپالمىغانلار، مودا بولۇۋاتقان يېڭى نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنى باشقىلار تېخى ئېرىشەلمىگەن نەرسىلەرگە ئېرىشكۈچى ھېسابلاپ، مەمنۇنىيەت تۇيغۇسىغا چۆمۈلىدۇ. كاتېگورىيە جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ مودا مەڭگۈ يېڭىلىق كاتېگورىيەسىگە

مەنسۇپ بولۇپ، يېڭى نەرسىلەر مەيلى ئىجابىي، مەيلى سەلبىي مەنىلەردە ئىگە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، قىزىقتۇرۇش، جەلپ قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مودا قوغلاشقۇچىلاردا ئۆزىنى ئادەتتىكى ئاۋامدىن يۇقىرى تۇرىدىغان ئالاھىدە بىر تەبىقە دەپ قارايدىغان روھىي ھالەت بولىدۇ. شۇڭا «مەلۇم بىرخىل مودا ئورنى تۆۋەن ئادەملەر ئارىسىدىمۇ ئومۇملىشىپ كەتكەندە، يۇقىرى مەرتىۋىلىكلەر ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئىجتىمائىي ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ۋە داۋاملىق نامايان قىلىش مەقسىتىدە دىققىتىنى باشقا خىل مودىغا ئاغدۇرىدۇ.» [1]

گېزى كېلىپ قالغاچقا، بۇ يەرگە مايمۇن بىلەن مايمۇن ئويناتقۇچى ھەققىدىكى بىر ھېكايىنى قىستۇرۇپ ئۆتسەك ئارتۇقلۇق قىلماس:

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەڭ دەسلەپكى مايمۇن ئويناتقۇچىلار قوغلاش، سالما تاشلاش قاتارلىق كۆپلىگەن چارە- ئاماللارنى ئىشلىتىپمۇ مايمۇنلارنى تۇتالمىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئاجىزلىق نۇقتىسىنى تېپىپ ئاندىن تۇتۇش ئۈچۈن، سەۋرچانلىق بىلەن كۆزىتىپتۇ ۋە ئاخىرى مايمۇنلارنىڭ تەبىئىتىدە دورامچىلىقتىن ئىبارەت بىر ئاجىزلىقنىڭ بارلىقىنى بايقاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مايمۇن تۇتقۇچىلار ئەينەك، تاغاق، كۈچلۈك يېلىم قاتارلىق نەرسىلەرنى تەييارلاپ ئورمانلىققا كېلىپ، ئەينەككە قاراپ ئولتۇرۇپ چاچ تاراپ، يۈز- كۆزلىرىگە يېلىم چېپىپتۇ. ئاندىن نەرسە- كېرەكلىرىنى قەستەن قالدۇرۇپ قويۇپ، يوشۇرۇنۇپ مايمۇنلارنى كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. مايمۇنلار كېلىپ ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى دوراپ، يۈز- كۆزلىرىگە يېلىم چېپىشىپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، كۈچلۈك يېلىم مايمۇنلارنىڭ كۆزلىرىنى يەملەپ قاتۇرۇۋېتىپتۇ. مايمۇنلار يېلىملەرنى ئاجرىتالماي ئاۋارە بولۇۋاتقاندا، مايمۇن تۇتقۇچىلار يوشۇرۇنۇپ تۇرغان جايلىرىدىن چىقىپ، مايمۇنلارنى ئاسانلا تۇتۇۋاپتۇ ۋە تاغارلارغا سولاپ ئېلىپ كېتىپ كۆندۈرۈشكە باشلاپتۇ ...

بۇ بىر مىسال خاراكتېرلىك ھېكايە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا دورامچىلىقنىڭ ماھىيىتى ئىنتايىن ياخشى ئېچىپ بېرىلگەن. گەرچە ئىنسانلار ئۆز ئۆمرىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى دوراش ئارقىلىق ئۆگەنسىمۇ، لېكىن دورامچىلىق پەقەت ئەقلى يېتىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان باللارغىلا يارىشىدۇ. چۈنكى دوراش ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ئاددىي، ئەڭ ئىپتىدائىي ئۇسۇلى بولۇپ، تېخى ئەقلى تولۇق يېتىلىپ بولالمىغان باللارنىڭ چوڭلارنىڭ گەپ- سۆز، ئىش- ھەرىكەتلىرىنى دورىشى، تەبىئىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ئېھتىياجىدىن بولسا، ئەقلى يېتىلىپ بولغان چوڭلارنىڭمۇ دورامچىلىق قىلىشى، كىشىگە ئالدىنقى قۇرلاردا تىلغا ئېلىنغان مايمۇنلارنىڭ «يېلىم چېپىش پاجىئەسى»نى ئىختىيارسىز ئەسلىتىدۇ. فرانسىيە مۇتەپەككۇرى، جەمئىيەتشۇناس بوردىللياردىنىڭ: «مودا... كىشلەرنى ئەڭ غەلىتە، ئەڭ بىمەنە نەرسىلەرنىڭ ئالاھىدە، ئۆزگىچە بولىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرىدۇ. بۇ ھال ئەقلىيلىكتىنمۇ غالىب كەلگەن ئەقىلسىزلىك لوگىكىسى بويىچە بىمەنىلىكنى ئومۇملاشتۇرۇپ كىشىلەرگە تاڭىدۇ» دېگەن سۆزىدىنمۇ يۇقىرىقى مەنە ئېنىق چىقىپ تۇرۇپتۇ.

نۆۋەتتە شەھەر ياشلىرى ئارىسىدا مودا بولۇۋاتقان ئالا- بۇلىماچ چاچ قويۇش، كىندىكى يېپىلمايدىغان قىسقا كوپتا ۋە كاسىسىنىڭ ئېرىقچىسى بىلىنىپ تۇرىدىغان قىسقا ئاغلىق شىم كىيىشلەرنىڭ ھەممىسى تەرەققىياتتا چەككە يېتىپ، قىلغىلى قىلىق تاپالمىغان؛ كىشىلىك ھاياتنى مەنىسىز ھېس قىلىپ، قانداقتۇر باشقىچە يېڭى مەنە ئىزدەش ھالەكچىلىكىدە قالغان؛ ھەتتا ئەلمىساقتىن تەبىئىي قانۇنىيەتلەر بويىچە نورمال داۋاملىشىپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇپ كۆپىيىپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كېلىشىگە ھەم ماددىي ھەم مەنىۋى تۈۋرۈك بولۇۋاتقان ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇقەددەس مۇھەببەتكە جەڭ ئېلان قىلىپ، «ھەمجىنسلار موھەببىتى» گە مەپتۇن بولۇۋاتقان غەرب ياشلىرىنى دوراشنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكى ھېچكىمگە سىر ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چاچنى بىرنەچچە خىل رەڭگە ئۆزگەرتىدىغان بوياقلارنىڭ تەركىبىدە زىيانلىق خىمىيەلىك ماددىلارنىڭ بارلىقى، ھەتتا تېرە راكى پەيدا قىلىدىغانلىقى، قىسقا كوپتا ۋە قىسقا شىملارنىڭ قارشى تەرەپتە جىنسىي ھەۋەس قوزغاش ئۈچۈن لايىھەلەنگەنلىكى قاتارلىقلارمۇ ھېچكىمگە سىر ئەمەس.

توغرا، مودا قوغلىشىش قانۇنغا خىلاپ قىلمىش بولمىغاچقا، چاچنى قانداق بوياش، قانداق كىيىملەرنى كىيىش، قاندىقنى كىيمەسلىك، ئەلۋەتتە شەخسلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىدىكى ئىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرنەچچە يىل چاچ بويىغانغا زەھەرلىنىپ ئۆلگەن ئادەم يوق. كىندىكنى ياپالمايدىغان قىسقا كوپتا ۋە كاسىسىنىڭ ئېرىقچىسى بىلىنىپ تۇرىدىغان قىسقا شىم كىيگەن قىزلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنىڭ جىنسىي ھەۋەس قوزغاش ئىستىكى بارلىقىمۇ ناتايىن. ئەمما چاچ بويىقىنىڭ زەھەرلىك ئىكەنلىكى، كىندىك ۋە كاسىسىنىڭ ئوچۇق قويۇلۇشى، بىزنىڭ

ئەقەللىي ئەدەپ ـ ئەخلاقىمىزغا يات ئىكەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت. شۇنداق تۇرۇقلۇق، مودا قوغلىشىدىغان ياشلىرىمىز نېمە ئۈچۈن بۇ پاكىتلارغا پەرۋا قىلمايدۇ؟ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشى پال ـ پال بولغىنى بىلەن ئىچكى دۇنياسى، مەنىۋىيىتى قۇپقۇرۇق. بۇ ھال كىشىگە مەرھۇم ئالىمىمىز ئابدۇشۇكۇر موھەممەتئىمىننىڭ بىر رۇبائىيسىدىكى «قەلبىدە زىننىتى يوقلار ئۈستىگە زىننەت تاقار، كۆزىدە ئىدراكى يوقلار ئۇشبۇ زىننەتكە باقار.» دېگەن قۇرلارنى ئەسلىتىدۇ. روشەنكى، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «قەلبىدىكى زىننەت» بىلىم ۋە ئاشۇ بىلىم ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەپەككۇرغا قارىتىلغان بولۇپ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تەپەككۇرغا مەنسۇپ بولغان ئوي ـ خىياللار ئادەمنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتىپ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ. ناۋادا بىر ئادەم ئىشلىتىشكە تېگىشلىك مېڭىسىنى ئىشلىتىپ ئويلانمىسا، تەپەككۇر قىلمىسا، ئۇ ھالدا ئۇ ئەقلىگە ئەمەس، كۆزىگە ئەگىشىشكە مەجبۇر بولىدۇ. كۆزىگە ئەگەشكەن ئادەم، قىلغان ئىشىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنىڭ ئەكسىچە كۆزىگە نېمە چىرايلىق كۆرۈنسە شۇنى دورايدۇ. توخۇنىڭ توزنى دورىشىنى جابىي دوراش دەپ ئاتىساق، ئەكسىچە تۈزنىڭ توخۇنى ورىشنى سەلبىي دوراش دېيىش مۇمكىن. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، نۆۋەتتە بىر قىسىم ياشلىرىمىز ئارىسىدا ئەۋج ئېلىۋاتقان مودا قوغلىشىشلار، گويا گۈزەل تۈزنىڭ سۇلتەك توخۇنى دورىشىغا ئوخشايدۇ. كۆز ئالدىمىزدا كۈندە دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدىغان رېئال كۆرۈنۈشلەرگە قاراپ باقىدىغان بولساق، مەيلى ئەتلەس، مەيلى چىكەن، ھەتتا ئەڭ ئاددىي چىت رەخت بولسىمۇ ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ يۈرگەن قىزلار خۇددى رەڭگا رەڭ پەيلىرى جۇلالىنىپ تۇرغان چىرايلىق تۈزلارغا ئوخشىسا، قىسقا ئاغلىق شىم كىيىپ، كۆڭلەكسىز يۈرگەن قىزلىرىمىز بەئەينى قۇيرۇقى يۇلدۇۋېتىلگەن سوكال توخۇغىلا ئوخشايدۇ. شۈبھىسىزكى، توخۇدىن يۈز ھەسسە چىرايلىق بولغان گۈزەل تۈزنىڭ ئاشۇ سۇلتەك توخۇنى دورىشى، ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەلمىساقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان شۇنداق بىر قانۇنىيەت باركى، ھەرقانداق شەيئى، ھەرقانداق بىر ھادىسىگە باھا بېرىشتە، مەلۇم بىر شەخسنىڭ رايى ئەمەس، بەلكى ئەل ـ ئاۋامنىڭ رايى ئۆلچەم قىلىنىدۇ؛ كۆزگە چىرايلىق كۆرۈنگىنى ئەمەس، بەلكى ئەقلىگە، مەنتىقە ئۇيغۇن بولغىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. ناۋادا بۇ قانۇنىيەت قايرىپ قويۇلىدىكەن، ئۇ ھالدا نىجاسەتمۇ ئۆزىنى ئالتۇن دەپ جاكارلاپ، ئېسىل قۇتىلاردىن ئورۇن ئالىدىغان ئىش كېلىپ چىقىدۇ.

مودا مەيلى تارىختا باشقا ئەللەر باشتىن كەچۈرگەن مودا بولسۇن، مەيلى بىز دۇچ كەلگەن مودا دەۋرىدىكىسى بولسۇن، دورامچىلىقتىن ئىبارەت ماھىيىتى ئۆزگەرمىگىنى بىلەن ئۇنىڭ تۈر ۋە شەكىللىرى ئۈزۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. مودا ئاخىرلاشمىغان ئىكەن، مودا دەۋرىمۇ مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ. خۇددى، نۆۋەتتە بىز دۇچ كەلگەن «دەۋر»لەرمۇ بىرى ئاخىرلاشسا يەنە بىرى باشلىنىپ، مەڭگۈ دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، بىلىم دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەنلەر يېڭى دەۋر يارىتىشنىڭ تىزگىنىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرسا، تېخى بىلىم دەۋرىگە كىرەلمىگەنلەر باشقىلار ياراتقان دەۋرلەرنىڭ ئىشتىراكچىلىرىغا، «خام ماتېرىيالى» غا، ھەتتا قۇربانلىقىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

تارىختا كۆپ دىن ئالماشتۇرغان، كۆپ خىل يېزىق قوللانغان، كۆپ خىل مەدەنىيەتلەر بىلەن ئۇچراشقىنىمىزغا ئوخشاش، نۆۋەتتىكى رېئاللىقىمىزدىمۇ يېقىندا توختىلىپ ئۆتۈلگەندەك بىرنەچچە خىل دەۋرنى بىرلا ۋاقىتتا تەڭ باشتىن ئۆتكۈزۈۋاتقان بولساقمۇ، ھەقىقىي مەنىدىكى بىلىم دەۋرىگە تېخى كىرەلمىدۇق. ۋاھالەنكى، بىلىم دەۋرىگە كىرمەي تۇرۇپ ھەقىقىي تەرەققىياتتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. گەرچە بۈگۈنكى دۇنيادا بىلىم دەۋرىگە كىرمىگەنلەرمۇ بەزى تەرەققىيات مېۋىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل بەھرىمەن بولغۇچىلار ئالدىنقى بەتلەردە تىلغا ئېلىنغان «ئىشتىراكچى» بولالايدۇكى، ھەرگىزمۇ تەرەققىيات مېۋىلىرىنىڭ ئىختىراچىلىرى بولالمايدۇ. ئەقەللىي ساۋات شۇكى، «ئىختىراچى» بولالىغانلار كۆڭلى قاچان قايسى خىل مېۋىنى تارتسا شۇنىڭغا بىمالال ئېرىشەلىسە، ئىشتىراكچى خېرىدار بولغانلار تەرەققىياتنىڭ كۆڭلى تارتقان مېۋىلىرىگە ئەمەس، بەلكى پەقەت «ئىختىراچىلار» نىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ بازارغا سېلىنغان ئېشىندى مېۋىلەرگىلا ئېرىشەلەيدۇ، خالاس.

---

ئىزاھ:

[1]،[2] «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2008 ـ يىلى 5 ـ سان، 19 ـ بەت

ئاپتور: مەكىت ناھىيەلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى قوغداش ئورنىنىڭ پېنسىيونېرى.

www.uyghurkitap.com



شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «مەدەنىيەت بوستانى» پىروگراممىسىنىڭ
تۈەپىكار رىياسەتچىسى ئابلەت ئابدۇرېھىم ئەپەندى



...
قەبرىسىز قالدى دېمەك، يۇلغۇن قىزارغان دالىدا،
گۈل ـ چېچەككە پۈركىنۈر تاڭنا باھاردا قەبرىمىز.
...

ــ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «ئىز» ناملىق شېئىرىدىن

ئابلىكىم ئەمەت فوتوسى

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2011 ـ يىل 2 ـ سان (ئومۇمىي 308 ـ سان )
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008—6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65—1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى مەدەنىيەت يولى 28 ـ نومۇر بەيچۇەن سارىيى 10 ـ قەۋەت
پوچتا نومۇرى: 830011 تېلېفون نومۇرى: (0991)2856942
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 — 58 باھاسى: 6 يۈەن

《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008—6498
国内统一刊号：CN65—1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路 16 号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　址：乌鲁木齐市文化路28号百川大厦10楼
邮　编：830011 电话：（0991）2856942
印　刷：《新疆日报》印务中心
发　行：乌鲁木齐市邮局
订　阅：全国各地邮局

邮发代号：58—22 定价：6元